# بۇلاق



1981 2

AltunOq

# بۇلاق

(ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنىڭ مەجمۇئەسى)

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1981 - يىل، ئۈرۈمچى

تىتوللارنى ۋاڭ زىڭيۈەن، ۋاڭ جىنئەنلەر ئىشلىگەن
رەسىملەرنى ئەكبەر سىزغان


بۇلاق

(1981 - يىل 2 - سان)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1981 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى

1982 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M10098·524

باھاسى: 0.85 يۈەن

# مۇندەرىجە


ئىدىقۇت پادىشالىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇ-
نىلەر ........................................ 1

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: گېڭ شىمىن
تۇرسۇن ئايۇپ 1

«چاشتانى ئىلىك بەگ»تىن پارچە..............
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ماخمۇت زەيىدى 38

سەككاكى غەزەللىرىدىن تاللانما....................
- نەشرگە تەييارلىغۇچى: قۇربان بارات 58

مەشرەپ شېئىرلىرىدىن تاللانما....................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: غوجەخمەت يۇنۇس 104

مەھزۇن ۋە گۇلنىسا (داستان)...ئابدۇرېھىم نىزارى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن 152

چاكموزا يۇسۇپخان ..............................
.............. موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەر ئوسمان 263

«كوللىيات مەسنىۋى خاراباتى»دىن تاللانمىلار...
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېزىز ساۋۇت 280

ئىسمايىل ھاجى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى..............
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت چاۋار 307

«رەۋزەتىلزوھرا»دىن پارچە.......................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئىمىن سەيپۇللا** 314
ئۇيغۇر شائىرى سىيىت مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ
«شەرھى شىكەستە» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە.........
............ **ھەبىبۇللا ئىبنى ھېلىم ھاجى ئوغلى** 329
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار.......
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **پەتتارجان مۇھەممەدى** 341

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ تارد-
خى ھەققىدە.......................**ئەرشىدىن تاتلىق** 403
ئادىل پادىشا (چۆچەك)................................ 442
ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن................................ 462



# ئىدىقۇت پادىشالىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر



نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:

**گىڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ**

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:

ئىدىقۇت پادىشالىقى غەربىي-جەنۇبىي ئۇيغۇرلار مىلادى 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان هالدا قۇرغان دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ هاكىمىيەت هاياتى 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋام قىلغان. پادىشالىق ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرلەردە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى قارا شەهەر، كۇچارلارغا قەدەر كېڭەيگەن.

ئىدىقۇت پادىشالىقى دەۋرىدە شانلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. ئىدىقۇت شېئىرلىرى مانا شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ شېئىرلار جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت غەزنىسىدە نۇر چاقناپ تۇرىدىغان مىللىي مىراسلارنىڭ مۇهىم بىر تەركىبى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

ئىدىقۇت شېئىرلىرى سان جەهەتتىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ئىخلاس بىلەن رەتلەشكە توغرا كېلىدۇ. شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى

ئەينى زاماندىكى شائىرلار تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان ياكى رەتلەنگەن، بىر قىسمى بولسا باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ شېئىرلار ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلىپ، ئاياق قاپىيە ۋە بوغۇم تۇراقلىرى ئانچە ئېتىۋارغا ئېلىنمىغان. شېئىرلار يېزىلغان دەۋرى، تۇرلىرى ۋە ئۇسلۇبى يېقىندىن ئالغاندا ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تىلىنىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش ھەمدە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بەزى تەپسىلاتلارنى يورۇتۇشتا ئىشەنچلىك ئاساس بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

بىز خەلق مەدەنىيەت يادىگارلىقلىرىنى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش مەقسىتىدە، شۇنداقلا كەڭ ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى تەتقىقاتىدا پايدىلانسۇن ئۈچۈن، نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان چەتئەل ژورناللىرىدا ئېلان قىلىنغان ئىدىقۇت شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ، بۇ شېئىرلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرى تەرجىمىسىنى ئىشلەپ چىقتۇق.

## 1. دالا ناخشىسى

### شۇنداق ئورۇنلاردا

ئەسلىسى:

1. ئالقۇزۇ تۇرۇر قات ـ قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانياتاندا

ئارتۇچ سوگۈت (søgüt) ئالتىنتا
ئاقار سۇۋلۇقتا
ئامرانچىغىن ئۇچداچى قۇشقىئالار
تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا
ئاتقاغىسىزىن مەنگى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

تەرجىمىسى:

قاتار كەتكەن قات ـ قات تاغدا،
تىنىچ راھەت ئارانىياتاندا①
قارىغاي، ئارچا ئالدىدا،
(شاقىراپ) ئاققان سۇ بويىدا،
شاتلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار،
يىغىلىدىغان قورۇقلۇقتا،
غەم ـ ئەندىشىسىز (كىشىنى) شاتلاندۇرىدىغان
شۇنداق ئورۇنلاردا؛

ئەسلىسى:

2. ئىچ تەرىڭ قات بۇك تاغدا
ئىركەكى سوكى (søki) ئارانىياتاندا
ئىدىزتىكىن قايالىق باسقۇقلۇغ ئەرىپ
ئىدىز تىكىسىزدە
ئىمىرت چوغۇرت سوگۈت (søgüt) ئاراسىنتا

① ئارانىياتان ـــ سانسكرىت تىلىدىن كىرگەن سوز بولۇپ، ئورمان دىگەن مەنىدە.

ئىچكە ـ كىشە سۈۋ قىدىغىندا
ئەلنمەكسزىن ديان ئولۇرغۇلۇغ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

تەرجىمىسى:

كەتكەن قات ـ قات بۇك تاغدا،
قەدىمىي ئارانياتاندا،
ئىگىز، تىك قىيا ئاستىدا،
(ھەممە يېرى) جىمجىتلىقتا چوككەن،
ئىرماش ـ چىرماش ئورمانلىقتا،
يىڭىچكە سۇ قىرىدا،
تىنچ، خاتىرجەم ئولتۇراقلىشىشقا لايىق
ئاشۇنداق ئورۇنلاردا؛

ئەسلىسى:

3. سەلىك بۇلۇك تەرىك تاغدا
سەۋىگىلىگ ئارانياتاندا
سەۋرەلىت ئاقار سۇۋلۇغ ئەرسە
سەپ سەم ئاغلاقتا
سەكىز تۇرلۇگ يىئىللەر ئۈزە تەپرەمەدىن
سەرىلىپ ئانتا
سەرە يالگۇزىن نوم مەڭسىن تەگىنگۇلۇگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

تەرجىمىسى:

يىراق جىلغا، ئىچكىرى تاغدا،
سۇيۇملۇك ئارانياتاندا،

زۇمرەت سۇلۇق ئارىسىدا،
جىم-جىت بوز يەردە،
ھەر قانداق شامال تەگمەيدىغان
(ئۇ) سۇرلۇك جايدا،
تەنھا ئولتۇرۇپ پەيزى سۇرىدىغان
شۇنداق ئورۇنلاردا؛

4 . ئەسلىسى:

كوكەرىپ تۇرۇر كوركلۇگ تاغدا
كوڭۇل (kəngül) ياراشى ئاغلاق ئورۇنتا
كوپ (kəp) يىگى تەلىم سۇگۇتلۇگ ئەرىپ
كوپىرىپ تۇرۇر كولمەن (kəlmən) سۇۋلۇقتا
كوز (kəz) باشلاپ قاچىغلارىن يىغىنىپ
كوزۇنىش بىلىنمىشچە ئورۇنلارتا
كۇسەنچىگىسىزىن مەڭى تەگىنگۇلۇگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

تەرجىمىسى:

دائىم كوكىرىپ تورىدىغان كوركەم تاغدا،
كوڭۇلنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان جايدا،
بوك-باراقسان ئورمانلىقتا،
سۇيى ئوركەشلەپ ئاقىدىغان جىلغىلىقتا،
ئالتە ئوغرىنىڭ① تەھدىدىدىن خالى،
(ھەممە يېرى) بىلەن پىششىق تونۇش،

① ئالتە ئوغرى — بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، ئادەمنىڭ 6 سەزگۇ ئەزاسى، كوز—قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن، تەپەككۇرنى كورسىتىدۇ.



AltunOq

غەمسىز، كوكۈلمۈك
شۇنداق ئورۇنلاردا؛

بۇ شېئىر پارچىسى ھازىر ئەنگلىيەدىكى ئۇلۇغ برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، ستەيىن دۇڭخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان قەدىمقى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى. نومۇرى ئور.(or) 8212 (108)، 1-بەت.

## 2. مەدھىيىدىن پارچە①

1. ئەسلىسى:

كوك (kök) بورىتەگ سىنى بىرلە يورىيىن
قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈزە قالايىن •
ئىگكە كومۈرى
بىلەگۈ كە يارىتەگ بولايىن

تەرجىمىسى:

كوك بورىدەك② سەن بىللە ماڭاي،
قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي،

---

① بۇ مەدھىيە پارچىسى مانى يېزىقىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بېشىنىڭ ئېيتقىنىدەك مانى دىنىغا دائىر شېئىر ئەمەس.

② كوك بورە تۈركى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى دىگەنگە دائىر ئەپسانىلار ئېلىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدا خاتىرىلەنگەن. قەدىمقى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە» دىكى كوك بورىنىڭ يول باشلىشىغا دائىر ۋەقەلىككە سېلىشتۇرۇڭ.

ئاغرىقتا داۋا كومۇردەك (؟)
بىلەيگە سۇرمە بولاي.

2. ئەسلىسى:

ئەركلىگە ئۇلۇغ ئىلگىمىز ئەرۇرسىز
ئالتۇنچا تومىش
توملۇنچا تومىش
قۇتلۇغ بىلگە بەگۇمۇز ئەرۇرسىز

تەرجىمىسى:

سىز بىزنىڭ قۇدرەتلىك پادىشايىمىز،
سىز ئالتۇندەك پاكىز،
مەرۋايىتتىن ساپ،
قۇتلۇق دانا بېگىمىز سىز.

3. ئەسلىسى:

يمە قالىن قارا بودۇنۇڭۇزنى
كىڭ قويۇڭۇزدا
ئۇزۇن ئەتەكىڭدە
كۈيۇ كۈزەدۇ تۇتۇپ ئاچىنۇ ئىگدۇرسىز

تەرجىمىسى:

سىز بارلىق پۇقرالىرىڭىزنى،
كەڭ قوينىڭىزدا

ئۇزۇن ئېتىڭىزدە،
مېھرىۋانلىق بىلەن باقتىڭىز.

(بېيىتنىڭ «تۈركلەرنىڭ مانى دىنىغا دائىر بىر شېئىرى» دىن ئېلىندى. تۈركىيىدىكى «تۈركولوگىيە تەتقىقاتى يىللىغى» دېگەن ژورنالنىڭ 1968 ـ يىللىق سانىنىڭ 39 ـ 44 ـ بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان.)

## 3. مەرسىيە①

1. ئەسلىسى:

نەئادا ئەردى ئاتايىن
كوركلەكىمە ئۆگۈكۈم (ɵgüküm)
ئۆلمەك (ɵlmək) ئەمگەكى نەچۈكىن
ئۆڭرە (ɵngrə) كەلىپ ئەرتتۈردى

تەرجىمىسى:

ئوغلۇم، بۇ نىمە بالا
چىرايلىقىنە قوزام،
نىمە ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ زۇلمى
ئالدى بىلەن ساڭا كەلدى؟!

① بۇ 10 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇ ـ سەلىنىڭ شېئىرىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىغا ئاساسەن 7 بوغۇملۇق شېئىر شەكلى بويىچە قايتىدىن ئىجات قىلغان شېئىرى.

2 . ئەسلىسى:

سىنتىدە ئۆڭرە (ɵngrə) ئولمەكىگ (ɵlməkig)
بولايىن ئاي كۈن - كىئەم
كورمەيىن ئەرتى مۇنىتەگ
ئۇلۇغ ئاچىخ ئەمگەكىگ

تەرجىمىسى:

سەندىن بۇرۇن ئۆلۈشكە
رازى ئىدىم، ئەي مېنىڭ قۇياشىم!
مۇنداق قاتتىق ئازاپنى،
ئەندى مەن زادى كورمەي.

(«ئالتۇن يارۇق»نىڭ رادلوف ئېلان قىلغان باسما نۇسخىسىنىڭ 607 - بېتىدىن ئېلىندى.)

## 4 . مۇھەببەتنامە①

1 . ئەسلىسى:

ئا.............................. ②
ئادىنچىخ ئامراق...
ئامراق ئوز (ɵz) - كىئەم...

---

① بۇ شېئىر پارچىسىنىڭ ئاخىرىدىكى "تۇكەدى ئاپرىنچورتىكىن... [ئاپرىنچورتىكىننىڭ (ناخشىسى) تۈگىدى] دىگەن سوزلەردىن قارىغاندا بۇ شېئىرنى ئاپرىنچورتىكىن يازغان بولۇشى مۇمكىن.
② چېكىت قويۇلغان ئورۇنلاردىكى سوزلەر ئەسلى تېكستتە ئۇچۇپ كەتكەن.

تەرجىمىسى:

ئا..............................

بەكمۇ ئامراق...

ئامراق ئايالىم...

2. ئەسلىسى:

قاسىنچىغىمىن ئويۇ (өyü) قادغۇرار مەن

قادغۇردۇقچە قاشى كورتلەم

قاۋشىغسايۇر مەن

تەرجىمىسى:

يايرىمىنى ئويلىسام، قايغۇغا چوكىمەن،

قايغۇرغانسېرى، ئەھ، قارا قاشلىغىم،

دىدارلىشىشقا شۇنچە ئىنتىزار بولىمەن.

3. ئەسلىسى:

ئوز (өz) ئامراقىمىن ئو(ө)يۇرمەن

ئو(ө)يۇ ئەۋىدۇرمەن ئو(ө)دۇ...چۇن

ئوز (өz) ئامراقىمىن ئوپۇكسەيۇر مەن

تەرجىمىسى:

ئوز ئامرىغىمنى ئويلىسام،

ئويلاپ، ئويلاپ........

ئۇنى قايتىلاپ ـ قايتىلاپ سۆيۈشكە ئىنتىلىمەن.



AltunOq

4. ئەسلىسى:

بارايىن تىسەر باچ ئامراقىم
بارۈيىمە ئۇماز مەن
باغىرساقىم

تەرجىمىسى:

ئامرىغىم، مەن سېنىڭ يېنىڭغا باراي دىسەم
بېرىش ئىمكانىيىتىم يوق،
مېنىڭ باغرىم.

5. ئەسلىسى:

كىرەيىن تىسەر كىچىكئەم
كىرۈ(kirü) يىمە ئۇمازمەن
كىن يىپار يىدلىغىم

تەرجىمىسى:

ئامرىغىم، مەن سېنىڭكىگە كىرەي دىسەم،
كىرىشكىمۇ ئىمكانىيىتىم يوق،
ئىپاردەك پۇراقلىغىم.

6. ئەسلىسى:

يارۇق تەگرىلەر يارلىقازۇن
ياۋاشىم بىرلە
ياقىشىپان ئادرىلمالىم

**تەرجىمىسى:**

يورۇق تەڭرى ساقلىسۇن،
ئايالىم بىلەن مېنى، ئايرىلماي بىرگە تۇرايلى.

7. ئەسلىسى:

كۆچلۈك پىرىشتىلەر كۆچ بىرزۈن
كوزى قارام بىرلە
كۆلۈشۈگىن ئولۇرالىم

تەرجىمىسى:

كۆچلۈك پەرىشتىلەر كۆچ بەرسۇن،
قارا كوزلۇگۇم بىلەن ماڭا،
بىللە كۆلۈشۈپ ئۆتەيلى!

(لېكوكنىڭ 1919 ـ يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ توپلىمى»دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىن قېزىپ تېپىلغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى، 2 ـ توپلام، 8 ـ 9 ـ بەتلەر.)

## 5. پەندى ـ نەسىھەتلەر

### بىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا

ئەسلىسى:

بىلىگ بىلىڭ يا بەگىم
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر

بىلىگ بىلگەن ئۇل ئەركە
بىر كۈن دەۋلەت تۇش بولۇر

تەرجىمىسى:

بىلىم ئۆگىنىڭ، ئەي بېگىم.
بىلىم سىزگە ھەمرا بولىدۇ.
بىلىم ئۆگەنگەن ئەرگە،
دوۋلەت ئاخىر يار بولىدۇ.

ئەسلىسى:

بىلىگ ئەر بىلىنگە
تاش قۇرىسا قاش بولۇر
بىلىگسىزنىڭ يانىغا
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر

تەرجىمىسى:

بىلىملىك ئەر بىلىگە قىستۇرۇۋالغان تاش،
قاش تېشىغا ئايلىنىدۇ.
بىلىمسىزدىكى ئالتۇن،
تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

(گابائىن بىلەن راخماتىنىڭ 1933 - يىلى ئەنگلىيىدىكى «ئۇلۇغ ئاسىيا» دېگەن ژورنالدا ئېلان قىلغان «قەدىمقى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» دىن تاللاندى.)

# 6. ئاتىلار سوزى

ئەسلىسى:

قىلماغۇ قىلىقلارنى
ئاشنۇچا سانىمىش كەرەك
سانىمادىن قىلمىشتا كىن
نەتىگىن تانىمىش كەرەك

تەرجىمىسى:

قىلماسلىقتا تېگىشلىك قىلىقلارنى،
ئالدى بىلەن ئويلاش كېرەك.
ئويلىماي قىلغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭدىن تانماسلىق كېرەك.

ئەسلىسى:

كىرىككەن تونلەر كىرىن
سۇۋ ئۇزە يۇمۇش كەرەك
سوزكىرى كەتمەس يۇسا
نەتىگىن قىلمىش كەرەك

تەرجىمىسى:

كىر باسقان كىيىمنىڭ كىرىنى،
سۇ بىلەن يۇسا چىقىپ كېتىدۇ.

سوز كىرىنى يۇيۇپ چىقىرىشنىڭ،
ھىچقانداق ئامالى يوق.

ئەسلىسى:

ئايىپسىز تىشىكە ئەر
بويۇنىن سۇنمىش كەرەك
ئول ئانىتاغ تۇزۇن (tüzün) بىرلە
تىرىگلىك قىلمىش كەرەك

تەرجىمىسى:

ئەيىپسىز ئاياللارغا،
ئەرلەر بويىنىنى ئېگىشى كېرەك.
ئۇنداق ھەققانى (ئايال) بىلەن،
(ئۆمۈر بويى) بىرگە تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك.

ئەسلىسى:

ئاقىقات بولسا تۇزۇن (tüzün)
ئاڭا جان بەرىش كەرەك
مەڭى چىن ئول مەڭى ئوق
تاقى نە ئايمىش كەرەك

تەرجىمىسى:

ھەقىقەت توغرا بولسا،
ئاڭا جاننى بېرىش كېرەك.
پاكىت بەربىر پاكىت،

ئۇنىڭغا يەنە نىمە دېيىشىنىڭ ھاجىتى بار؟!

ئەسلىسى:

ئىش قىلغۇ ئەدگۇ (ədgü) ئىشنى
كورگىتۈر كونى يولنى
كەسمەڭلەر ئەگرى تالنى
توبەسىنتە مىڭە بار

تەرجىمىسى:

دوست بولساڭ ياخشى بىلەن دوست بول،
ئۇ ساڭا توغرا يولنى كورسىتىپ بېرىدۇ.
ئەگرى تال دەپ كېسىۋەتمەڭلار،
ئۇنىڭ شاخلىرىدا مىۋىسى بار.

(گاباغىن بىلەن راخماتنىڭ يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى.)

× ×

ئەسلىسى:

ئەردەملىگ كىشى ئەردىن بىرلە تۈز ئول
ئەردەمسىز كىشى ئوتۇك ئىچىندەكى ئولياق بىرلە تۈز ئول

تەرجىمىسى:

پەزىلەتلىك كىشى گوھەر،
پەزىلەتسىز كىشى پېتەك.

ئەسلىسى:

بۇيانلىغ كىشى بۇرقانلار بىرلە تۇز ئول
بۇيانسىز كىشى بۇق باقىر بىرلە تۇز ئول

تەرجىمىسى:

ساۋاپلىق ئىش قىلغۇچى بۇرخاندۇر،
ئىنساپسىز كىشى ئەسكى مىستۇر.

ئەسلىسى:

بەگمىسىنمەيۈك بەگ بولسا بەلتىر سايۇ بەلگە سالۇر
ئاتاقمىسىنمايۇق ئاتىغ بولسار ئارت سايۇر مايافا يۇر

تەرجىمىسى:

ئەمەل تۇتمىغان كىشى ئەمەل تۇتسا، ھەر دوخمۇشقا
قامچا قويۇر،
ئاتىغى چىقمىغاننىڭ نامى چىقسا، ھە، بىر تاغ ئوتكىلىگە
بەلگە سالۇر①.

ئەسلىسى:

ياغمۇر ياغسا قارۇك بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرگەك

① — "مايافلا" دىگەن پېئىلنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس، بىز-
ۋاقتىنچە "بەلگە سالماق" دەپ تەرجىمە قىلىپ تۇردۇق.

تەرجىمىسى:

يامغۇر ياققاندا يېپىنچاك بولسا، يېپىنغۇال،
ياۋۇز ئادەم يېقىنلاشسا، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل.

ئەسلىسى:

قوچو تاغىنتا قاپلان يوق،
قۇدۇق سۇيىدە بېلىق يوق.

تەرجىمىسى:

قوچو (تۇرپان) تېغىدا قاپلان يوق،
قۇدۇق سۇيىدە بېلىق يوق.

ئەسلىسى:

ئەر قۇتى بەلىك
سۇۋ قۇتى تەرىك

تەرجىمىسى:

ئەرنىڭ قۇتى قورقماسلىقتا،
سۇنىڭ قۇتى چوڭقۇرلۇقتا.

(راخماتنىڭ «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى»دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى، 7 - توپلام، 54 - بەت.)

# 7 . مانىغا① مەدھىيە

## (مانى دىنىغا دائىر)

ئەسلىسى:

1 . ئالقۇ بىش ئاجۇنلارنىڭ ئۇمۇغى
ئارىيايىشار توز (tөz) نوم ······چى
ئايانچاڭ كوڭۇلىن يۇكۇگۇ (yükügü)
ئاياغلىغ ئاتلىغ قاڭىم مانى بۇرخانىم

تەرجىمىسى:

بەش ئالەمنىڭ ئۈمىتى،
ئارىيايىشار② يىلتىز نوم······
ئىتائەتمەن قەلبىمىزدىن (ساڭا) ئېھتىرام،
ھورمەتلىك ئاتىمىز — مانى.

ئەسلىسى:

2 . ئانۇنتۇمۇز سىزنىگە

① مانى— پىرسىيىلىك، مىلادىدىن كېيىنكى 276 — 216 - يىللار - دا ئۆتكەن زات بولۇپ، مانى دىنىنىڭ ئىجاتچىسى. مانى دىنى — مانى ئىجات قىلغان دىن. ئۇنىڭدا "يورۇقلۇق" بىلەن "قاراڭغۇلۇق" تىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ تەكىتلىنىپ، "يورۇقلۇق"قا ئېتىقات قىلىنىدۇ. مانى دىنى مىلادى 7 - ئەسىردە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپ كىرگەن. 763 - يىلى ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقالغان.

② "ئارىيايىشار"نىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

ئاسرا كوكۈلىن يۈكۈگەلى
ئالىلىك ئامتى ئۆمۆغ ئىناغ
ئالقۇنۇك بارچا يۈكۈگىن

تەرجىمىسى:
سىزگە ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن،
(بىز سىزنىڭ) ئالدىڭىزغا يىغىلدۇق.
ھەي، بىزنىڭ ئۈمىتىمىز ۋە ئىشەنچىمىز،
ئەمدى سىز جامائەتنىڭ ئېھتىرامىنى قوبۇل قىلىڭ!

ئەسلىسى:
3. تۇتچى ئۆزۈكسۈز مۇنى تەگ
توغۇمۇغ ئاجۇنۇغ ئۇنىتماقلىغ
توز توپراققا باتىلىپ
تۇرقارۇ مونقۇل ئەرتىلەر

تەرجىمىسى:
ئىنسانلار دائىم دىگۈدەك،
قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.
ئۇلار تۇپراق ئىچىگە كىرگىنىدە،
(ھېچنىمىنى) بىلمەيدۇ ۋە سەزمەيدۇ.

ئەسلىسى:
4. ئاز نىزۋانىقا ئاغۇقۇپ
ئارتايۇ يوقادتۇرۇرتا



AltunOq

ئامۋارد شىنلىغ ئوت ئۈزە (üzə)
ئاڭا يۈرۈن (yürün) تەگ قىلتىڭىز

تەرجىمىسى:

(ئۇلار) ئاچ كوزلۇگىدىن زەھەرلىنىپ،
ئوزلىرىنى مەھكۇم قىلماقتا.
سىز ئامۋاردىشىنىنىڭ① چوپىدىن،
ئۇلارغا شىپالىق دورا ياساپ بەردىڭىز.

ئەسلىسى:

5. ئوۋكە (əwkə) ىىزۋانى ئۈزە قۇتۇرۇپ
ئوگسىز (əgsiz) كوكۆلسىز ئەرتىلەر
ئوز (əz) توزلەرىن (təzlərin) ئاقتىپ
ئوگلەرىن كوكۆللەرىن يىغتىڭىز

تەرجىمىسى:

ئۇلار ئاچ كوزلۇك ئوتىدىن قۇتراپ،
ئەس - ھۇشىنى يوقىتىپ قويدى.
(سىز ئۇلارغا) ئەسلىنى ئەسلىتىپ،
ئۇلارنى ئەس - ھۇشىغا كەلتۈردىڭىز.

---

① "ئامۋاردىشىن" — قەدىمقى پارس تىلىدىكى "ئامۋاردىشىن" دىن كەلگەن. گابائىن ئۇنى "توپلانماق" دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. («قەدىمقى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» 294 - بەتكە قاراڭ.)

ئەسلىسى:

6. بەش ئاجۇنتاقى تىنلىغلارىغ
بىلىگسىز بىلىگدىن ئۆڭى (ɵngi) ئۆدۈرتۈڭۈز (ɵdürtüngüz)

بىلىگسىز بىلىگدا ياراتدىڭىز
فارىنىبرانكە سانلىغ قىلتىڭىز

تەرجىمىسى:

سىز بەش ئالەمدىكى جانلىقلارنى،
بىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلدۇردىڭىز.
ئۇلارنى بىلىملىك قىلىپ يارىتىپ،
فارىنىبرانغا① يەتكۈزدىڭىز.

ئەسلىسى:

7. ئۈزتە (üztə) بۈزتە ئۇلاتى
ئۆكۈش (ɵküx) تەلىم نىرۋانىلار
ئۆگىن (ɵgin) كوڭۈلىن ئازىتىپ
ئۆرلەتۈر ئەرتى تىنلىغلارىغ

---

① قەدىمقى ئۇيغۇر تىل - يېزىغىدىكى مانى دىنىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردا بۇددا ئىبارىلىرى كوپ ئۇچرايدۇ. بۇ، ئىككى خىل دىنىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. "فارىنىبران" سانسكرىت تىلىدىكى "فارىنىۋانا" دىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى "نىرۋانە" بىلەن ئوخشاش، يەنى "غايىۋى مەنزىل" دىگەن مەنىدە.

تەرجىمىسى:

رەزىل نىيەتلىك

ۋە نۇرغۇن نىزۋانىلار،

ئۇلارنى ئېقىل ـ ھوشىدىن ئازدۇرۇپ،

ئۇلارغا نۇرغۇن ئازاپ كەلتۈرۈپ بەردى.

ئەسلىسى:

8. ئالتى قاچىغ ئۇزە ئازمىشلارقا

ئاغماق ئىنمەك ئاجۇنلارىغ كورتىتىڭىز

ئاۋىش تامۇ ئەمگەكىن بىلتۈرتۈگۈز

ئالقاتمىش بىر قات تەڭرى يىرىنتە توغۇرتۇگۇز

تەرجىمىسى:

سىز ئالتە ئوغرى ئازدۇرغانلارغا،

چىقىپ ـ چۈشىدىغان دۇنيانى كورسەتتىڭىز

ئاۋۇش دوزىخنىڭ زۇلمىنى چۈشەندۈرۈپ،

گۈگەل بەش قات ئاسمان ئىلكىگە ياراتتىڭىز.

ئەسلىسى:

9. قۇترۇلغۇ يول يىڭاقلارىغ تىلەيۇ (tiləyü)

قورتىن سىڭار ئىل ئۇلۇشلارىغ كەزتىڭىز

قۇتقارغۇ تىنلىغلارىغ تاپتۇقتا

قودمادىن قامۇغىنى قۇتقارتىڭىز

تەرجىمىسى:

سىز قۇتقۇزۇش يولىنى ئىزلەپ،

پۈتۈن جاھاننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىنى كەزدىڭىز.

قۇتقۇزۇشقا تېكىشلىك جانلىقلارغا يولۇققىنىڭىزدا،
بىرىنى قويماي قۇتۇلدۇرىدىكەنسىز.

ئەسلىسى:

10. ئۇغاتىپ كەلمىش بىز نىتەگ تىنلىغلارقا
ئەۋاڭلىئۇن نوم رەتنىگ نوملار قودتۇڭۇز
ئوزغۇ قۇترۇلغۇ يول يىڭاقىغ
ئول نومتا ئەشتىپ ئۇقاربىز

تەرجىمىسى:

بىزگە ئوخشاش يولدىن ئاداشقانلارغا،
ئەۋاڭلىئۇن① نومى — بەختىيارنامىنى كەلتۈردىڭىز.
بىز بۇ گوھەر نومدىن،
ئوزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى بىلىۋالدۇق.

ئەسلىسى:

11. ئارام بىروك (birok) مۇنىتەگ
ئارىغ نومۇغ نوملار قودماسار
ئامتىقا تەگى يىرتىنچۇ
ئالقىنماز مۇ ئەركى تىنلىغلار

تەرجىمىسى:

ئەگەر سىز بىزگە،

---

① بۇ كۇپلېتتىكى باش قاپىيىگە ئاساسەن، بۇ يەردىكى سوز "ئەۋاڭلىئۇن" ئەمەس، "ئەوڭلىئۇن" بولۇشى كېرەك، «ئەوڭلىئۇن» مانىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى.

ئاشۇ گوھەر نومنى ئەۋەتىپ بىزنى قۇتۇلدۇرمىغان بولسىڭىز،
(ئۇ ھالدا) بۇ تۇپراق ۋە ئىنسانىيەت
پۈتۈنلەي گۇمران بولماسمىدى؟!

ئەسلىسى:
12. تۈرك بۇرخانلارتا كىمن ئىنتىڭىز
توزكەرىنچىسىز بۇرخان قۇتىن بۇلتۇڭۇز
تۈك (tük) تۈمەن تىنلىغلارىغ قۇتقارتىڭىز
تۈنەرىگ تامۇتىن تۈزۈنى ئوزغۇرتۇڭۇز

تەرجىمىسى:
سىز قۇدرەتلىك بۇرخاندىن كېيىن بۇ ئالەمگە چۈشتىڭىز،
مىسلىسىز بۇرخان قۇتىغا ئېرىشتىڭىز.
تۈرلۈك - تۈمەن جانلىقلارنى
دوزاقتىن قۇتۇلدۇردىڭىز.

ئەسلىسى:
13. ئال ئالتاغ ئۇزانماقلارىن تاشقارىپ
ئادىنلارقا ئاسىغلىغ ئىشگ ئىشلەتىڭىز
ئازمىشلارقا يولچى يىرچى بولتۇڭۇز
ئايىغ قىلىنچلىغ شىمنۇ ئىلگىنتىن ئوزغۇرتۇڭۇز

تەرجىمىسى:
سىز ھىلىگەر، ئۇششۇقلارنى ئايرىپ چىقىپ،
باشقىلارغا پايدىلىق ئىش قىلىشقا سالدىڭىز.

ئازغانلارغا يولچى - يېتەكچى بولۇپ،
(ئۇلارنى) رەزىل ئالۋاستىلار ئىلكىدىن قۇتۇلدۇردىڭىز.

ئەسلىسى:
14. ئالقىش باشىڭ سوزلەگۈگ
ئايىغ قىلىنچىغ ئولۇگۇگ (olüngüg)
ئامىراردىشىم قىلىپ يىغىنغۇغ
ئايۇ يارلىقادىڭىز ئولارقا

تەرجىمىسى:
سىز (جانلىقلارغا) ئالقىش - مەدھىيە ئوقۇتتىڭىز،
ئۇلارنى ئوز گۇمانلىرىغا توۋە قىلدۇردىڭىز.
ئۇلارنى يىغىپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلدۇردىڭىز،
بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئىرادىڭىزدىن بولغان.

ئەسلىسى:
15. بۇلغانيۇق كوڭۇللۇگ تىنلىغلار
بۇ يارىلىغىڭىزنى ئەشىتىپ
بۇ يانلىغ تالۇي ئوگۇزۇگ (ogüzüg) ئاقىتىپ
بۇرخانلار ئۇلۇشىنتا توغتىلار

تەرجىمىسى:
دىلى بۇلغانغان جانلىقلار،
بۇ يارلىقىڭىزنى ئاڭلاپ،
ساۋاپلىق دەرياسىنى ئاققۇزۇپ،
قايتىدىن دۇنياغا كەلدى.

ئەسلىسى:

16. ئادىن تۇمكە كوكۇللەر
ئارىغ يوللارتا يورىپ
ئامۇازدىشن* قىلتىلار
ئانوشاگان ئوردۇتا توغتىلار

تەرجىمىسى:

بىلمىسىز غەيرى نىيەتتىكىلەر،
ساپلىق يولىغا مېڭىپ،
يىغىلىپ تاۋاپ - ئىبادەت قىلىپ،
ئادەم ئۆلمەيدىغان ئوردىدا قايتىدىن تۇغۇلىدۇ.

ئەسلىسى:

17. يىنچۈرۈ توپىن (tøpin) يۈكۈنۈر بىز
يىگ ئۈستۈڭى تەڭرىمىز سىزىگە
يىر تىنچۇدەكى تىنلىغلار
يىنتەم نىرباندا تۇزغۇنلار

تەرجىمىسى:

بىز سىزگە — ئالى ئىلاھىمىزغا،
باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىمىز
بۇ جاھاندىكى بارلىق جانلىقلار،
قايتىدىن نىرۋاندا تۇغۇلىدۇ.

ئەسلىسى:

18. ئايانچاڭ كوڭۇلىن يۈكۈنۈر بىز
ئالقۇ يىرتىنچۇدەكى تىنلىغلار
ئالىپ ئادالارىنتىن ئوززۇنلار
ئامىرىلمىش نىرۋانىغ توپىزۇنلار

تەرجىمىسى:

بۇ جاھاندىكى بارلىق جانلىقلار،
چوقۇنۇش ھىسسىياتى بىلەن سىزگە باش ئۇرىدۇ.
ئۇلار بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ،
تىنچ نىرۋانىغا مەڭگۈ ئىگە بولسۇن!

(بۇ شېئىر باڭ بىلەن گابائىن 1930 - يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى»دا ئېلان قىلغان «مانىغا مەدھىيە» دىن ئېلىندى. بۇ مەدھىيە جەمى 123 كۇپلېت، بىز 18 كۇپلېتنىلا تاللىدۇق.)

## 7. ئون ساۋاپلىق ئىشقا مەدھىيە

### (بۇددا دىنىغا دائىر)

ئەسلىسى:

1. بۇدا ئاۋاتانساكا ئاتلىغ سۇدۇر ئىچىندە
بۇزۇلماقسىز نوم ئوغۇشقا كىرمەك بولۇكتە

بۇلاڭ يىنغاق سايۇ كەلمىش بودساتۋالار
بولىتچىلايو يىغىلمىش توي قوۋراغ ئارا
بۇرخان ئوغلى تولپى تۇزۇن (tüzün) ئۇغان ئارزىنىڭ
بۇلۇنچسۇز يىغ ئەدگۈلەرىن ئوگمىش شلوكدا
بۇرق شارك قىلىپ ئون ئەدگۇسىن مەن ئاتساڭ ئۇزۇم،
بۇيان كۇسۇش ئۇزە قوشمىش تاقشۇت باشلادى

تەرجىمىسى:

ئاۋاتانساكا① ئاتلىق بۇددا نومىنىڭ،
بۇزۇلمايدىغان نوملار ئىچىگە كىرىش دىگەن بولىگىدە،
تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن بۇدساتۋالار
ۋە بۇلۇتتەك يىغىلغان ئەل - جامائەت ئارىسىدا
بۇرخان ئوغلىنىڭ بارلىق ياخشىلىغى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى
مەدھىيىلىگۈچى پەرىشتىنىڭ،
ئىپرىشكىلى بولمايدىغان مەدھىيىسىگە ئوخشىتىپ،
مەنكى ئاتساڭ بەخت تىلەپ،
بۇ ئون ساۋاپلىق ئىشقا مەدھىيە ئوقۇپ بۇ شېئىرنى باشلايمەن.

ئەسلىسى:

2. ئاياغۇاۇغ ئۇمۇغۇمۇز بىرەر تۇشلاردا

① "ئاۋاتانساكا"— بۇددا ماخايانا [ئۇلۇغ كولۇگ (kolüg) (قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا)] مەزھىبىنىڭ مۇھىم نوملىرىدىن بىرى، خەنزۇچە تولۇق ئاتىلىشى (大方广佛华严经) دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمقى 华严经 ئۇيغۇر تىلىدا «لىنخۋا چەچەك ئۇزەكى ئىتىگى ياراتىغى ئاتلىغ سۇدۇر نوم بىتىگ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادىنلارنىڭ ئاسىغى ئۇچۇن كۈئۆكەلىگ ئۈزە
ئانچۇلايۇ قالتى سۇمۇر تاغلار قانى تەگ
ئايى ئۇلۇغ ئارتۇق كوركلە ئەتئۆز بەلگۇردۇر
ئازۇ يمە ئول قاڭىمىز باغلاشىنۇ
ئامرىلىپ ئىنج تەررەمەدىن ئولۇرمىش ئودتە
ئارتى نەڭ سمەكسىزىن ئالقۇتىن سىڭار
ئاڭسىز ئوكۈش ئۇلۇشلاردا تولۇ كوزۇنۇر

تەرجىمىسى:

ھورمەتلىك پاسىبانىمىز كارامىتىنى كورسىتىپ،
باشقىلار ئۇچۇن بەخت ئىزلىگەندە،
گويا ئاسمانغا تاقاشقان سۇمۇر تېغىدەك،
بەستلىك ۋە قامەتلىك تۇرقىنى كورسىتىدۇ.
يەنە ئۇ ئاتىمىز شۇك ۋە جىمجىت،
چازا قۇرۇپ تەۋرىمەي ئولتۇرغىنىدا،
ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئىزلەش ھاجەتسىز،
ئۇ ھەرقايسى دولەتلەرنىڭ ئالدىدا كورۇنىدۇ.

ئەسلىسى:

3. قۇت بۇيانلار ئىلىگىنىڭ قۇتلۇق بودىنقا
قۇلاچچا ئەرىپ تەپ تەگىرمى پراۋشى ئەرۇر
قۇرشاتىاۇ يۇز مىڭ كولتى سانىنچە يوچان
قۇدۇلۇشۇ ئاغىلىشۇ يارۇقلار ئونەر
قۇتغارغۇلۇغ ۋايىنكىلەر ياراغى ئىيىن
قۇرۇغسۇز يىگى ئاسىغلارىغ بۇتۇرگۇ ئۇچۇن

قۇدى ئۆزە تەگزىندۇرۇ تواپتىن سىڭار
قۇم سانىنچا يىرتىنچۇلەر سايۇ دادىاۇر

تەرجىمىسى:

قۇت ئىگىسىنىڭ قۇتاۇق بەستىدە،
ئون مىڭ جىڭچە يوچان① بىلەن زىننەتلەنگەن،
ئۆزۈن ۋە يۇمۇلاق پىراۋشى② بار،
ئۇ كوزنى چاقنىتىدىغان نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.
ئېتقاتچىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن،
پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ ئالى مەنپەئەتى ئۈچۈن،
ھەممە ئەتراپتا ھەركەتلىنىپ
ھەتتا قۇمدەك سانسىز ئالەمنى كېزىدۇ.

ئەسلىسى:

4. سارۋار تاسىد تىگىن ئاتى ئوڭدۇنلۇگ
سەكىن ئون ياش ياشامىشىن كوركىتمىش ئەرۇر
سارتاۋاخى يولچى يىرچى ئاشۇچە يىمە
سانى يۈز مىڭ كولتى يىل ئاي ياشايۇر
ساقىنىپ نەڭ تۇكەتىڭىز سوزلۇگ يىلتىنچىسىز
سانسىز ئوكوش كالپ ئود ئۆزە ئۇر چىك سەرىلۇر
ساشىمىسىز يارپ قۇت كۇسۇشلۇگ كۈچى بارىنىتىن
سانسار ئۈچى تۈپۈكچىنچە بەك مەڭگۈ تۇرۇر

① يوچان — مەنىسى ئېنىق ئەمەس.
② پىراۋشى — سانسكرىت تىلىدىكى "پارۋېشا" دىن كەلگەن بولۇپ، "نۇر چەمبىرىگى" دىگەن مەنىدە.

تەرجىمىسى:

ئۇ بۇرۇن سارۋارتاسىد① دېگەن نام بىلەن،
سەكسەن يىل ياشىغان ئىدى.
يەنە سارتاۋاخىنىڭ② قىياپىتىدە،
مىڭلارچە يىللار ياشىغان ئىدى.
ئۇنىڭ سوزلەپ تۇگەتكۇسىز توھپىسى
بۇ چەكسىز زاماندا مەڭگۇ ياشنايدۇ.
ئۇنىڭ سان - ساناقسىز پەزىلەتلىرى،
سانسارنىڭ③ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگىچە ياشنايدۇ.

ئەسلىسى:

5 · تۇرقارۇ ئودۇن (ədün) كوڭۇل بىلىگ باسۇتچىلىغىن
تۇدچى يىستەم ئەرتەر ئىدىگلىگ نوملار
توغماق ئوچمەك تورۇلۇگ ئول ئۇرلۇكسۇز تىتىر
تۇتياقلانغۇلۇغ ياپشىنغۇلۇغ ئوز توزى يوق تىپ
تۇيۇنمىشلار ئىلىگىنىڭ بىلگە بىلگىسى
تۇرۇم ئارا ئەرتە قىسقا بىركشان ئودتە (ədtə)

---

① سارۋارتاسىد ـــ سانسكرىت تىلىدىكى "سارۋارتخاسىددخا" دىن كەلگەن بولۇپ، ساكيامۇنى (ئەسلى ئىسمى ساۋارتاسىد) نىڭ بۇرخان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىسمى.

② سارتاۋاخى ـــ سانسكرىت تىلىدىكى "سارتخاۋاخا" دىن كەلگەن بولۇپ، "كارۋان ئىگىسى، سودىگەرلەر خوجايىنى" دېگەن مەنىدە.

③ سانسار ـــ سانسكرىت تىلىدىكى "سامسارا" دىن كەلگەن بولۇپ، ئەسلى "تارقىتىش، ئاققۇزۇش" دېگەن مەنىدە. كېيىن بۇددا دىنىدا بۇ سوز "ئايلىنىپ يۇرۇش" مەنىسىدە قوللىنىلغان.

تولپ ئۇچ ئودكى ئالقۇ نومنۇڭ توزۇن بەلگۇسىن
تۇيۇ يۇمقى بىر قالىسىز تۇيار ئوتكۇرۇر

تەرجىمىسى:
ئۇ ھەمىشە يۇمشاق كوڭۇل بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ،
نوم — قائىدىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ (شۇنداقلا) تورىلىش-
ئولۇشنىڭ يولىنى بىلىدۇ.

ھەممىنى سېزەر قابىلىيىتى بىلەن
(نوم-دىن باشقا) تايىنىدىغان تايانچ يوق دەپ ھىساپلايدۇ.
ئويغانغانلارنىڭ خانى ۋە دانىشمەنى
ئۇ كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا،
ئۇچ زاماندىكى بارلىق نوملارنىڭ مەنىسىنى
ئۇزۇل-كېسىل بىلىپ ئالالايدۇ.

ئەسلىسى:
6. بىر ئۇلۇشتا يىرتىنچۇنىڭ يارۇق يۇلاسى
بىلگۇلۇگچە قاماغ نومتا تۇيۇمۇش ئود تە
بىرلە يانا ئادىن ئالقۇ ئۇلۇشلار سايۇ
بىر تەگ ياڭلىغ بۇرخان بولمىش كورگى كورۇنۇر
بىر گەرۇ ئول ئائىقۇلارنى بىركە سىغۇرۇر
بىرنى ئالقۇقا كىرگۇرمەكى ئانتاغ ئوق ئەرۇر
بىلۇ ئۇغۇسۇز ئىنترا چال تۇئۇرقا ئوقشاتى
بىرتەملەدى تىدىلشماز كۇئۇگەلىگ قىلۇر

تەرجىمىسى:
ئۇ — دۇنيادىكى بىر نۇرلۇق چىراق،
بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق نوملارنى پىششىق بىلىدۇ.

ھەمدە باشقا بارلىق جايلاردا،
ئوخشاشلا بۇرخان قىياپىتىدە كورۇنەلەيدۇ.
ئۇ بارلىق نەرسىلەرنى بىرىگە سىڭدۇرالايدۇ،
شۇنداقلا بىر (نەرسىنى) ھەممىگە سىڭدۇرالايدۇ.
ئۇ خاسىيەتلىك ئىنترا چول تاۋىرىدەك،
چەكسىز كارامىتىنى كورسىتەلەيدۇ.

ئەسلىسى:

7. ئودۇنمىشلارنىڭ ئىلىگى ئوز قۇترۇلمىش
ئوزۇپ ئۇزەلىكسىز يولتا ئورنانىپ تۇرۇپ
ئون ئۇلۇغ كۇچ ئورت قورقىنچىسىز ئەگرە يۇك باشلاپ
ئوخشاتىنچىسىز يىگ نوملارقا تۇكەللىگ بولۇپ
ئوڭ تەگزىنچلىگ يولتىرىدۇر تۇترۇغ تىگىمە
ئۇتقۇراق چىن ئارىش ئارىغ ئۇچ نوم تىلگەنىن
ئول تىدىغسىز تولۇن بىلگە بىلىگى ئۇزە
ئوڭاي (ongay) ئەلكەي قۇۋراغ ئارا ئوڭارۇ ئەۋىرۇر

تەرجىمىسى:

ئۇ ئۇزۇل-كېسىل قۇتۇلۇپ ئويغانغانلارنىڭ خانى،
ئۇزۇلمەس يولدا تەۋرىمەي ماڭىدۇ.
ئۇ ئون چوڭ قۇدرەت، تورت قورقماسلىقتا ئىگە،
ئۇنىڭدا تەڭداشسىز بارلىق ياخشى نوملار بار.
ئۇ ئوزىنىڭ يېتەرلىك بىلىمى بىلەن،
بارلىق جانلىقلارنىڭ ئاق كوڭۇل بولۇشى ئۇچۇن،
دائىم ئالتۇن نۇر چاچرىتىپ تۇرىدىغان

ھەقىقى ۋە ساپ ئۈچ نومنىڭ نۇرىنى (ھەممە يەرگە) چىپ-
چىپ تۇرىدۇ.

ئەسلىسى:

8. يىرتىنچۇنۇڭ ئۇمۇغىنىڭ ئۈنىنتە ئۈنەر
يىگ يورۇگلى يىلايولى تورت (ئۈچ) كىرتۈلەر
يىلۋي ياڭلىغ ئۇلالىشۇر پىراتىتىسا يانبۇدپەد
يىگ ئۈستۈنكى پارامىتتا ئۇلاتى نوملار
يىرچىلەيۇ بۇ سانسارتىن تارتىپ تاشقارىپ
يىنتىسكمەكسز يىگ مەڭىكە يىتكۇرگۇ ئۈچۈن
يىنىك ئاغىر ئاشنۇ قىلمىش تىلداغى ئىيىن
يىتە ئۇدۇزۇ كوڭۇللەر يولىنچا ئىلدۇر

تەرجىمىسى:

(ئۈنىڭدا) يەر-جاھانىنىڭ ئۈمىت ئۈنىدىن،
بىباھا سوزلەر بىلەن تولغان تۆت ئىشەنچ①،
(ۋە) شىپالىق دورىدەك پىراتىتىيا سانبۇدپەد②،
يەنە ئالى پارامىتتا نوملىرى بار.
ئۇ بارلىق جانلىقلارنى سانساردىن قۇتقۇزۇپ،
مەڭگۈلۈك شاتلىققا يەتكۈزۈش ئۈچۈن،

① "تۆت ئىشەنچ" — تۆت ئىرادىنى، يەنى چىن ھەقىقەت ۋە ئۈچ گوھەر (بۇرخان، نوم، پۇسار) نى كورسىتىدۇ.

② پىراتىتىيا سانبۇدپەر — سانسكرىت تىلىدىن كىرگەن سوز بولۇپ، "ئون ئىككى سەۋەپ" دىگەن مەنىدە. ئون ئىككى سەۋەپ بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، خەنزۇچە نوملاردا 十二因缘 دەپ ئاتىلىدۇ.

رىتىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بويىچە،
توپ ھارۋىنى چوڭ يولدا يېتەكلەپ ماڭىدۇ.

ئەسلىسى:

9. يۈمچىگىسىزىن تىترۈ باقا كورۈپ قانغا سۆز
يۈكۈنچ ئاياغ تاپىغ ئۈدۈغ ياڭى بولغۇسۇ
يۈدە ئىلتىنۈ توپۈدە ئۆرۈپ ئۇلتى قىلغۇسۇز
يۈزىمىڭ سانىسىز كالىپ ئود (ed) ئۆزە ئوگۈپ ئەرتگۈسۈز
يۈرۈڭ (yüŗüng) ئارىغ ئەدگۈ نوملار ئارىلىقىڭا
يۈرەكىمدە ئىچتىن بارمىش تىرتگۈڭۈم ئۆزە
يۈكنۈر مەن قوپ كوڭۈلىن ئالۇ يارلىقاڭ
يۈگۈرۈ تەسىزنى كورگۈكۈسۈ شۇم قانسۇن

تەرجىمىسى:

مەڭگۈ قاراپ قانمايدىغان،
چەكسىز ھۆرمەتكە ۋە ئىززەتكە ئىگە،
بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتەرسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدىغان،
تۈمەنلىگەن ناخشا بىلەن كۈيلەپ تۈگىتەلمەيدىغان
پاك ۋە ياخشى نوملارغا،
يۈرەك قاتلىمىدىن چىققان،
ساداقەتلىك ئېھتىرامىمنى بىلدۈرىمەن، ئۇنى قوبۇل قىلغايسىز،
ھازىرلا سىزنى كۆرۈش ئارزۇيۇم قانسىكەن.

(بۇ شېئىر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۇلۇغ ئەنگلىيە مۇزېيىدىكى
قەدىمقى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمىنىڭ 37 - 36 -

بەتلىرىدىن ئېلىندى. شېئىر ئەسلى 14 كۇپلېت، بىز 9 كۇپلېتىنى تاللاپ ئىشلىدۇق. شېئىرنىڭ ئاپتورى ئاتساڭ دىگەن ئۇيغۇر شائىر. شېئىردا ئاساسەن بۇددا ماخايانا مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق نومى بولغان ئاراتاماساكا سۇتراغا مەدھىيە ئوقۇلغان، بىز شېئىرنىڭ ماۋ-زۇسىنى ۋاقتىنچە «ئون ساۋاپلىق ئىشقا مەدھىيە» دەپ ئاتاپ تۇردۇق.)



# «چاشتانى ئىلىك بەگ» تىن پارچە

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: ماخمۇت زەيىدى**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«چاشتانى ئىلىك بەگ» قىسسىسى جامائەت ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يادىكارلىقلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرىدىن بىرى. بۇ قىسسە ئۇيغۇرلار تېخى پولتىزىم (ھەر خىل نەرسىلەرگە ئېتىقات قىلىش) دەۋرىدە ياشىغان ناھايىتى قەدىمقى زامانلاردا ۋۇجۇتقا كەلگەن بولسا كېرەك.

«چاشتانى ئىلىك بەگ» ئەسلىدە بۇددا دىنى رىۋايەتلىرىگە دائىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، بۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى 1913 — 1914 - يىللىرى تۇرپاندىن تېپىلغان. بۇ رىۋايەتنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىنىشى تاسادىپىي بىر ئىش ئەمەس. تارىخىي يازما يادىكارلىقلار ۋە ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك يازما تارىخىدا بۇددىزىم تارىخى ۋە بۇددىزىم مەدەنىيىتى مىڭ يىلدىن بىر مىڭ بەشيۈز يىلدەك ۋاقىتنى ئىگەللەيدۇ. كۇچار ۋە تۇرپان رايونلىرىدا بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى

ئۇزۇن ۋە چوڭقۇر بولغان.

«چاشتانى ئىلىك بەگ» نىڭ ئاساسىي تېمىسى — قەھرىمانلىقنى، قەھرىمان خەلقىنىڭ پىداكارلىقىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. ئەسەردە چاشتانى ئىلىك بەگنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى ئارقىلىق ئادەم قەھرىمانى ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، بالايى-ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى ئادەمدىن ئىبارەت قەھرىمانغا مەدھىيە ئوقۇلغان. ئىلىك بەگ — بىر باتۇر شەخس. ئۇ ئۆز خەلقىنى دەھشەتلىك ۋابا كېسەللىكىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن موجىزىلىك ئىشلارنى قىلىدۇ. ئىلىك بەگنىڭ ئۆز خەلقى يولىدا قىلغان پىداكارلىق ئىشلىرى ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىنى، ئالىجاناپ غايىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرى، ئۆز خەلقىنىڭ باتۇرى. ئۇ ئۆز خەلقىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن دەھشەتلىك ۋابا تارقىتىۋاتقان يامان "يەك" لەرگە، دەھشەتلىك "رەكشەس" لەرگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۇلارنى يېڭىپ چىقىدۇ.

«چاشتانى ئىلىك بەگ» قىسسىسى — ئۆز ئىستىقبالىغا ئۈمىت-ئىشەنچ بىلەن قارىغان خەلقىنىڭ بەدىئىي قابىلىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي ھېسسىياتقا باي ئەسەر. گەرچە «چاشتانى ئىلىك بەگ"نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ ئاپتورى (ياكى تەرجىمانى) كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئەسەر تىلىنىڭ گۈزەللىكىدىن بۇ شەخسنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىغا پىششىق، بەدىئىي ئىپادىلەش سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى، باشقا تىللارنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان قابىلىيەتلىك ئەدىپلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەسەر قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى، قەدىمقى تىلنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

توۋەندە مەن «چاشتانى ئىلىك بەك» نىڭ پىروفېسسور لىكوك تەرىپىدىن ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن نۇسخىسىدىن قولىمىزدا بار بولغان پارچىسىنى تو-نۇشتۇردۇم.

ئەسلى:

1. ئارسلانلارنىڭ يورىغىن يورىب ئوچايان بالىق نىڭ كىدنىنتە تۇرۇب ئىنارۇ بەرۇ يوردى (.)

مەنىسى:

1. ئارسلان مېڭىشى بىلەن يۈرۈپ "ئۇچايان بېلىق" شەھرىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئۇياق-بۇياققا ماڭدى.

ئەسلى:

2. ئوترۇ ئىلىك بەك تورت بەلتىر يولتا يورىيۇ ئانىڭ ئاراسىنتا سانسىز ئوكۇش يەكلەرىگ كوردى.

مەنىسى:

2. ئاندىن كېيىن ئىلىك بەك تۆت كوچا دوقمۇشىغا يۈرۈپ كېتىۋېتىپ، شۇ تۆت يولدا سانسىز كۆپ جىنلارنى كوردى.

ئەسلى:

3. ئول يەمەيەكلەر يالڭۇق لارىنىڭ ئەتىن يەيىو، قانىن ئىچىپ باغارسوقلارىن ئەت-ئۆزلەرىگە يورگەيۈرلەر ئەردى.

مەنىسى:

3. بۇ جىنلار كىشىلەرنىڭ گوشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ ئۈچەيلىرىنى ئوزلىرىنىڭ گەۋدىلىرىگە ئوراپ ئېلىشاتتى.

ئەسلى:

4. قورقغۇ ـ تەك كورك مەڭىز تۇتۇپ ياۋلاق قاتىغ ئۈنىن قىقىرۇ سو، درزۇل، بادرۇق ئىلىگلەرىنتە تۇتۇب قاپقارا ئولۇغ، بەدۇك تاغ تەگ ئەت ـ ئۆزىن ئونەيۇ ئو ئوت ئوڭلۇگ ئىشىن ساچلارنى ئىنكىنلەرىنتە تۇشۇرۇب ئاغۇلغ يىلانىن ئەت ـ ئۆزلىرىن ئىتىنىپ يىراتىنىپ قاي بەلتىر سايۇ يۇرىيۇرلار ئەردى.

مەنىسى:

4. قورقۇنچلۇق چىرايلىرىنى بۇزۇشۇپ، ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىشىپ، ياراقلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ، قاپقارا، ئۇلۇغ، ئىگىز تاغدەك گەۋدىلىرىنى يۇقۇرى كوتىرىپ، ئوتتەك چاچ ـ لىرىنى ئارقىلىرىغا چۇشۇرۇپ، زەھەر ئىلاندەك گەۋدىلىرى بىلەن زىننەتلىنىپ، كوچا دوقمۇشلىرىنى بويلاپ يۇرۇشەتتى.

ئەسلى:

5. ئانى كورۇب چاشتانى ئىلىك بەك يۇرەكىن قاتۇرۇ ـ نۇب توڭالار بەكتەك كىشا تىرىك بەكلەر مەڭىز مەڭلاپ قور ـ قۇنچسىز ئايانچسىز كوڭلىن ئول يەكلەر ئاراسىنا كىرىب باردى.

مەنىسى:

5. ئۇلارنى كورۇپ چاشتانى ئىلىك بەك يۇرىگىنى

مەھكەم تۇتۇپ، باتۇرلارنىڭ بېگىگە ئوخشاش خەۋپسىز، يۈزىنى تىك تۇتۇپ، قورقماس، ئايىماس كۆڭۈل بىلەن جىنلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ باردى.

ئەسلى:

6. ئوترو ئول يەكلەر چاشتانى ئىلىك بەكىك كوروپ سىگىر كەلىر ئۇسۇغلۇغ قىلىنىپ تەگرىلەيۈ ئاۋلاپ ئىنىجەتىپ تىدىلەر: (1) ئاي، كىم سەن؟ نە گۈلۈك كەتتۇ ئۆزۈڭ ئوك(.) بىزنىڭ ئۈستۈن-ئالتىن تاغ تىشىمىزكە يوقى بولغالى كلتىڭ.

مەنىسى:

6. ئاندىن كېيىن جىنلار چاشتانى ئىلىك بەگنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى يۇتۇۋېتىدىغانىدەك تەشنالىق بىلەن قاپساپ تۇرۇپ شۇنداق دېيىشتى: (1) هاي كىم سەن؟ سەن نېمىشقا يالغۇز تۇرىسەن؟ بىزنىڭ تاغدەك ئاستىن-ئۈستۈن چىشلىرىمىزدا چاينىلىپ، يوق بولۇش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟

ئەسلى:

7. بۇ ساۋاغ ئەشتىپ چاشتانى ئىلىك بەك يۈرەكىنى قانۇنۇب ئانچە قىيايمە قورقمادىن ئول يەكلەركە ئىنجەنىب تىدى: (1) ئاي، يەكلەر. تەركىن ماڭا سوزلەڭلەر، مەنىڭ بالىقستاغى بۇدۇنۇغ نەگۈلۈك ئۆلۈرۈرسىزلەر؟ سىزلەرگە بۇ بالىقتا كىرگۈلۈك كۈچ كۈسۈن كىم بىردى؟ (2) بۇ مەنىڭ يىتتى قىلىچىمى كورۈڭلەر، ئەت-ئۆزۈڭىزلەرنى بىچىپ ئوڭى

ئوڭى كەمـشەيـن. (3) باـقـم نىلىڭ، ئۆلتۇسۇمىنىڭ بۇ مۇنـتاغ تۇت ئۇچۇز ساۋلارىن كورۇپ سەرگۇم تەگ ئەرمەز.

مەنىسى:

7. بۇ سوزلەرنى ئىشتكەن چاشتانى ئىلىك بەك يۇرد-گىنى قاتۇرۇپ قىلىچىنى قورقماستىن، ئۇ جىنلارغا مۇنداق دىدى: (1) هاي، جىنلار، ماڭا چاپسان ئېيتىڭلار: مېنىڭ شەهرىمدىكى ئەل - جامائەتنى نىمىشقا ئولتۇرۇسلەر؟ سىلەرگە شەهەرگە كىـرىشنىڭ شۇنچە كۆچ - قۇدرىتىنى كىم بەردى؟ (2) بۇ مېنىڭ ئوتكۇر قىلىچىمنى كورۇڭلار، تەنلىرىڭلارنى پارچىلاپ، باشقا - باشقا تەرەپلەرگە تاشلايمەن! (3) شەهىرىمنىڭ، ئۇلۇسۇمنىڭ مۇنداق يامان خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ، كورۇپ، سەۋرى قىلغۇم كەلمەيدۇ.

ئەسلى:

8. ئوترۇ ئول يەكلەر چاشتانى ئىلىك بەكنىڭ مۇنچۇ-لەيۇ كۆچلۈك ياۋلاق ساۋىن ئەشىتىپ ئۇۋكەلەرىنتە ئوتكۇرۇ ئار-تۇغراق بولغانىب ئانـتا ئـوق يەكلەر ئـوتىن ئۇدىتەيۇ كۇدەيۇ يىرلايۇ ئايالارىن ياپىنىپ، سىچىناقلارىن تۇتۇنۇپ، ئوت ئوڭ-لۇگ قىپ - قىزىل ساچلارنى ئارتلارىنتا ئىتىب ئورت يالىن تالىن تەگ دىزول بادرۇق ۋىچىرلىق، توقىماق ئىلىكلەرىنتە تۇتا، چاشتانى ئىلىك بەگ اك سانجىغالى ئۇرغالى قىلىنىپ بىر ئىكىنتى سىگە ئىنچەتىب تىمىشتىلەر: (1) تاقى نەگۇ كودەر سىزلەر؟ تەركىن مۇنى سانچىڭلار، بىچىڭلەر، ئىسىك ئوزىن ئۇزۇب ئادىن ئاژۇن قا ئىدىڭلار!

مەنىسى:

8. ئاندىن كېيىن جىنلار چاشتانى ئىلىك بەكىنىڭ مۇنداق كۆچلۈك، پالەۋانلىق سوزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاچچىغى كەلگەنلىكتىن ئارتۇقچە جىددىيلىشىپ، شۇ ھامان خىرىس قىلىپ، قوللىرىنى تۈگۈپ، مۇشتۇملىرىنى چىڭگىتىپ، ئوتتەك قىزىل چاچلىرىنى ئارقىلىرىغا تاشلاپ، لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتەك ئۈچ ئاچىماق ئالماستەك قاتتىق توقماقلىرىنى قوللىرىدا تۇتۇپ چاشتانى ئىلىك بەككە سانچىش، ئۇرۇش ئۈچۈن ھەركەت قىلىپ بىر بىرىگە شۇنداق دېيىشتى: (1) يەنە نىمىنى كۈتۈپ تۇرىسىلەر؟ چاقـ ـقان بۇنى سانچىڭلار، توغراڭلار، ئىسسىق جېنىنى ئۈزۈپ ئۇ دۇنياغا تاشلاڭلار!

ئەسلى:

9. ئانتا ئوترو چاشتانى ئىلىك بەك بار كۆچىنى ئۈزـ ـتۈرۈپ، تولۇكىن سكرىيۇ، بارىپ "ئۈرومىكى" ئاتلىغ يەكىنىڭ تويۇسىنتەكى ساچىسىن تارتا تۇتۇب قىلىچىن ئورە كۈتۈرۈپ، باشىن بىچغالى ئوغرادى.

مەنىسى:

9. كېيىن چاشتانى ئىلىك بەك بار كۈچىنى توپلاپ كۆچەپ سەكرەپ باردى ـ دە "ئۈرۈمكى" ئاتلىق بىر جىنىنى تۇتۇپ، بېشىدىكى چاچلىرىدىن تارتىپ، قىلىچىنى ئېگىز كوتىرـ ـرىپ، بېشىنى توغرىماق ئۈچۈن تەمشەلدى.

ئەسلى:

10. ئانتا ئوق ئول يەكلەر چاشتانى ئىلىك بەكىنىڭ

كۈچىن كۈسۈنىن چوغىن يالىنىن قۇتىن قىۋىن كورۇپ ئارتۇقراق قورقتىلار.

مەنىسى:

10. خۇددى شۇ ۋاقىتتا جىنلار چاشتانى ئىلىك بەگنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ھەيۋەت-سۈرىنى، بەخت-سائادىتىنى كورۈپ ئارتۇقچە قورقۇشتى

ئەسلى:

11. ئۈنلەرىن ئۇسۇزۇب ئىلىك بەككە ئىنجەتىپ تىتىلەر:
(1) يالڭۇقلارنىڭ ئارسلانى، ئىلىكلەر بەكلەرنىڭ قۇت تەڭرىسى ئە، يارلىقانچۇئى كوڭۈل ئورتىب كوڭلۈگىن سوزگىل. (2) بىرۆك بىزنى ئۆلۈر سەرسان يىمانەڭ، سەنىڭ بالىقىڭتاقى ئىگ توغا كىتگۈسى يوق! (3) ئەمتى بىزنىڭ ئىسىك ئۆزۈ مۇزكە ئەدگۈ كوڭۈل تۆرغۇزۇپ، ئومۇغ، ئىناق بولغىل!

مەنىسى:

11. ئاۋازلىرىنى پەسەيتىپ، ئىلىك بەگكە شۇنداق دېيىشتى: (1) ئىنسانلارنىڭ ئارسلانى، ئىلىكلەر بەگلىرىنىڭ بەخت خۇداسى، مېھرىۋانلارچە كوڭلۈڭ بىلەن قەلبىڭنى مەرھەمەت قىل! (2) ناۋادا بىزنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ، شەھرىڭدىكى بالايى-ئاپەت يەنىلا تۈگىمەيدۇ. (3) ئەمدى بىزنىڭ ئىسسىق جېنىمىزغا ياخشى كوڭلۈڭ بىلەن پايدا يەتكۈزسەڭ.



AltunOq

ئەسلى:

12. ئىلىك بەگ ئىنجەتىب تىدى: (1) ھاي، يەكلەر: تەركىن سوزلەگلەر نچۈكلەدى: مەنىڭ بالىقىمتاقى، ئولۇسومتاقى ئىگ توغا كتمەز؟

مەنىسى:

12. ئىلىك بەگ شۇنداق دىدى: (1) ھەي، جىنلار! چاپسان ئېيتىڭلار: نىمە ئۈچۈن مېنىڭ شەھرىمىدىكى، ئولۇسۇمدىكى بالايى ـ ئاپەت كەتمەيدۇ؟

ئەسلى:

13. يەكلەر ئىنجەتىب تىدىلەر: (1) ئۇلۇغ ئىلىك. بۇ ئوق سىنىڭ بالىقىڭتا كۈنتىن، يىڭاق بىر ئۇلۇغ بەدۈك سوكوت بار. ئانتا ياۋلاق ساقىنچلىغ راكشاس بولۇر. (2) ئوچ بەدۈك كوزلەرى (بار)، ئوت ئۇڭلوگ ساچى ئارقاشىنتا يادىلۇ تۇرۇپ، تامتورمىش يۈلا يالىنى تەك كوزى قاراقى يالىنايۇ تەگزىنى تۇرۇر، (3) ئۇزۇن تورقارۇ يارلىقانچىسىز كوڭلىن سانسىز ئۇ ـ كۈش تىنلىغلارىغ ئازىغلاندى. ئۇزە تانچىقالايۇ ئۇلۇرۇب تۇرۇد ـ چىسۇز قانىنچىسىز......

مەنىسى:

13. جىنلار شۇنداق دىيىشتى: (1) ئۇلۇغ ئىلىك! بۇ سېنىڭ شەھرىڭنىڭ غەرپ تەرىپىدە بىر يوغان ئىگىز سوگەت دەرىخى بار. شۇنىڭدا ياۋۇز نىيەتلىك "راكشاس" دىگەن ئالۋاستى بار. (2) ئۈچ يوغان كوزلىرى، ئوتتەك چاچلىرى ئارقىسىدا يېيىلىپ تۇرۇپ، يانغان چىراق يالقۇنىغا ئوخشاش، كوز قارىسى

ياشناپ ئايلىنىپ تۇردىۇ. (3) دائىم رەھىمسىز كوڭلى بىلەن سانسىز نۇرغۇن ھاياتلىقنى يوغان ۋە ئوتكۇر ئىغىز چىشلىرى بىلەن قىما ـ چىما قىلىپ ئولتۇرۇپ (مۇ) يەنە تويماي، قانائەتلەنـ مەي تىخى......

ئەسلى: ......

14 ......ئەر تىنگۇ قاتىغلانماقلىغ بىلگە بىلگكە تۇگەلىگ ياغىز يىر ئەركىلىگى چاشتانى ئىلىك بەگ مەن ئەرۇرمەن.

مەنىسى:

14 ......ئىنتايىن جاسارەتلىك، ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان قوڭۇر يەر ئىگىسى چاشتانى ئىلىك بەگ مەن بولىمەن.

ئەسلى:

15. قاتىغ كوڭلى ئورتىنىپ قورقۇنچۇسۇز ئايىنچىسىز كوڭلىن سىزلەرنى بىرلە سوڭۇشكەلى كەليۇكمەن. ئەي يەكلەر — ئە (.) چىن كىرتۇ ئالپ ـ قاتىغ ئەرسەر سىزلەر، مىنى بىرلە سوڭۇشكەلى ئانوق تۇرۇڭلار.

مەنىسى:

15. قەتئىي نىيەتكە كىلىپ، قورقماستىن، ئەيمەنمەستىن سىلەر بىلەن جەڭ قىلغىلى كەلدىم. ھەي، جىنلار، ھەقىقى قۇدرەتلىك بانۇر بولساڭلار مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىڭلار.

ئەسلى:

16. ئەمتى بىر ئىكىنتىكە سىناشالم. قايۇسى كۇچـلۈگ

ئەرمىش بىز. ئانچە سوزلەپ ئورت يالىن تەگ يىتى قىلىچىن ئىلىگىن تە تۇتا يەكلەر تاپا ياقىن سىكرىپ ئىچىگەرۇ كىردى (.) ئالىڭ ئۇلۇغى كالاشۇتارى ئاتلىغ يەكىنىڭ توبۇسۇنتەكى ساچىن تۇتۇپ قىلىچىن پىچغالى سانچغالى قىلىن......

مەنىسى:

16. ئەمدى بىر بىرىسىمىز بىلەن سىنىشىپ باقايلى. قايىسىمىز كۈچلۈك ئىكەنىمىز. شۇنداق سوزلەرنى (قىلىپ) ئوت يالقۇنىدەك ئوتكۈر قىلىچىنى قولىدا كوتەرگىنىچە جىنلار تەرەپ-كە ئېتىلىپ بېرىپ (ئۇلارنىڭ) ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەڭ بۈيۈك كالا شۇتارى ئاتلىق جىننىڭ چوققىسىدىكى چېچىدىن تارتىپ قىلىچى بىلەن ئۇنى چېپىشقا، سانچىشقا تەمشەلدى......

ئەسلى:

17-ۋە 18-پارچىلىرى ئەسلى ئوچۇپ كەتكەن بولغان-لىقتىن قالدۇرۇلدى.

ئەسلى:

19. يالىنىن...... ماتىن ئاغار ئاياغىن......تەگىپ ئايا-لارىن قوۋۇشورۇپ، ئىلىگ بەگكە ئىنجەتىپ تىدىلەر ئىلىگلەر ئىلىگى ئۇم نەيىرلىغىلىڭ ئەرسەر ئۇپ يىرلىغىن چىن بۇتگەلى ئانۇق تۇرۇر — بىز.

مەنىسى:

پەقەت...... چوڭ ھورمەت بىلەن ئالقانلىرىنى جۈپ-لەپ، ئىلىگ بەككە مۇنداق دىدى: ھەي، ئىلىكلەر ئىلىگى، قانداقلىكى ئەمرى-پەرمانلىرىڭ بولسا، ئۇ ئەمىر-پەرمانلىرىڭنى بېجىرىشكە تەق تەييارمىز.

ئەسلى:

20. ......ئىلىگ بەگ ئىنجەتىپ تىدى: بالىق ئىمداقى ئۇلوشوم داقى ئاداسىن كورۇپ بو مەنىڭ قىلىچىم سىز ـ لەرنىڭ قانىڭىز ـ لارنى ئىچگەلى تاپىم ئول. يەكلەر ئىنچەتىپ تىدىلەر. ئۇلوغ ئىلىگ مونتا ئىنارو.

مەنىسى:

ئىلىكبەك مۇنداق دېدى: شەھەرىمىدىكى ۋە ئېلىمىدىكى بۇ بالايى ـ ئاپەتلەرنى قىلىچىم كورۇپ، سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى ئىچەي دەپ ئويلىدى. جىن ئالۋاستىلار مۇنداق دېدى: ھەي، ئۇلۇغ ئىلىك بەگ. بۇ جاينىڭ ئۇ تەرىپىدە يوغان ئىككى ياۋۇز راكشاسلار① بار.

ئەسلى:

21. ئىكى ئەرتىنگۇ ياۋلاق راكشاسلار بار. بىرى ئۇرۇ ئاتلىغ. ئىكىنتى ئەگىنكىشى ئاتلىغ بىزى///② گۇ ئۇلار قاسانلىغ ئەرۇر — بىز. ئۇلارنى ئۇتغالى يىگەدگەلى ئۇسار ـ سىن. دو ـ ڭۇلوڭتەگى نەقەس — ئۇشۇڭ ئەرسەر كوڭۇل ئىيىن قانغاي. ئوترۇ.

مەنىسى:

ناھايىتى ياۋۇز ئىككى راكشاس بار.

بىرىنچىسى ئۇرۇ ئاتلىق. ئىككىنچىسى ئوت چاچلىق

① راكشاس — بىر خىل جىننىڭ ئاتىلىشى.

② /// بۇ يەردە "ئوچەگو" (ئۇچەيلەن) دىگەن سوز بار بولسا كېرەك.

(بولۇپ)، بىز ئۇچىمىز ئۇلارغا تەۋە. ئۇلارنى يېڭەلەيدىغانلا بولساڭ، كوڭلۇڭدىكى قانداقلىكى ئارزۇيۇڭ بولسا، كوڭلۇڭدىكىدەك قاندۇرۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن

ئەسلى.

22. چاشتانى ئىلىگ بەگ ئۇز كوكۇلۇمگە ئىنچە...... يىتىنچىسىز يىتىز ياغىز......ئاس-لاربولسار......تۇرۇپ قورقغۇم ...... مازمىن......قاچان......سوزلەپ......كىردى......بەگىگ...... قور......س.

مەنىسى:

چاشتانى ئىلىگ بەك ئۇز كوڭلىگە مۇنداق......چەكسىز بىپايان قوشۇر.........ئاسلار بولسا.........تورۇپ قورقۇم......... ماسىەن.........قاچان.........سوزلەپ.........كىردى.........بەگنى... قور.........

ئەسلى:

23. ..............................راكشاس بار (.) ئول راكشاس بارىپ ئەدگۇ يۇمساق ساۋلار سوزلەپ ئەرۇش-ئوكوش تىنلىغ-لارىغ ئۇلۇرۇر. ئانىن ئەمتى يالڭۇق-لار ئىلىگ-ئە، مەنىڭ ئىسىگ ئوزۇمىن ساڭا ئۇزۇنچاق ئۇرۇرمىن. مىن ئول راكشاسقا سانلغ من.

مەنىسى:

..................................راكشاس بار (.) ئۇ راكشاس بىرىپ ياخشى، يۇمشاق سوزلەرنى قىلىپ، نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنى ئولتۇردى. ھەي، جانلىقلار پادىشاسى، مەن ئوزەمنىڭ ئىسسىق جېنىمنى گوروگە قويۇمەنكى، مەن ئۇ راكشاسقا تەۋە.

ئەسلى:

24 . ئول يمه راكشاس ئەدگۈ ساۋلار سوزلەپ تەڭ تەڭ ئوڭى كورگەلى كورتله كورك مەڭز بەلگور تۈپ بىلتىز مەتىن ئوكوش تىنلغلارىغ ئولۇدۇر. ئۇلۇغ ئىلىك ئانى ئوت ـ غالى يىگەدگەلى قاتىغلان (.)

مەنىسى:

ئۇ راكشاس ياخشى سوزلەرنى قىلىپ، خىلمۇ ـ خىل قىياپەتلەرگە كىردۆپلىپ، ئوزىنى پەدەزلەپ، ئوزىنىڭ بەلگىسىنى بىلدۇرمەستىن نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنى ئولتۇرگۆزدى. هەي ئۇ ـ لۇغ ئىلىگ بەك، ئۇنى ئۇتۇشقا تىرىشقىن (.)

ئەسلىسى:

25 . تىنىمن ئوك كوسۇشۇڭ ساقىنچىڭ بۇتگەي. ئوترۇ ئىلىگ بەگ تىركىن ئوك ئول راكشاسىغ تىلەگەلى باردى. ئول يمه دۇشتا ئاتلىغ راكشاس ئىلىگ بەگگە يىراقتىن كورۇپ ئوك ئوز كوركىن تەگشۇرۇپ چاشتا ئىلىگنىڭ يىگ ئۇستۇنكى

مەنىسى:

دەرهال ئارزۇلرىڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىلىگ بەك تېزلىك بىلەن ئۇ راكشاسنى ئىلىگلى باردى. يەنە دۇشتا ناملىق راكشاس ئىلىگ بەكنى يىراقتىن كورۇپلا ئوزىنىڭ قىياپىتىنى ئوزگەرتىپ چاشتانى ئىلىگنىڭ ئەڭ ياخشى كورىدىغان

ئەسلى:

26 . ئەمراق قاتۇنىنىڭ كوركىن بەلگۇرتىپ ئىلىگ بەگ باسا سىنتايوريۇ ئوغلاغۇ ئۇنىن ئۇنتەيۇ ئىلىگ بەگ كە ئىنچە ـ

تىپ تىدى. ئەمراق بەگم مىنى ئورۇتتا ياتغورو قودۇپ قاتچا بارغالى ساقىنورسىز.

مەنسى:

ئامراق خوتۇننىڭ قىياپەت بەلگىلىرىنى بىلدۇرۇپ ئىلىك بەكنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ، نازۇك ئۈن بىلەن ئۈنلەپ ئىلىككە مۇنداق دىدى: ئامراق بېگىم، مېنى بۇ جايدا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ قەيەرگە بېرىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

ئەسلى:

27. ئاز - ئۈيمە ئادىن سەۋەر ئەمراقىڭىز بار ئەركى(.) ئانى ئۈچۈن مىنى قودۇپ باردىرسىز. تىركىن ماڭا سوزلەڭ. ئەمراق بىگم - ئە. بىرەك سوزلەمەسەر سىز مونا ئىسىگ ئۆزۈم ئۆز ئۆلگەلى تورۇر. بۇ ساۋغا ئەشىدىپ چاشتانى ئىلىك بەك...

مەنسى:

سىزنىڭ ئەجەپ يەنە باشقا سۆيۈملۈك ئامرىغىڭىز بارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى تاشلاپ كېتەمسىز؟ ھەي ئامراق بېگىم، چاپسان ماڭا سوزلەپ بېرىڭچۇ؟ ئەگەر جاۋاپ بەرمىسىڭىز ئىسسىق جېنىم چىقىپ كېتىدۇ. بۇ سوزنى ئاڭلاپ چىستانى ئىلىك بەك...

ئەسلى:

28. ئىرغاقىن... ئوترۇ دۇشتا ئاتلىغ راكشاس ئەرتىنگۇ قورقوپ ئۆز راكشاس كوركىن ئۆگ ئىلىگ بەگ - نەڭ ئادا- قىن - تا باغارىن سۇنا ياتىپ ئىنچە تىپ تىدى: ئۇلۇغ ئىلىك ئەمتى مىن ساڭا سانلغ ئەرۇرمىن (.)

مەنسى:

يىراقتىن... شۇنداق قىلىپ دۇشتا ئاتلىق راكشاس ناھا-

يىتى قورقۇپ، ئۇز راكشاس قىياپىتى بىلەن ئىلىك بەگنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ، باغرىنى يەرگە يېقىپ مۇنداق دىدى: ئەي، ئۇلۇغ ئىلىك بەك، ئەمدى مەن ساڭا تەۋەدۇرمەن.

ئەسلى:

29. نەتەگ يىرلىقاسار ئانى بوتۇرگەلى ئانۇق تۇرۇر من. مۇنتا ئىنارۇ ئاي - ئى ئىراق ئەرمەز تارىچانتا ئاتلىغ ياۋلاق راكشاس بار. سەننىڭ ئول ئۇشۇڭداقى ئىگ ئەمگەكنىڭ توز ئى ئىلتىز ئى قول ئەرور.

مەنىسى:

قانداقلىكى ئەمرى - پەرمانلىرىڭ بولسا، ئۇنى پۇتتۇرۇشكە تەييارمەن. بۇ ياقىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئانچە يىراق بولمىغان (جايدا) تارىچانتا① ناملىق ياۋۇز راكشاس بار. سىنىڭ دولەتڭدىكى بالايى - ئاپەتلەرنىڭ يىلتىزى ئاشۇدۇر.

ئەسلى:

30. تانىڭ يىرلىقىنغا ئەركسىز - ئىن من بۇ مۇنتاغ ياۋلاق ئادا قىلىۋر من. ئانتا ئوترۇ چاشتانى ئىلىك بەك ئەلىپ قاتىغ يۇرەكىن ئول راكشا! سىغ تىلەگەلى باردى. ئانچە يوريىۋ ئىراقتىن قوڭقىمو② ئۇنى يىر ئۇنى ئىشىدىلتى.

مەنىسى:

ئۇنىڭ بۇيرۇغى بىلەن (مەن ئىلاجسىز) بۇمۇ شۇنداق يامان ئىشلارنى قىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن چاشتانى ئىلىك بەگ قورقماس يۇرىگى بىلەن ئۇ راكشاسنى ئىزلەپ كەتتى. ئاشۇند-

① ئۇچ تال توقۇلغان چېچى بار جىننى بىلدۇرىدۇ.
② بىر خىل چالغۇنىڭ ئىسمى بولسا كېرەك.

داق يۇرۇپ يىراقتىن قوڭغۇرۇقتەك ئۇنى بىلەن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەسلى:

31. ئوق ئىلىك بەك قاپقارا تۈندە تاۋش تىلىك ـ سايۇ بىر ئەدۆن ـ كى ـ ئە تۇردى. ئول يىر ئۇنى ئىشتىمىش تە ئوك بودىستۇ① لار نەڭ بىلگە بىلگىن ئۇتغۇراق بىلتى. يەكلەرنىڭ ئالىن ئالتاغىن تەۋىن كورىن بەلگۇرتمىش يىر ئويۇن.

مەنىسى:

ئۇ يەردە ئىلىك بەگ قاپقاراڭغۇ تۈندە ئۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ بىر هازاغىچە تۇردى. ئۇ ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپلا بۇددىستلارنىڭ زىرەكلىك بىلەن قىلغان بەلگىسىنى چوقۇم بىلدى: جىنلارنىڭ تۇرلۇك هىيلە ـ مىكىر، سېھىرگەرلىك بىلەن چىقارغان ناخشا ئاۋازى مۇشۇدۇر.

ئەسلى:

32. ئۇنى ئول تىپ ئانچە تۇرۇپ تەركىن ئوك ئول تارىچاننا ئاتلغ راكشاستا ياقىن كەلىپ ئىنچەتىپ تىدى. بىلتىم سەنىڭ ئۇتۇن راكشاس ـ ئا تەۋىن كورىن بىلگۈرتمىش قىلىڭ ـ چىلىڭ ـ ئىن...... قا نەڭ مىن.

مەنىسى:

ئاشۇنداق تۇرۇپ چاپسانلىق بىلەن ئۇ تارىچاننا ئاتلىق راكشاستا يېقىن كېلىپ مۇنداق دېدى: هەي، راكشاس. سېنىڭ

① بودىست مەنىسىدە.

قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭ ھىلە ـ مىكرىنى ۋاستە قىلغانلىقىنى بىلدىم.

ئەسلى :

........ 33، ..................................................

.................................................................

يالىنتەگ كوز ـ ئى قاراقى يالىنايۇ تەگمز ـ ئىن تۇرۇپ ئۇلۇر-
ماز ـ مۇ. ۋرونى تكرى ئىنچەتىپ تىدى (.)

مەنىسى: ..................................................

.................................................................

كوز قارىچۇغى (خۇددى) مەشئەلدەك يالتىراپ تىنىماي
ئايلىناتتى. ۋىرونى (جىنىنىڭ ئىسمى) تەڭرى مۇنداق دىدى:

ئەسلى:*

......... 34. ..................................................

.................................................................

ئەسلى:

40. ئارۇسىنچىلار بەگى تۇز ئۇن كامراككتى ئا. ئەمتى
چاشتانى ئىلىك بەك كوز ئۇنمەز بولۇپ باردى. قالىن يەكلەر
تەگىرمىلەيۇ ئاۋلاپ ئىتىلەر ئەرگەي، ئانچا سوزلەيۇ تۇرۇر ئەر-
كەن. ئانىڭ ئاراسىنتا چاشتانى ئىلىككە

مەنىسى:

سىپەھىدگەرلەر بىگى ھەي جانابى كامراككتى، ئەمدى
چاشتانى ئىلىك بەك كوزگە كورۇنمەس بولۇپ بىرىپ، نۇرغۇن-
لىغان جىنلارنىڭ قورشاۋى ئىچىگە باردى. (ئۇلار) ئاشۇنداق

* موشۇ يەردىن باشلاپ 6 پارچىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى
ئانچە ئېنىق ئەمەس. ئۇچۇپ كەتكەنلىكتىن قىسقارتىلدى.

سوزلىشىپ تۇرۇپتىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاشتانى ئىلىك بەككە

ئەسلى:

41. ياقىن بەلگىتەگ ياۋلاق ئۇن ياڭقۇ تەگ ئەشتىلدى. يەكلەر ترز ئۇل بادرۇق چكىر بىنتىپال ـ تا ئۇلاتى بى بىچغۇ ـ لەرى بىر ئىكىنتى كە سالمىش توقمىش ئۇنۇنگە مىڭ ئەرتۇق كوۋرۇكلەر ئۇنىنتە ئۇس تونرەك ياۋلاق ئۇن تۇردى.

مەنىسى:

يېقىنلا بىر يەردە يامان بىر ئەكس سادا ئاڭلاندى. جىنلار ئۇچ ئاچماق نەيزە، بايراق، قالقانلىرىنى ھازىرلاپ ھەمدە قىلىچلىرىنى كوتىرىشىپ، ئوز ئارا سانچىشقان، ئۇرۇش ـ قاندا پەيدا بولغان ئاۋازلىرى مىڭ خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ ھەيۋەتلىك ئاڭلىناتتى.

ئەسلى:

42. ئانتا ئوق قورموز تاتگىرنىڭ چىتراۋىرى ئاتلىغ ئوغلى تىگرىدەم تونىن بىلگە يورگەيۇ ئالىپ ئىنتىرادانۇ ئوغياسىن ئىلگىنتە تۇتۇپ چاشتانى ئىلىك ـ نىڭ تەگرەسىنتە كەزئە يورىدى.

مەنىسى:

ئۇ يەردە قورمۇزدا تەڭرىنىڭ چىتىراۋىرى ناملىق ئوغلى تەڭرىلىك تونىنى بىلگە يوگەپ ئېلىپ، ئىنتىردانۇ ناملىق ئوق ـ ياسىنى قولىدا تۇتۇپ چاشتانى ئىلىكنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۇرۇپ سەيىالدى.

ئەسلى:

43. ئانتا ئوترۇ يىرتىنچو يىرسۇۋ تەبرە ـ مىشىن كورۇپ مايترى بودىستۋ ياشۇ مايترى بودىستۋ بىرلە كوك قالىغ يو ـ

لىنچا يورىيۇ كىلىتى لەر. ئوترۇ مايتىرى ـ بۇدىستىۋ ئىنچە تىپ تىدى: تۇز ئۇن ياشۇ مايتىرى ـ ئا بۇ چاشتانى ئىلىك بەك سىز ـ ئىكسىز بۇتۇن ئوك ئالقۇ. يەكلەرىگ بارچا بولۇك يىڭاق ساچغاي.

مەنىسى:

شۇنداق قىلىپ جاھاندىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەۋرەپ كەتكەنلىكىنى كورۇپ، مايىترى بودىستىۋ بىلەن ياشۇ مايىترى بودىستىۋ بىرلىكتە كوك ئاسمان يولىدىن كەلدى. ئاندىن مايتىرى بودىستىۋ مۇنداق دىدى: ھە، جانابى ياشۇ مايتىرى، بۇ چاشتانى ئىلىك بەك شەك ـ شۇبھىسىزكى، شۇ كۇنلەردە بارلىق جىن ـ لارنى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىتىۋاتىدۇ.

44. ئەسلى:

بۇ تىڭرىلەر يوقسۇز ئەمگەنۇر ـ لەر بىرەك ياغىز يىر ئار ـ قاسىنتاقى تۇپراقنىڭ پىرمانۇ قوغ قىچمىق سانى نەچە ئەرسە. يانايمە ئالقوتىنلىغ لارنىڭ سانى ساقشى نەچە تەڭلىگ بولسار، نەچە تەڭلىگ قالىن كۇچلۇگ ياۋلق يەك ئىچكەك بولسار ـ لار، بۇدىستىۋ ئوغۇشلۇغ ئىلىك بەكنىڭ ئاڭ مىنتىن ئەت ئۇز ئىن تەكى بىر ئەۋىن تۇسىنگەيمە ئادا تۇدا تەگۇرگەلى ئۇغۇلۇغ ئەرمەزلەر.

مەنىسى:

بۇ تەڭرىلەر بىكاردىن ـ بىكارغا جاپا چېكىۋاتىدۇ. ئەگەر ـ دە قوڭۇر يەر ئاستىدىكى تۇپراق زەررىچىلىرىنىڭ سانى قانچە بولسا، شۇنداقلا يەنە بارلىق جىنلارنىڭ سانى نەچچە ھەسسە بولسا، كۇچ جەھەتتىن نەچچە ھەسسە كوپ، كۇچلۇك ياۋۇز جىن ـ ئالۋاستىلار بولسىمۇ، بۇدىستۇغا ئوخشاش ئىلىك بەكنىڭ تېنىدىكى بىر تال مويىغىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۇزەلمەيدۇ.

# سەككاكى غەزەللىرىدىن تاللانما

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **قۇربان بارات**

بويۇڭنىڭ بۇتمەدى سەرۋى راۋان، ئى جان،
يۈزۈڭنىڭ ھەم ئاچىلمادى چەمەندە گۈلىستان، ئى جان.
ئۇقۇۋۇزنىڭ باشاقىنغا كوڭۇل مۇشتاق، كوز ئاشىق،
بۇلار تالاشماقىن بولدى ئۇل ئىككى ئارا قان، ئى جان.
ئەگەر رۇم ئەھلىنە زۇلفىڭ ھەبەشنىڭ لەشكەرىن سالسا،
كوڭۇل مۇلكىندە ئۇل سائەت تاپىلماس ھىچ ئامان، ئى جان.
سىنىڭ لەئلىڭدىن ئوختانىپ قىزارۇر لەئل قان ئىچرە،
ھەسەد ئەلتۇر مىنىڭ يۈزىم كورۇبان زەئفىران، ئى جان.
يۈزۈمنۈڭ سارىغىن بىلمەس باقىپ دۇشمەن، بىھەمدىللاھ،
بۇ ئەشكىم ھىممەتى قىلدى ئىپتاگىم ئارغۇۋان، ئى جان.
يۈزۈڭ دەۋرىندە كوزلەرىم گاھى لەئلۇ، گاھى لۇئلۇئ،
چىقارۇر كورسە بۇ سەنئەت ئۇيالۇر بەھرۇكان، ئى جان.
فەلەك سەككاكىگە بۇكۇن قۇلۇڭ مىن دىر جىھەت زاھىر
تۇن ئاخشام ئىتلارىڭ بىرلە ئۇتۇرمىش بىر زامان، ئى جان.

× ×

يۈزۈڭنى كورسە قىلۇر گۈل ئۈزىنى يۈز پارە،
خوتەن يازىسىدا ئاھۇ كوزىڭدىن ئاۋارە.

كوڭۇل شەكەربىكىن ئاغزىڭ كورىب ئەدەم بولدى،
ئايتىبادىڭ بىر ئاغىز، ئى فەقىرى ھىچ كارە.
بەلي، بۇ رەنجۇ بالانى مېن ئىختىيار ئەتدىم،
ئوزۇمگە ئىشنى ئوزۇم قىلدىم، ئەمدى نې چارە.
كوزۇم ياشىنغە نەزەر قىل، كوڭۇل بولۇر رەۋشەن،
ئېي سەۋرى ناز، ئاقار سوۋغا قىلسا نەززارە.
بۇ ياش قەترەلەرىن كور يۇزۇم ئۇزە غەلتان،
مۇنۇڭ بىكىن يورۇماس ھىچ فەلەكتە سەييارە.
كېچەئو كۇندۇز ئىشىم يىغلاماق كۇچۇم زارى،
غەمىڭدىن ئوزگە كىشى يوق قاشىمدا غەمخارە.
كوزۇڭ بەلاسى بىلە جانگە تېگدى، سەككاكى
داغى نې قىلغۇسى بىلىبان ئاخىر بۇ مەككارە.

× ×

مەسجىد بۇلۇڭۇڭدە تۇرۇب، ئەي يارى يەگانە،
مېهراب بىكىن قاشىڭگە ئوتالى دۇگانە.
مېن بىر قۇل ئەرۇرمەن سېنگە دۇنيادە باھاسىز،
يېدۇرغالى ئەسرى داغى ئىزدامە باھانە.
مەجرۇھ بولۇر غەمزەڭ ئوقى بىرلە دەمۇ ـ دەم،
باغرىمكىم ئەرۇر تىرى مالامەتغە نىشانە.
ئىشىگىڭ ئىتى ئۇنى ياقار خوش قۇلاغىمغە،
ئاشىق كىشىگە ياقمانتېك چاڭۇ، چەغانە.
ئايتېك يۇزۇڭۇ بىر قارا تۇنتېك ئىكى زۇلفۇڭ،
ۋەجھى بۇ يۇزۇڭگە دېدىلەر ماھى شەبانە.

قۇرىتتى تاماقىمنى رەقىب جەۋرى بىلەن ئاھ،
بوغزىنى بىچىپ ئىچسەم ئانىڭ قانىنى قانە.
قۇم سانىمۇ سەككاكى غەمى كۆپمۇ دىمىشسېن،
كېل، قۇم يېرىدنە غەم سانىنىڭ ئۆزىنى سانە.

× ×

قارا كۆز بىرلە بىر غەمزە قىلىپ يۈز مىڭ جافا قىلما،
كەرەشمە بىرلە ئالەمنى مېنىڭتېك مۇبتالا قىلما.
مېنىڭ بۇ خەستە جانىمگە سېنىڭ دەردىڭ ئەرۇر مەرھەم،
قىيامەتقە تېكى ھەرگىز بۇ دەردىمگە داۋا قىلما.
مېنى، ئەي ئاي، قورقامېن قىلىپ دۇنيادە سەرگەشتە، -
ئىشىگىڭ تۇپراقىن كۆزگە تاپىلماس تۇتىيا قىلما.
فىراقىڭ بوتاسى ئىچرە تەنىمنى سىزغىزۇر ھەر دەم،
يۈزۈمنى ئالتۇن ئەتقالى غەمىڭنى كىميا قىلما.
ئاخىر نېگانە تېپ گىرىيان ئىشىگىڭدىن قۇۋار بولساڭ،
كۆلەر يۈز كۆرگۈزۈپ ئاۋۋال كىشىنى ئاشنا قىلما.
باغىر قان ئەيلەدىڭ جەۋرۇ جافا بىرلە ئي سولتانىم،
كۆزۈم ياشى بىلەن ھەر دەم يۈزۈمدە ماجارا قىلما.
ئي سەككاكى، بۇ شاھ قابىقىن، غەنىمەت تۇت چۇ زۇلفىنغە،
ئازاقىن باغلاغان قۇشسېن، ئۇچارگە ھىچ ھاۋا قىلما.

× ×

ساچىڭدىن نەفا دائىم كىن ئىچىندە،
خاتاسىن كۆرگىل ئانىڭ چىن ئىچىندە.

ساچىڭ چىمەنغا گاھ ـ گاھ شانە ئۇرساڭ،
چىقار بىر تارى يۈز مىڭ چىن ئىچىندە.
يۈزۈڭ خورشىدۇ ئاغزىڭ، تىشىڭ، ئەي جان،
ئەرۇر بىر زەررەئى پەرۋىن ئىچىندە.
كوزۈڭنى كورسە زاھىد يولدىن ئازغاي،
نېچە كىم بولسە مەھكەم دىن ئىچىندە.
ئاغىز ئاچماققا يوقتۇر زەھرە، لېكىن
نېلەر يوقتۇر مەنى مىسكىن ئىچىندە.
قىلىچىڭنى چىقار، چاپ ساك ئاتىڭگە،
مېنى تۇتقۇنچە مۇنداق قىن ئىچىندە.
ھەلا سەككاكىي نىم جان زەھمەتىدىن،
خالاس تاپقۇڭ بۇ كۆن يارىن ئىچىندە.

× ×

ئال ئېلىگە ئايىنە يۈز كور رەسمۇ ئايىندە،
تەراۋەتىمۇ كورۇنگەي پەرى چىھرايىندە.
كىم ئاي كوردى سەنىڭتېك باشىندە تۇپۇكى بار،
نې سەرۋ كوردى قەدىڭتېك قىرىم بۇ قايىندە.
سېن ئۇز بېگىمسېن ئۇلۇسۇڭ ئىچىندە ئانىڭ ئۇچۇن،
قىيا كوزۇم سېنىڭ ئورنۇڭ كوڭۈل سارايىندە.
سېنى مېن ئاي تېگەي ئېردىم، ۋەلې بۇ رەۋشەندۇر،
يۈزۈڭ فۇرۇغى كورۇنمەس فەلەكنىڭ ئايىندە.
رەقىب رايى ئول ئېرمىش، مېنى سېن ئولتۇرسەڭ،
جانىمغە تازا تىرىكلىك ئانىڭ بۇ رايىندە.

يۈزۈڭ سىفاتىنى كۆيسىدە گەر سىمائ ئەتسە،
كىشى تۈرۈپمۇ بولۇر ئىل ئاھۇ ۋايىندە.
ئىشىڭىڭ ئىتلارى سەككاكىدىن قىلۇر فەرياد،
كىم ئۆيىتۇ بىزگە هارام ئولدى ئۈشكۇ بايىندە.

× ×

يۈزۈڭ خەيالى كوڭۇلگە تېگۈردى پەرۋانە،
كىم ئول مۇھەببەت ئوتى ئىچرە جان بىلە يانە.
ئۈزاتتى قىسسەنى جانىمغە زۇلفۇڭ ئول سەۋدا،
جاھان ئىچىندە مېنى ئېلگە قىلدى ئەفسانە.
نېتاڭ بولسا ئەگەر لەيلى زۇلفۇڭە مەجنۇن،
پەرى يۈزۈڭگە بولۇر خالى كورسە دىۋانە.
كوڭۇل ۋىسالىڭگە مۇشتاق جانۇ تەن بىرلە،
بەلى، مەسەلدۇر ئىشتگەن بۇ گەنجۇ ۋەيرانە.
لەبىڭ مەيى بىلە ئۇسرۇك كوزۇڭ كورۇپ زاھىد،
كاباب قىلدى جىگەرنىۋ، ئورنى مەيخانە.
رەقىب هەدىدىن ئاشىب قانىمغە سۇ سەب ئەيۇر،
ئانىڭ قارا قانىنى ۋاي بىر ئىچسەمان قانە.
كوزۇڭ كەرەشمە بىلە، هاي يازۇقلى سەككاكى،
سېنى مېن ئولتۈرۈرمېن تېب ئېتتى تۇركانە.

× ×

ئەي جاندىن ئارتۇق سىۋگەنىم، قەسد ئەتمە ئاخىر جانىمە،
رەھىم ئەتگىل ئولتۇرمە مېنى، ناهەق قالۇرسىن قانىمە.

ئوتلۇق كۆزۈڭ ئالىندە كۆپ بىريان قىلدىم جانۇ دىل،
ئۆسرۈك ھەم ئۇل كافىر نېدىن مەيىل ئېتمەدى بىر يانىمە.
يۈزى قارا بولسۇن كۆزۈم ئاندىن كۆرەرمېن بۇ بەلا،
يوق بولسۇن ئۇل كۆڭلۈم مېنىڭ ھېچ كىرمەدى فەرمانىمە.
كۆز ئەرنىڭۇ تىشىڭ كۆرۈپ ئاۋۋال نەزەرنى يىغمادى،
ئاخىر چىقارسا لەئلۇ، دۇر نې سۇد ئۇشەل ئۇممانىمە.
ئۇل زۇلفى چىننىغا كۆڭۈل تۇشتى خاتاسىن بىلمادى،
ئەي خەلق، بىر تەگرى ئۇچۇن پەند ئەتىڭ ئۇل نادانىمە.
كۆڭلۈم ئويىنى بۇزدىڭۇ ھەرگىز ئىمارەت قىلمادىڭ،
ئەي ھۇسن گەنجى، بىر نەزەر قىل، بارى بۇ ۋەيرانىمە.
سەككاكى يىغلاپ، كۆز ياشىن يامغۇرتېك ياغدۇرۇر،
يېتكۈرگىل ئانى، ئەي سەبا يۈزى گۈلى خەندانىمە.

× ×

جان ھەجر ئوتىنە تۇشتى يانا بىزنى ئۇنۇتما،
زۇلفۈڭ بىكى قەد بولدى دۇتا بىزنى ئۇنۇتما...
يوق ئېردى رىزا كېتكەلى بىر لەھزە قاشىڭدىن،
سېندىن چۈ يىراق سالدى قازا بىزنى ئۇنۇتما.
خارتېك ياڭاقىلىڭ فۇرقەتى ئىچرە كۆڭۈلۈ جان،
ئۇل كويدى جۇدا ئۇ بۇ جۇدا بىزنى ئۇنۇتما.
ئىسا دەمىنىڭ بار ئەسەرى ھەر نەفەسىڭدە،
جان دەردىنە، ئەي خۇلقى داۋا، بىزنى ئۇنۇتما.
ھىجران ئېۋىنىڭ كۇنجىن ئالىپ كېچەئۇ كۇندۇز،
زۇلفۇ يۇزۇڭگە تىلدا سانا، بىزنى ئۇنۇتما.

سەككاكى ئۇل ئاي مەنزىلىنە خۇد يېتە بىلمەس،
سېن يېتسەڭ ئەگەر ئاندا، سابا بىزنى ئۇنۇتما.

× ×

ئەي بادى سابا، بىزدىن ئەيت يار قاشىندە،
ئۇل قامەتى سەرۋۇ ئەڭى گۈلنار قاشىندە.
كىم بىزنى فىراقىدا مۇنۇڭتېك قىيناغۇنچە،
چىقسۇن داغى سالسۇن ئىتىگە يار قاشىندە.
جان رەختىنى جادۇ كوزى ئالسا ئەجەپ ئەرمەس،
كىم ساقلادى رەختىنى بۇ ئەييار قاشىندە.
سىمتېك ساقاقى، ئۇل ياڭاقى لايىقى ئارى،
ئاق ئىلە ياراشۇر بۇ قىزىل نار قاشىندە.
كېسسە داغى تاشلاسا رەقىبنۇڭ باشىن ئۇل يار،
نېتەر بۇ تىكەن ئۇل گۈلى بېخار قاشىندە.
نېدىن بىلۇر ئېل مېنى ئۇل ئاي ئاشىقىدۇر تېب
چۈن سوزلەمەدىم ھېچ دەرۇ دېۋار قاشىندە.
كويدۇرسە نې تاڭ ئىشق ئوتى سەككاكى ۋۇجۇدىن،
ناچار كويەر پاختا، بەلې، نار قاشىندە.

× ×

گۈل غۇنچە بولۇر كورسە يۈزىنى چەمەن ئىچرە،
تىترەر كورۇب ئاي ئېلنى شەمسۇ ئەنجۇمەن ئىچرە.
كىم كوردى ئانىڭ ئېرنى مېنىڭ باشىمە مەڭەزەر،

بىر لەئىل بەدەخشانتىك بىر دۇر ئەدەن ئىچرە.
بويۇ، يۈزۈ، لەئىل ئېرنۇ، خەتۇ خەددىنە تۇش يوق
سەرۋۇ، گۈلۇ، مۇل، نەستەرەنۇ ياسۇمەن ئىچرە.
جادۇ كوزىنى كەشمىر ئېلى خەلقى كورۇبان،
تۇتتۇق دېدىلەر، سېنى مۇسەللەم بۇ فەن ئىچرە.
خوبلەر چۇ ياساپ يۈز ياسالار زۇلفى چىرىكىن،
بىلگۈلۈك ئېرۇر يۈزۈڭ، ئەي شاھىم، تۇمەن ئىچرە.
يۈزۈڭ بىلە لاف ئۇرغالى كۈن لابدە ئويالغاي،
شەمئىي ئېرور ئۇل غايەتى يېر ـ كوك لەكەن ئىچرە.
سەككاكىدىن، ئي جان، غەمىڭ ئەلچىسى تىلەر جان،
جان بىرلە، راۋان قىلدىم ئەگەر بولسا تەن ئىچرە.

× ×

ئەي راست قەدىڭ سەرۋى راۋان جان چەمەنىدە،
يۈزۈڭ بىكى گۈل يوق گۈلىستان چەمەنىدە.
بۇ شىۋە بىلە سېن يورۇسەڭ بىر چەمەن ئىچرە،
جۇر يۈرىسەگەي ئاللىنە رىزۋان چەمەنىدە.
تۇن بىر كۆلەگەچىتەك كورۇپ ئاغزىڭدە لەتافەت،
قان قىلدى باغىر غۇنچەئى خەندان چەمەنىدە.
قەددىڭنى كورۇپ سەرۋى سەھى ئىرغايۇ باشنى،
قالدى تىكەلىب بېخۇدۇ ھەيران چەمەنىدە.
قۇللۇقتا بىتىك بېرۇر يۈز شادلىق ئەيلەر،
زۇلفۇ خەدىڭگە سۇنبۇلۇ رەيھان چەمەنىدە.
يۈز پارە قىلۇر گۈل يۈزىڭ ئالىندە ئۆزىنى،



AltunOq

چۇن تاپمادى ئۇل رەۋنەقۇ نەۋقان چەمەندە.
سەككاكتىك ئاغزىڭنى كورۇب كانى لەتافەت،
چاك ئەيلەدى گۇل غۇنچە گىرىبان چەمەندە.

× ×

نار ياڭاقىڭ ئارزۇسىدا جاننى بىمار ئەيلەمە،
ھىچ يوق ئىركەن يازۇقۇم مىنى گىرىفتار ئەيلەمە.
يالغانۇ چىندىن چىتىپ ھەر لەھزە قاشىڭنى مىنگە،
كىلىك جاھاننى بۇ زەئىف كوڭلۈم بىكىن تار ئەيلەمە.
ئەي يۇزى گۇل، غۇنچە بولدۇم جەۋرىدىن ھەردەم مىنىڭ،
كوزلەرىم قان ياشىدىن ئالەمنى گۇلزار ئەيلەمە.
كوپ مۇسۇلماندىن قويۇب تەرسا بولۇرنى قەۋلەسەڭ،
سىن بۇ كۇندىن سۇڭرە ھىچ زۇلفىڭنى زۇننار ئەيلەمە.
قىلدىڭ ئەۋۋەل بەرگى گىل يەڭلىغ كوڭۇلنى لۇتف ئىتىپ،
بولماغىل ئەمدى دىلازار ئاخىر ئازار ئەيلەمە.
باسقان ئىز تۇپراقىتىك سەككاكىنى خار ئەيلەدىڭ،
سوۋ بىرايىن يۇز ئىرىب ئاندىن داغى خار ئەيلەمە.

× ×

ئي قامەتى سەرۋۇ كوزى نەرگىس، ئەڭى لالە،
زۇلفىڭ ئىرۇر ئۇل لالە ئۇزە مۇشك كۇلالە.
ئالىڭدە مىنى چاپ، داغى سال ئىتگە تەنىمنى،
ھىجران ئوقىنى جانىمە قىلغىنچە ھەۋالە.

تىشلەر رەقىبنىڭ بارسام ئىشىكىڭگە گادا تېپ،
ئىتلىكنى مەگەر ئوزىنە ئۇل قىلدى قەبالە.
نايتېك بويۇڭۇز ئارزۇسى تۇشگالى كوڭۇلگە،
ئۇشاق ئارا سالدى نەفەسىم زارىيۇ نالە.
جانلەر نى قىلۇر زۇلفۇنى تاغىتسا پەرىشان،
باغلار بۇ كوڭۇللەرنى ئەگەر توكسە نەغالە.
ئىش قايغۇغە تۇشسە قىلۇر ئۇل ئاشىقى سادىق،
بۇ ئىككى جاھان قايغۇسىنى بىر نەۋالە.
سەككاكىنى ئولتۇرسە يوق ئۇل قىلچە جاندىن،
قايغۇسى ۋەلې قايغۇم ئۇل ئاي كىرگە① ۋۇبالە.

× ×

كورۇب گۇلتېك يۇزۇڭ جان پارە - پارە،
جىگەر ھەم قىلدى ئۇل جان پارە - پارە.
جانىم كورگەن جاپانىڭ مىڭدە بىرىن
بولۇر گەر كورسە سەندان پارە - پارە.
كۇلەردە كورسە ئاغزى بىرلە تىشىن،
بولۇر گۇلنارى خەندان پارە - پارە.
نېتاڭ مۇندا ئۇزىن چاك ئېتسە غۇنچە،
ئەنىڭتېك بولدى چەندان پارە - پارە.
باغىر قان قىلدى ئىرىندىنۇ بولدى،

① كىرگەينىڭ قىسقارتىلغىنى بولۇپ، كىرسە، چۈشسە مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن.

كوزۇمدە لەئلۇ مارجان پارە - پارە.
سەقاقىن كىش ياقاسى ئوپكانىدىن،
جانىم جاكى گىرىبان پارە - پارە.
كوڭۇل سەككاكىتىك جان بىرلە رازى،
جىگەرنى قىلسا ئۇل جان پارە - پارە.

× ×

ئەي ھۇسن گەنجى، بۇ زەئىف كوڭلۇمنى ۋەيران ئەيلەمە،
يۈز ئوزرە زۇلفۇڭ تاغىتىپ ئومرۇم پەرىشان ئەيلەمە.
ھەر ناكەسي ھۇسن يۈزىنە خۇش تازا گۇل يەڭلىغ كۇلىب،
باغرىمنى ھەردەم غۇنچەتېك ھەسرەت بىلە قان ئەيلەمە.
نارتېك ياڭاقىڭ شوئلەسىن سېن كۇرگۇزۇب ئەغيارگە،
غەيرەت ئوتى ئىچرە يەنە باغرىمنى بىر يان ئەيلەمە.
بارچە خالايىق توپ بىكىن تاشلار ئاياقىڭ ئىزە باش،
بۇ ئىشگە زۇلفۇڭ دال ئېرۇر، سېن ئانى چاۋگان ئەيلەمە.
بولسا قىيامەت بارچەدىن قىلغان ئىشىن سورغۇسىدۇر،
ئاز قىل جاپا ئۇ جەۋرنى مۇنچە فاراۋان ئەيلەمە.
زۇلمۇ سىتەمنى زۇلفىڭۇ كافىر كوزىڭگە ئۇگرەتىب،
بۇ كېڭ جاھاننى سېن مېنگە بىر تار زىندان ئەيلەمە.
ئەي مىنجۇ تىشلىك دىلبەرىم، لەئلى گوھەر بارىڭ ھەۋى،
سەككاكىنىڭ ئىككى كوزىن ھەرلەھزە ئومان ئەيلەمە.

× ×

يۈزۇڭ خەيالى كوڭۇلنىڭ ۋىلايەتى شاھى،
بۇ بەختۇ تالېئىمنىڭ ئۇل جان سېپھرىنىڭ ماھى.

تىشنىڭ دۈرى تەلەبىندە كوزۈم ئۇلۇغ دەريا،
يېتىلدى مەردۇم ئانىڭ ئىچرە ئويىنار ئەلماھى.
ھەكىم ئەمر قىلۇر، سەبرۇ ئىشق نەھى ئېتەر،
جانىمنى كويدۇرۇر ئورتەر بۇ ئاسىرۇ ناھى.
ئەي يۈزى ئايىنە، ئېمىس كوڭلۈڭ ئايىنىدىن،
مۇنۇڭ بىكىن كىشىنىڭ كويدۇرۇر جاھان ئاھى.
نېتاڭ زۇلفۇڭ ئەگەر مېنى يولدىن ئازدۇرسا،
جاھان خەلقى ئېرۇر ئۇشبۇ يولدا گۇمراھى.
كېچەگى نالىشىمە خۇد تەنۇق فەلەكتە مەلەك،
سەھەردە يارەبۇ ئاھىم ئېشتىسۇن ئاللاھى.
ياۋۇتىمېڭ مېنى سەككاكى تېب ئېشىگىڭگە،
مېنۇ يىغىمىز سەھەرگاھ تەڭرى دەرگاھى.

× ×

جانىم ئېرنىمگە يېتكۈردى شەكەر ئېرنى تەمەنناسى،
بىلۈرمەن بېرگۇسى ئېلگە باشىمنى زۇلفى سەۋداسى.
كۇلەردە كورگەلى ئېرنى بىلە تىشىن سەفىدىن كور،
گاھى بولۇر بەدەخشانۇ، گاھى ئۇممان دەرياسى.
باغىرقان غۇنچەتېك ئاغزىن تىلەب ھەرگىز تاپىلمەستىن،
قاچان ئۇل گۇل بىكىن كولگەي ئاچىلغەي بۇ مۇئەمماسى.
كوڭۈلنۈڭ مۇھرەسىن قويدى دەغا ئويناپۇ شەشدەردە،
داغى نى نەقش كېلتۈرگۇسى بىلمەسمەن فەلەك تاسى.
يۈزى شەمئىندىن ئانچە كىم غۇرۇر ئۇل ئاي باشىندە بار،
جەھان پەرۋانەتېك كويسە يوق ئۇل بىر زەررە پەرۋاسى.
قەچانكىم غەمزەسى كوزلەپ ئوقىن كىرپىكى كېزلاسە،
قارا قاشلارىدىن پەيدا بولۇر ئۇششاقنىڭ ياسى.
پەرىتېك چېھرەڭگە بولدى، بەلى، سەككاكى دېۋانە،
بەلى ئىنساف يولىندە ئېرۇر ئۇل ئەسىر داناسى.

× ×

ئەي، قارا زۇلفۇڭ سەنىڭ سەۋدايىلەر سەرمايەسى،
سەرۋ بويلۇقلەر يۈزىنىڭ گۈل يۈزۈڭ پىرايەسى.
سەرۋ نې ھەد بىرلە سەركەشلىك قىلۇر قەددىڭ بىلە،
بىلگۈرۈر مەيدان ئىچىندە ھەر كىشىنىڭ پايەسى.
تورت ئومم، يىتتى ئاتادىن بىر سىنىڭتېكىنى يەنە،
تۇغرۇب ئۇلغاتمادى ھەرگىز بۇ ئاجۇنىنىڭ دايەسى.
رايىڭ ئۇلدۇر مېنى ئولتۇرسەڭ ۋە لېكىن فىكىر قىل،
ئاخىرى بولۇر پۇشايمان ئادەمى خۇدرايەسى.
بىر سەنەۋبەرتېك قەدىڭنىڭ سايەسىن كورسەم ۋەلې،
شەمئىسىن بۇ رەۋشەن ئۇلكىم شەمئىنىڭ يوق سايەسى.
كوزلەرىڭ قەتتال ئېرۇر، كىرپىكلەرىڭ قان توكىكۇچى
ئوزگەنى ئورگەنسۇن ئۇل جەللادىنىڭ ھەمسايەسى.
قىلدى سەككاكىي قارا زۇلفۇڭ بىلە سەۋدا بەسې
ئىلگىدە ھالى پەرىشانلىق ئېرۇر سەرمايەسى.

× ×

مېنى ئولتۇردى كوزى، ئېرنى ھىمايەت قىلمەدى،
ئىكىلىك ئولدى گويىيا، ئىسا رىئايەت قىلمەدى.
نەرگىسى بىر غەمزە بىرلە قۇتقارۇ جاندىن مېنى،
مۇنچە ئىششىمنى نې بولدى ئۇل كىفايەت قىلمەدى.
كويدى - يۇ بىر كۇن رەقىبقە سىررىن ئەيمادى كوڭۇل،

ياردىن ئەغيارقە ھەرگىز شىكايەت قىلمەدى.
مۇشاك ئوقدى خەتتىنى زۇلفىن كورەدۇرگەچ سەبا،
ئاڭلاسام بەخسۇس ئۇچۇن ئەندىن رىۋايەت قىلمەدى.
دۇنيادە ئاشىققە مەئشۇقى جەفانى، ئەي سەنەم،
قىلدى كوپ، لېكىن ھەممىشە خويۇ ئادەت قىلمەدى.
كوڭلۈم ئېلى ھالىنى سورماقغە يوق ھېچ ئېھتىياج،
فايدا ئىشقىڭ لەشكەرى يېتتىيۇ غارەت قىلمەدى.
تاش باغىرلىق دىلبەرىم سەككاكى كوڭلى كەئبەسىن،
يەقتى يالغان ۋەئدە بىرلە ھەم ئىمارەت قىلمەدى.

× ×

ئاي يۈزۈڭ كوردۇم ئۇچەكتە مېن گەدايى كوركەباي،
ئۇيقۇدىن ئويغاندى جانىم كېلدى چۈن تۇڭلۈككە ئاي.
شەيئەلىللاھ دېسەم ئاغزىڭدىن جەۋابى ھېچ يوق،
ئارى شەككەر كىمگە لايىقتۇر يېمەككە ھەر گەداي،
يېتسە جانىڭ چىمقالى بىر قۇبلە سۇنايىن دېدىڭ،
يېتتى ئوش ئېرنىمگە جانىم ۋەئدە كېلتۇرگىل بەجاي.
شېئىر ئوقدى تۈن كېچە قويىندە يۈزۈڭ ۋەسفىدىن،
كوپدى ھەر بىر گوشەدە مىڭ نالەئۇ، فەريادۇ ۋاي.
تەڭرىلىق بولغاي رەقىبنى مەجلىسىڭدىن قەۋلەسەڭ،
ھەيف ئېرۈر خۇد ئادەمىي سەك بىرلە بولسە ئاشناي.
سېن بۇ كۈندىن سۇڭ ھۆكم قىل ئۇز مەقامىن ساقلاسۇن،
نې قىلار چاكۇ چەغەنە ئاراسىدە كارراناي.
دەشت ئېلىدىن ھاجى تارخانغە يېتۇشسە بۇ غەزەل،

تەرك ئېتەر ھەر بەيتىگە ئاسۇدە دۇنياسىن ساراي.
ئىشق پەرۋازى قىلۇر كوڭلۇم قۇشى مەنئ ئېتمەگىل،
تەرك بولمەس بۇ ھەۋا يېسە سوڭاكىمنى ھۇماي.
سېن بەغىشلادىڭ قانىن سەككاكنىڭ يوق يازۇقى،
بۇ بەغىشلاغان بىلە ئولتۇرماغىل بەھرى خۇداي.

× ×

بۇ كوڭلۇم شاھبازىنىڭ قارا زۇلفۇڭ ئېرۇر ئاغى،
كېتە بىلمەس ئۇچۇب مىسكىن چۇ زەنجىر ئۇل ئەنىڭ باغى.
ياڭاقىڭ رەشكىدىن ھەردەم قىزىل ئوتقا يانار لالە،
ئۇل ئال ئاڭىدە قارا مىڭدىن ئەنىڭ باغرىنداغى داغى.
كوڭۇل تىلاتىمۇ تاپتىم سوراغىن زۇلفۇڭ ئېلىندە،
بەلي ھىندۇستان ئېلى ئېرۇر ئۇل توتى تۇرلاغى.
يۇز ئېۋورۇب گۇل يۇزىڭ بىرلە تالاشمىش باغدا زېبالىق،
ئەنى يۇز پارە قىل ئەنداق يەنە بىر بولمەسۇن باغى.
قارا زۇلى ئال ياڭاقىڭگە گۇل ئوزرە سۇنبۇلۇ لايىق،
قىزىل نارتېك ئېگىڭ بىرلە سەقاقىڭ ئالمەسى ئاغى.
زېرى ئالدى ئېگىڭە زۇلفۇ لەشكەر سالدى يۇز يۇزگە،
قاشىڭ، كىرپىكىڭ ئوق تا تۇتتى قايدا كوردىلەر باغى.
ئېگىڭنى ئارزۇلەر دائىم توكۇپ ئەشكىنى سەككاكي،
تاشىتۇر يا ئەنىڭ قانى، يا تارتار ئەندە تۇپراغى.

× ×

ئەي كوزىم بىر دەم دەم ئۇر، باغرىمدا ھېچ قان قالمەدى،
ۋېي بەلا رەھم ئەت، تەنىمدە قايغۇدىن قان قالمەدى.

كم كورۇب نەرگىس بىكىن كوز بىرلە گۇلنىڭ يۈزىنى،
يېگە بېرىپ ئەقلۇ فەھمىن مەستۇ ھەيران قالمەدى.
تۇن چەمەن ئىچرە نىقابىن ئالمىش ئۇل گۇل يۈزىدىن،
غۇنچە يەڭلىغ چاك بولمەگەن گىرىبان قالمەدى.
خاترىن جەمئ ئەتتى، زۇلفىنغە يېتىپ بىر دەم سەبا،
بارى بۇ يولدە مېنىڭتېك ئۇل پەرىشان قالمەدى.
كانۇ دەريانى ھىجىل قىلدى كوزۇمنىڭ سەنئەتى،
لەئلۇ دۇرغە خۇد ئاياق ئاستىندە ھېچ سان قالمەدى.
غەم مېنىڭ زاتىمغە ۋاجىب بولدى، بولمەس مۇمتەنىئ،
ئوزگە ھەمل ئەتمە، جەفا كوترۇرغە ئىمكان قالمەدى.
چۈنكىم ئۇل ئىسا نەفەس قەسد ئەتتى، سەككاكى، سېنگە،
دەردى دىل بىرلە ئۇلەردىن ئوزگە دەرمان قالمەدى.

× ×

كم ئەرمەس ئۇل ئاي مۇبتەلاسى،
يالغۇز مېنگە يوق ئەنىڭ بەلاسى.
تۈشتى بۇ زەئىف جانىمغە دەردى،
ئۇلمەكتىن ئەزىن يوق ئۇل دەۋاسى
بېرگۇسى غەرىب باشىمنى يېلگە،
رۇخسارەي زۇلفىنىڭ ھەۋاسى.
كم كورسە ئەنىڭ كوزىنى ئەيتۇر:
نې تۇرفە ئېرۇر بۇ تۇرك بەلاسى؛
تۇركانە ئىر ئىرلەغۇنچە ئانىڭ،
كويدۇردى مېنى يالەي - بۇلاسى.

ئايىنە سىنىڭ يۈزىڭ كورۈبان،
لاف ئۇرسە، يۈزۈندە يوق سەفاسى.
دەردۇ، غەمۇ، رەنجۇ، مىنۇ، ئولماق
سەككاكىغە بولدى جان غىزاسى.

× ×

يانە گۈلتىك كۆلە كورسەم بىر ئۇل سەرۋى رەۋانىمنى،
ئەنگە شۈكرانە قىلغايمىن بۇ يالغۇز خەستە جانىمنى.
مۇسۇلمانلەر، فىراق ئوتى نىچە باغرىم كاباب ئىدىب،
ئىكى كوز يولىدىن توككەي يۈراكىمداگى قانىمنى.
مىنى بىر نىچە كۈن مۇنداغ زەمانە كويدۇرۇر بولسە،
جەهاندە تاپمەغەي هەرگىز كىشى نامۇ نىشانىمنى.
ئۇل ئاي ياڭكىم جەفا قىلسە، ۋەفا ئىرمىش بوكۈن بىلدىم،
ئىلاهىي باقى تۇت دائىم ئەنىڭتىك مىهرىبانىمنى.
ئەنىڭ زۈلفى، سوزى ئىچرە مىنىڭ قىسسەم ئۇزۇن بولدى،
سەبا نې بولدى يىتكورسەڭ ئەنگە بۇ داستانىمنى.
فەلەككىم بارچە ئالەمنىڭ قىلۇر قان باغرىنى هەر دەم،
ئىشتىسە باغرى قان بولغەي مىنىڭ ئاهۇ فىغانىمنى.
كورۈب سەككاكىنىڭ سارىغ يۈزىن هەر دەم كۈلەر ئەردى،
خۇدايا سىن، مۇفەررىھ قىل ئەنگە بۇ زەئفەرانىمنى.

× ×

جانا، قارارى يوق كوڭۇل زۇلفىڭدە ئارام ئەيلەدى،
شۈكر ئۇل پەرىشان ئىشنى ئاخىر سەرەنجام ئەيلەدى.

كويدۇردى ئۇل ئۇد تېك ئۇزە جانىمنى ئەنبە دېك تېنىڭ،
سىمتېك سەقاقىڭ گويىيا ئانىڭ ئىشىن خام ئەيلەدى.
ئۇلدۇم بۇ غەمدىنكىم غەمدىن مېن خاسسە قۇل بار ئېركەن ئۇل،
بىلمەن نې ھىكمەت ئېردىكىم، ئۇششاق ئۇزە ئام ئەيلەدى.
ناگاھ نەزەرنى ئۇزگەگە سالسە مېنى ۋەھم ئۇلتىرۇر،
قادىر بۇ ئاشىق كوڭلىنى مۇنداقمۇ ۋەھھام ئەيلەدى.
ھەردەم يۈزىنىڭ مۇلكىنى زۇلفى چېرىكى قاپسەيۇر،
كويدۇم مەن ئانىڭ زۇلمىدىن سۇبھىمنى ئۇل شام ئەيلەدى.
يۈزىن ئاي دېدىم، داغى كوپ ئۇزر قىلدىم ئۇفتانىپ،
شۇكر ئۇل ئېرىدىغە كىم ئەنىڭ كوڭلۇمگە ئىلھام ئەيلەدى.
غەم يېگىل، ئې سەككاكى، چۇن ئەۋۋەلدە قەسسامى ئەزەل،
ئەيش ئۇزگەلەرگە ئۇ سەنگە رەنجۇ غەم ئىنئام ئەيلەدى.

× ×

پەيۋەستە كوزدىن دۇر توكەر ئۇل ئېرنى مارجان ئارزۇسى،
يادى كوڭۇلنىڭ مۇنىسى لەئلى ئېرۇر جان ئارزۇسى.
ھورلەرگە قىلسە بېقۇسۇر ئانىڭ سىفاتىنى مەلەك،
جەننەتنى قويۇپ ئىشىگى بولغايدى رىزۋان ئارزۇسى.
يۈزى گۇلىستان تابغىنە زىنھار ئەگەر يېتسەڭ سەبا،
مېنى ئەيتقىل زۇلفىنە قىلدى پەرىشان ئارزۇسى.
ئۇل گۇل بىكىن ھەددىڭ ئۇزە ئۇنگەن خەتىڭنىڭ سەبزەسى،
يۈزۈڭ تاماشاسى ئېرۇر دائىم گۇلىستان ئارزۇسى.
ئې دوستلار، مېنى تىرىك دېمەڭ كورۇبان سۇرەتىم،
كوپ بولدى جانىم ئالغەلى ئۇل كوڭلۇم ئالغان ئاررۇسى.


AltunOq

گوز، تىشلەرى كورگەيمۇ، دىپ كورمادى ھىچ ئۇيقۇ يۈزىن،
ئارى ھەمىشە دۇر ئىرۇر، ئەلبەتتە ئۇممان ئارزۇسى.
سەككاكى ئۇل شاھ ئارزۇسى ئولتۇرسە سىنى نى ئەجەپ،
لابۇد ئولەر بولسە كىشى كوڭلىندە سۇلتان ئارزۇسى.

× ×

فۇرقەتىڭدە ئى پەرى، تەن كويدى ـ يۇ جان يىغلەدى،
دەم ـ بەدەم ئىككى كوزۇم خۇد قايغۇدىن قان يىغلەدى
ھىچ دەۋا يوق دەردىكىم جانىمدە بار ئانى كورىب،
تونىنى چاك ئەتتى تەبىبۇ، دارى ـ دەرمان يىغلەدى.
دۇر تىشىڭۇ، گۇل يۈزىڭنى ئاڭىپ ئانچە يىغلەدىم،
كىم مىنگە مىڭ نەۋھە بىرلە ئەبرى نەيسان يىغلەدى.
تۇن كىچە مەجلىستە يۈزىڭ ۋەسىدىن كىچتى ھەدىس،
شەمئى غەيرەت ئوتىنە ياندى ـ يۇ سوزان يىغلەدى.
ئىشىگىڭدە ئىت بىكىن باستىم نىچە يىل قاۋرۇلۇب،
ئۇشبۇ ھالىمنى كورۇپ كافىر، مۇسۇلمان يىغلەدى.
يىغلەدى ھەتتا رەقىب ـ نىڭ رەھمى كىلگەندىن مەنگە،
بارى ئۇل قاتتىق كوڭۇللۇك چىنمۇ يالغان يىغلەدى.
بىلدىلەر يۈزىن كورۇب سەككاكى ھالىن سورمەيىن،
خاسۇ، ئامۇ، شەھرۇ دىھ، دانائۇ نادان يىغلەدى.

× ×

كۈن تۇشتە كورسە ھوسنۇ جامالىڭ كامالىنى،
ئويغانىپ ئىختىيار ئىتەر ئوز زاۋالىنى.

بوستاندا گۈل يۈزۈڭنى كورۈب كوپ ئوفتانىپ،
يۈزى قىزاردى كوردۈم ئەنىڭ ئىنفىئالىنى.
ئىيد ئاخشامى نەزارەدە كوردى قاشىڭ مەگەر
گەردۈن ئېتاگى ئىسرە ياشۇردى ھىلالىنى.
كوردى كوكۈل كوزۈڭنىيۇ بىمار بولدى زار،
ئېرنىڭ مەسىھى سورمادى بۇ خەستە ھالىنى.
ئال بىرلە سالدى ئالما ياڭاقىڭ كوكۈلگە تار،
بىر بۈرقەئى ئال كورايىن ئەنىڭ نازۈك ئالىنى.
بىزنى رەقىبلەر ئولتۈرەدۈر يوق سېنىگە خەبەر،
ئەي ۋاي، نېچە تارتالى ئىتلەر ماجالىنى.
قانىم ھالال توكسە قىلىچىڭغە سوۋ بىكىن،
ئالدىم چۇ ئوز بويۇنىمە ئانىڭ ۋۇبالىنى.
كوز ياشى يىغلايۇ تۇشەيىن دېر ئاياقىڭگە،
بىلمان نېرۈر تابۇغدە بۇ سايىل ساۋالىنى.
ھەر لەھزە قافتېك كېلۈر ئالىمغە قايغۇ ئاھ،
سەككاكىنىڭ نې كورمادى بۇ قاتتىق ئالىنى.

× ×

كورۈب گۈلتېك كوزىڭ رەڭىنى كوزدىن يۈز چەمەن بولدى،
ئەقىق ئېرنىڭنى كورگەلى كوزۈم ھالى يامەن بولدى.
تۈن ئاخشام تولغانۇ سۈنبۈل بىكىن زۈلفۈڭدىن ئاھ ئۈردۈم،
ھاۋانى غالىيە تۈتتى جاھان مۈشكى خۇتەن بولدى.
قىلىب رەھنا قەدىڭ يادىن سەھەردە ئانچە يىغلادىم،
كوزۈمنىڭ جويبارى ئىچرە سەرۋۇ نارۋەن بولدى.

مەنىڭتېك گويىيا كوردى، يۈزىڭنى ئەبرى نەۋرۇزى،
كۆزنىڭ ياشىدىن يېر يۈزى ۋەردۇ ياسۇمەن بولدى.
سەبا زۇلفۇڭنى تاغىتتى مەگەر ھالى خەيالىمدا،
يېزىلدى ئەجدەھا بولدى، ئۇرادى ئەھرەمەن بولدى.
كورادۇرگەچ كوزىڭ كوڭلۈم سەنىڭ زۇلفۇڭگە باغلەدى،
كورۇڭ ئۇل جادۇدىن بۇ ھەم يەنە بىر ئۇزگە فەن بولدى،
ئەگەر شىرىن ئۈچۈن فەرھاد ئىشقى كوھكەن بولسە،
نېتاڭ سەككاكى ھەم، جانا، يولۇڭدە جانكەن بولدى.

× ×

باقىب بىر غەمزەسى بىرلە كوزى يۈزمىڭ بەلا قىلدى،
ئەقىقى ئىشۋەسى بىرلە ئەگىمنى قەھرەبا قىلدى.
مېنى بېگانەتىب ئاخىر سۇرەر ئېرمىش ئىشىگىندەن
كۆلەر يۈز كورگۈزۈپ ئەۋۋەل نېچە ئىشىگە ئاشنا قىلدى.
مېھرىدىن زەررە دەم ئۇردى، ئەجەپ گەرچىن بۇ ئۇل مەھتىن،
مەگەر سەبقى لىسان بولۇپ ئىبارەتتە خاتا قىلدى.
كوزۇم بىرلە يۈرەك قانىن تىلەرمەن دەم ـ بەدەم توكسەم
بۇ ئىككى شۇملىغى مېنى مۇنىڭتېك مۇبتەلا قىلدى.
ۋىسالىڭ شۇكرىنى بىلمادىم، ئېي جان لاجارەم گەردۇن،
ئېشىگىڭ تۇپراقىن ھالى كوزۇمگە توتىيا قىلدى.
نېچە ئالىن چىدىتىب قاشى تۇرىشلۇق بىرلە ئۇرۇشسە،
ۋەلې ئايىنەتېك يۈزى كوڭۈل بىرلە سەفا قىلدى.
ئوغان جانلەر ياراتىپ بۇ جەھانغە روزى بېرگەندە
فەقىر سەككاكىغە بارچە غەمۇ غۇسسە ئاتا قىلدى.

× ×

سۇرەتىڭگە ئەھلى مەئنى، ئەي پەرى جان ئاتادى،
سەيرەفىي ئېرنىڭنى كوردى لەئىل خەندان ئاتادى.
ئاغزىڭۇ تىشىڭنى كوردى، غۇنچە ئۇ گۇل دېدى راست،
قەددىڭگە قىلغان نەزەر سەرۋى خىرامان ئاتادى.
كىم سېنىڭ نازىك تەشىڭنى كوردى ساغىندى ھەرىر،
مۇتتەلىئ بولغان ۋەلي كوڭلۈڭدە سەندان ئاتادى.
زۇلفىڭۇ يۈزىڭنى كورگەن ۋەسفىن ئەيتۇر تونۇ - كۈن،
كوز قەمەر باقغان يۈزۈڭگە ماھى تابان ئاتادى.
غەبغە بۇ زۇلفىڭگە كىم ھەيرانۇ سەرگەردان ئۇقۇل،
ئەقلى يوق گودەكدۇر ئۇلكىم گويۇ چەۋگان ئاتادى.
جەئدىڭگە چىن مۇشكى دېمىشلەر بۇ نىسبەت بەس خاتا،
بارى مەن بىلسەم ئەنى قايىسى پەرىشان ئاتادى.
لالەتېك رۇخسارىڭگە باقغاندە سەككاكى كوزى،
ياشىنى كورگەن كىشلەر جالە باران ئاتادى.

× ×

ئەگەر قاشىمدە ئوشەل گۇلۇزار بولسە ئېدى،
غەمي يوق ئېردى، غەمىم گەر ھەزار بولسە ئېدى.
جانىم فىداسى ئەنىڭ كاشكى مېنىڭ بۇ تەنىم،
ئاتى تۇياقىدىن ئۇچقان غۇبار بولسە ئېدى.
كوزىم باغىر قانىدىن يۈز نىگار قىلمەس ئېدى،
ئەگەر كوڭۇلگە مۇۋافىق نىگار بولسە ئېدى.

بىرار كوڭۈل غەمسىدىن بولسە ئىدى، ۋاقىف دوست،
نى قايغۇ، دۈشمەن ئەگەر سەد ھەزار بولسە ئىدى.
ئۇلەردە قالمەگەي ئىردى كوڭۈلدە بۇ ھەسرەت،
رەقىب ئىت بىكىن ئىشىگىنە زار بولسە ئىدى.
جانىمغە سەھل ئىرۇر ئىردى، جەفاسى ئەغيارنىڭ،
ئەگەر كوڭۈل بىلە ئۇل يىر، يار بولسە ئىدى.
رەقىب تىشلەمەس ئىردى سىنى، ئەي سەككاكى،
ئەنىڭ ئىتىچە سىنىگە ئىئتىبار بولسە ئىدى.

× ×

ئەي گۇل، يۈزىڭگە ھورۇ پەرى بەندەئى جانى،
تالتىك بويۇڭ ئازادى ئىرۇر سەرۋى رەۋانى.
خوبلەر سانى يوق چىنۇ، خىتائۇ، خوتەن ئىچرە،
يەتمەس سەنگە لىكىن تىلەگەن دۇنيادە سانى.
ئۇل تىشگۇ ئىرنىڭنى كورىب بىر كۆلەرنىڭدە،
بۇ ئىككى كوزىم لەئلۇ گۆھەر بەھرىيۇ كانى.
يۈزىڭنى قىلۇر تازە كوزىم ياشىيۇ ئاھىم،
گۇل تازە بولۇر تاپسە ۋەلي ئابۇ ھەۋانى.
ئۇششاق قانىن توككەلى ئىلگە قىلىچ ئالسەڭ،
كىم ئىلگەرۇ تۇتمەس بويۇن — ئوز بويىننە قانى.
ئايدۇر سىنىڭ ئالىڭدە بۇ كۆن بىر ھەبەشىي قۇل،
تانسە يۈزىدە زاھىر ئۇلۇر داغ نىشانى.
ئان دىرلەر ئىمىش كوركلۇ كىشىلەر نەمەكىڭگە،
سەككاكى سىنىڭ يۈزۈڭە باقسە كورەر ئانى.

× ×

قۇدرەت ئېلى ياقۇت ئۇزە خەتتىڭنى تەھرىر ئەيلەدى،
ئۇل خەت بۇكۈن ھۆسن ئايەتىن ئالەمغە تەقدىر ئەيلەدى.
كورمەدىم، ئەي قىرغۇي قەراق غەمزەڭ بىكىن كوزى قارا،
قىلچە جانىمنى ئالغەلى نې مۇنچە تەدبىر ئەيلەدى.
زاھىد كوزۈڭ، قاشىڭ كورۈپ يۈزىن ئەيۈردى قىبلەدىن،
قۇتۇلمەدى بۇ فىتنەدىن ئۇل نېچە تەزۋىر ئەيلەدى.
دېۋانە بولماقلىق تىلەر كوڭلۈم چۇ ئۇل رەشكى پەرى،
دېۋانەلەرنىڭ بوينىنە زۇلفىنى زەنجىر ئەيلەدى.
پىرلىككە يېتگىل دەۋلەتۇ نېئمەت بىلە ھەر نېچە كىم،
ئىشقىڭ يىگىتلىكتە مېنى ھەسرەت بىلە پىر ئەيلەدى.
باش چاپتى-يۇ قىلدى كېڭەش قاشىڭ قانىمنى توككەلى،
خىزمەتتە بارلىق قىل يەنە بىلمەن نې تەقسىر ئەيلەدى.
غەم يېڭىل، ئەي مىسكىن كوڭۈل، چۈن چارە يوق خەلق ئېتكۈچى
سەككاكىنىڭ تۇفراقىنى غەم بىرلە تەخمىر ئەيلەدى.

× ×

قوياشقە تەئنەلەر ئۇرۇر بۇكۈن يۈزۈڭ قەمەرى،
كۆيۈردى يۈزىڭگە باقسەم مېنى كوزۈم قەمەرى.
غەرىب جانىم ئەسىرى بىرار ھالىنى سورغىل،
تەنىم ئېلىدىن ئەنىڭ ھەم ياۋۇق ئېرۇر سەفەرى.
كەرەشمە بىرلە جانىمنى سېن ئۇرتە ئەيب ئېرمەس،
بۇ شېۋە بىل ئېرۇر، ئەي جان، چوكۇركاۋرلەر ھۇنەرى.

باشىم تۇشەر ئىشىگىڭ ئىتىلەرى ئاياقىنغە،
ئەنىڭ چۇ يوق بۇ ئىشىكتىن جاھاندە ھىچ گۇزەرى.
گەھي كوزۇمدىن ئاقەر ياشۇ گاھ لەئل تامەر،
بىھارۇ كان ھاسىلى دۇر ئەنىڭ ئاقەر ـ تامەرى.
رەقىب جەۋرى قۇرىتتى تەمۇردە قانىمنى،
سوڭاكلەرى قۇراتىب قۇرىسىن ئەنىڭ تەمەرى.
باغرىنى جان بىلە ئوسرۇك كوزۇڭگە سەككاكى،
كاباب قىلمەسە ھىچ بولمەغەي ئەنىڭ جىگەرى.

× ×

كورۇب خۇررەم يوزۇڭ يازىن كوزۇم خۇش ئاقتىرۇر سەيلى،
ئايا سەرۋى سەھى قىلغىل ئاقەر سۇۋ سارى بىر مەيلى.
سەنەملەر ھۇسن ئاتىن سۇرسە لەتافەتنىڭ بىساتىندە،
مىنىڭ شاھىم ئىرۇر ئۇل دەم ئەلەرنىڭ ئارە سەرخەيلى.
سەبا زۇلفىن تەرايۇردە سەھەردە سالسە سۇنبۇلنى،
بولۇب مەجنۇن بىكىن شەيدا پەرىشان ھال بولۇر لەيلى.
كوزىم پەيمانەسى ھەردەم توكەر كويگەن يۇرەك قانىن،
بەلي، توكلۇر بولۇر لابۇد تولىب تاشقاندا ھەركەيلي.
يۇز ئوزرە گويىيا زۇلفۇڭ سۇلەيمان مۇلكىنى تۇتمىش،
ئۇل ئەھرىمەننىڭ ئىلكىدىن ھەزاران ئاھۇ ۋاۋەيلى.
كوزۇمنىڭ ياشى دۇر يەڭلىغ ئاياقىڭغە تۇشەر ھەردەم،
بۇ بىر گۇستاخلىقنى كىچىرۇب ياپ ئانىڭ ئەيبىنە زەيلي.
يۇزۇڭنى كورسە سەككاكى كوزى ياشىن تىيە بىلمەس،
بەلي، گۇل مەۋسۇمى بولسە تەگىزلەردىن ئاقەر سەيلي.

× ×

كوز يۈزنى يۈزىڭ شەۋقىدە ياخشى چەمەن ئېتتى،
ئېرنىڭ ئەقىقى ئارزۇسى كوزنى يامەن ئېتتى.
نەرگىز كوزىڭگە ئەقلۇ كوڭۇل ۋالەي شەيدا،
ئۇل جادۇ بۇئىككىسىنە بىلمەن نې فەن ئېتتى.
زۇلفۇڭ بىلە غەمزەڭ چىرىكى كوڭلۈم ئېلىنى،
تولدىردى بەلا بىرلە ئۇ مەملۇفىتەن ئېتتى.
ئىشقىڭ سوزىنى جان بىلە مەخفىي تۇتار ئېردىم،
كوز ياشى غۇلۇ قىلدى-يۇ سىرنى ئەلەن ئېتتى.
ئۇل ئاينى كور، تەسفىر ئېتە بىلگەيمۇ ئېكىن تىب،
يېر يۈزىنى كوك قىلدى-يۇ تۇلۇ پەرەن ئېتتى.
قەددۇ خەدو خەتتىدىن ئالىب نامىيە نۇسخە،
بوستان ئىچىدە سەرۋۇ گۇلۇ ياسۇمەن ئېتتى.
سەككاكىنىڭ ئورنىنى ئۇشەل يوسۇفى سانىن،
يائقۇب بىكىن ھەجرىدە بەيتۇلھەزەن ئېتتى.

× ×

ئەزەلدە سۇرەتىڭ قىلغان سىېنى مەئنىدە جان قىلدى،
پەرى ھورتېك يۈزىڭ كوردى يۇ جانۇ تەن راۋان قىلدى.
كوزۇمنى دۇرتىشىڭ دەريا قىلىب تۇر، كېل تەفەررۇجقە،
بىھەمدىللاھ سىېنىڭ ھوسنۇڭ تەفەرۇج رايىگان قىلدى.
ئالىب بىر جانىم ئېرنىڭ مىڭ ئۇۋەز بېردىڭ ئەنگە مىڭ جان،
ئال ئەمدى بولسە مىڭ جانىم بىر ئالغانى زىيان قىلدى.

كىشى ئېرنىڭكىم كوردى تانسىب ئۇل لەئل مارجانى،
ئۇزى سەرراف بولدى ئۇل ئىككى كوزنى دۇكان قىلدى.
ئۇزاتتى قىسسەنى زۇلفۈڭۈ، قىلدى تەكئىسيا يۈزىڭگە،
كېچە تاڭغا تىكىن ۋەسفىڭدە مېنى قىسسەخان قىلدى.
سەبا گۈلتېك يۈزىڭدىن ئالمەسە سۇنبۇل نىقابىنى،
سەھەردە تۈن كېچە بۇلبۈل نېدىن مۇنچە فىغان قىلدى.
تەۋانالىق بىلە سەككاكى كوڭلىن سايدىڭ ئالدى،
ۋەلې مەخمۇر كوزلارىڭ ئەنى بەس ناتاۋان قىلدى.

× ×

گۈلتېك يۈز ئۇزرە زۇلفۈڭ ئېرۇر ھۆسن ئايەتى،
ھوسنۇ مەلاھال ئىچرە ئەنىڭ يوق نىھايەتى.
مىڭ جاننى ئالغەي ئېردى كوزۇڭ يۈز بەلا بىلە،
بولماسە ئۇل شەكەر بىكىن ئېرنىڭ ھىمايەتى.
دېۋانەلىققە سالدى مېنى زۇلفۈڭۈ كوزۇڭ،
بولدى مەگەر بۇ يولدە مېنگە ھەق ھىدايەتى.
بىزدىن ئېشىتسۈن ئەمدى جاھان تازا قىسسەلەر،
چۈن كوھنا بولدى لەيلىيۇ مەجنۈن ھىكايەتى.
ئەيب ئەتمەگىز جەفادىن ئەگەر ئىڭرەسە كوڭۈل،
مەئلۈم ئەمەس مۇرىدقا بۇ ھالەت بىدايەتى.
قىلسام گىلە ئەجەبمۇ رەقىبلەرنى ئىلگىدىن،
بولۇر گەدائغە خاسىيەت ئىتلەر شىكايەتى.
سەككاكى تاپقەي ئاخىرى مەرھەم جاراھەتى،
گەر بولسا بىزگە بىر كۈن ئۇل ئاي يۈز ئىنايەتى.

× ×

يۈزۈڭنى كۆردى داغى ئىنسۇ جانۇ جان كېچتى،
بويۇڭنى كۆردىيۇ سەرۋى سەھى راۋان كېچتى.
كۆزۈم **ياشىدە** ئۆمر كېچسە غەم بىلە نې ئەجەب،
قاچان تەڭىزگە كىشى تۈشتى شادمان كېچتى.
خىراملەپ ئۆتكەنىڭىزدە خىرەد مېنىگە ئەيتۇر،
ئۆزىڭگە كېل، كۆزۈڭ ئاچ، ئۆمر ناگاھان كېچتى.
كۆزۈم ياشىنى تىلەدىڭ توكۇلسە يىلدىزتەك،
مەگەر بۇ فال ئۈزە ئەختەر ئۇل زامان كېچتى.
نې ۋەسل ئىشىنى قىلدىڭ، نې مېنى ئۆلتۈردۈڭ،
دەرىخ ئۆمرىگە رانمايە رايگان كېچتى.
كۆزۈم بۇخەستە جىگەر قانىنى توكەر مەردۇم
ئۇل ئىككى ئاراسىنە بىلمەدىم نې قان كېچتى.
نەسىمى زۇلفۇڭگە سەككاكتېك بولۇب مەفتۇن،
تۈن ئاخشام ئەردى ئۇشەل خەستە ناتەۋان كېچتى.

× ×

ئاھ ئۇل سەنەم ھەجرىندە كۆز ھەرلەھزە دەريا بولغۇسى،
ئاي چىھرەسىن ئەڭغانچە يۈز تۈرلۈ سۈرەييا بولغۇسى.
ئاخىر سېن ئەي غافىل، مېنىڭ شەيدالىقىمنى قىلما ئەيب،
ئانىڭ پەرىشان زۇلفىنى كىم كۆرسە شەيدا بولغۇسى.
باغرىمغە ياقىب ھەجر ئوتى بۇ كۆن ئىچىمنى كۆيدىرۈر،
يالغۇز جانىمغە تاڭ بىلە بىلمەن نې پەيدا بولغۇسى.



AltunOq

ئۇل مۇشكى چىنتېك زۇلفۇڭگە مېنى مۇشتەرى، ئەي زوھرە كوز،
بارسە ئىلىكتىن باش داغى باشتە بۇ سەۋدا بولغۇسى.
ساغىنىمە كوڭلىن كېستى تېب ياردىن مېنى، ئې مۇددائى،
جانىم تەنىمدە بولمەسە بۇ ھەم تەمەننا بولغۇسى.
لەيلى مىزاجىن ساقلابان مەجنۇن بارماس تىغىنە
چۇن بارسا تېابە كېلدى تېب، ئەلبەتتە غەۋغا بولغۇسى.
ھىجران زەھرى مۇندە يوق بولسە، ئې سەككاكى، سەنگە،
ئۇل شاھنىڭ ئاچچىق سوزى، سوكۇنچى ھەلۋا بولغۇسى.

× ×

بۇ ئەشكتە كىم قۇل ئەرمەس بولمەغەي ھېچ ئىززەتى،
بەخت ئەگەر سىزگە كەنىزەك بولماسا يوق دەۋلەتى.
مېنى سېنىڭ قەددىڭگە مايىل، تۇبىغە زاھىد بەلې،
بولۇر ئوز ئەندازەسىنچە ھەر كىشىنىڭ ھىممەتى.
ھەرگەدانىڭ زاھىرىن كورسەڭ پەرىشان زىنھار،
سېنى ئەنى خور كورمەگىل مەئىلۇم ئەرمەس نىيەتى.
ئەي، سېنىڭ زۇلفۇڭغە لەيلىتېك تۇمەن مىڭ بەندەلەر،
ھالىيا دەۋران بىزىڭدۇر كېچتى مەجنۇن نەۋبەتى.
سېنى مەلاھەت مۇلكىنىڭ شاھى سېنۇ، سۇلتان سېنى،
خۇش ياراشۇر قەددىڭگە ھۇسنۇ مەلاھەت خىلئەتى.
قامەتىڭدىن دۇنيادا ھەردەم قىيامەتلەر قوپار،
زۇلفۇڭ ئۇل ئالەم بەلاسى، كوزلەرىڭ جان ئافەتى.
غەمزەڭىز قان توككەلى قەسد ئەتسە ئۇل زامان،
لەئىلىڭىزدىن كوپ بولۇر سەككاكىغە جان مىننەتى.

× ×

ئەي مېھرۇ ماھ، يۈزۈڭگە جان بىرلە مۇشتەرى،
دېۋانە بولدى يۈزۈڭگە سەۋدا بىلەن پەرى.
ئالىڭدە قارشۇ تۇرغەلى ئايدە ئۇياتمۇ يوق،
تىترەر يۈزىڭگە باقغەلى خۇرشىدى خاۋەرى.
شەمشادۇ سەرۋ ئۇيالغانىدىن باش كوتەرمەگەي،
بوستاندە بىر خىراملەسە قەددىڭ سەنەۋبەرى.
قىلدى ئۇل ئىشنى جانىمە زۇلفۇڭ، كوزۇڭ، ئانى —
مۇئمىن جانىنغە قىلمەدى كۇففارى خەيبەرى.
كاننى رەقىب جەۋرى بىلە كويدىرۇر مۇدام،
دىلبەر جافاسى بولمەسە نې بولدى بىر سەرى.
باغرىمدە داغ يۈزمىڭ ئەنىڭ زۇلفۇ خالىدىن،
كويدۇردى مېنى ئۇد بىكىن مۇشكۇ ئەنبەرى.
بىر كۇن مۇراد تاپمەيىن ئولمەسلىك ئىچرە ھېچ،
سەككاكىنىڭ جاھاندە تاپىلماس بەرابەرى.

× ×

قىيا باقماقتىن ئۇسرۇتتى كوزىڭ مەخمۇر نەرگەسنى،
تۇتار تېلىڭ غۇنچە ئاغزىڭگە ئوزىن ئۇل سوزلەر ئەرمەسنى.
شەكەر ئېرنىڭگە يابشۇنسەم چىبىنتېك مېنى قويمەسلەر،
ئالىب تاشلار، بەلې، كورسە كىشى شەربەت ئوزە خەسنى.
چىنار دېدىم قەدىڭنى ئەقلىم ئەيتۇر ھەي نې ئوخشاتدىڭ،
بۇ يىللار تۇرغان ئەسكىگە ئەنىڭتېك سەرۋى نەۋرەسنى.

يۈز ئوزره زۇلف تاغىتتىڭ پەرىشان قىلدى ئەقلىمنى،
ئەنى ئىزدىن كوتەرسەڭ ھەم جانىمدىن كوتەرۇر ئەسنى.
رەقىبىڭ زامىي كورسە ئىشكتە بىشۇەر ئىت يەڭلىغ،
ئەسلىم نىيەتى قوۋسەڭ ئىشكتىن ئۇشبۇ ناكەسنى.
كۇن، ئاي يۈزۈڭنۇڭ ئالىندە يارۇقلۇقتىن دام ئۇرمىشلەر،
ئەي ياغما تۇرك، سىن كور ئۇل ئۇرۇسنىۇ بۇ چەركەسنى.
قاچان سەككاكى ئىرنىگە لەبىڭدىن شەربەتى تىگسە،
ئەزىز جانىڭ ئۇچۇن جانا، دەرەڭ بىرلە ئىتىب بەسنى.

× ×

كوڭلۇم تىلەر ئۇل پىستە تىك ئاغزىڭ يىتكۇرگەن جامنى،
بۇ نۇقلۇ مەينىڭ ھەسرەتى ئولتۇردى خاسۇ ئامنى.
ھەركىم تىلاسە ۋەسلىڭىز تىلتىك خالايىق ئاغزىنە،
تۇشتى-يۇ ھەرگىز تاپمەدى، ئومرىندە بىر كۇن كامنى
يۈزۈڭ بىلە زۇلفۇڭ ئۇچۇن گاھي كۇلە، گاھ يىغلەيۇ،
دائىم كىچۇردىم: شەمئىتىك ئومرۇمدە سۇبھۇ شامنى.
ئەي شاھ، يىتەر ئەردى بەسي غەمدىن ۋەزىفە جانىمە،
ني بولدى كەم، قىلدىڭ يەنە مىن بەندەدىن ئىنئىئامنى.
يۈزۈڭ گۇلدىن تا سەبا كوتەردى زۇلفۇڭ سۇنبۇلىن،
ھەيرانۇ سەرگەردان بولىب، قىلدىم ئەدەم ئارامنى.
ئاغزىڭ، كوزىڭگە پىستەئۇ بادام ئوزىنى تۇتسا تىك،
ئاغزىنى سىندۇر پىستەنىڭ، يار ئورتەدىن بادامنى.
زۇلفۇڭ تۇزاقىغا مەڭ بىلە ئىلتىسە نىتاڭ سەككاكىنى
ۋەھكىم كورۇب تاپتى خالاس ئۇل دانە بىرلە دامنى.

× ×

گەر ھەجرىڭ ئوتى جانۇ جىگەرگە ياقە كېلدى،
جانىمغە، نې خۇش شەربەتى ۋەسلىڭ ياقە كېلدى.
ھەجر ئوتى نېچە مەجرۇھ ئېتىب بۇزدى جىگەرنى،
ۋەسلىڭ بۇشغا مەرھەمى نې خۇش ياقە كېلدى.
دېۋانە بىكىن تىشلەب ئەمەس يۇگرە يۇرۇردە،
جان پارە قىلۇر ھالدە ئېلىمگە ياقە كېلدى.
دەريا بولۇب ئاللىمدە كوزۇم ياشى ھەمىشە،
سەييا ماگىزلىك مېنىڭ ئورنۇم ياقە كېلدى.
زۇلفۇگنى قاچان سالدىڭ ئۇشۇل ئال ياگاق ئوزرە،
جانىمغە مېنىڭ ئېيلەسە ئۇل ئوت ياقە كېلدى.
دېۋانە دېدىڭ مېنىيۇ، زۇلفۇڭ سەنگە زەنجىر،
ئاشقلەرە مەئشۇقى مۇنگتېك ياقە كېلدى.
دېۋانە ئۇ سەككاكىيۇ زۇلفۇڭ ئەنگە زەنجىر،
ھىندۇ چو ئەكەس فىل باشغە چۇن قاقە كېلدى.

× ×

كوزلەرىڭىز ئاھۇنى ھەردەم جىگەر خۇن ئەيلەدى،
مۇشك ھىدلىق زۇلفۇگىز لەيلىنى مەجنۇن ئەيلەدى.
ئەي مالاھەت مۇلكىنىڭ سۇلتانى، ئاز ئەت يارلىقە،
قامەتىمنى ئۇل ئەلفتېك قەددىگىز نۇن ئەيلەدى.
ماۋەرائۇننەھر ئىچرە قالدىم چۇنكى ئىككى يانىمە،
كوزلەرىمىنىڭ بىرى سەيھۇن، بىرى جەيھۇن ئەيلەدى.

كىرپىكلىڭ ناۋەك ئوقىن باغرىمغە ئۇرۇب ھەر زامان،
فىتنە بىرلە قاشلەرىڭ كوڭلۇمنى مەفتۇن ئەيلەدى.
نىيەتىم بار ئېردى كېزسەم دۇنيانىڭ مەجمۇئىنى،
كور ئەنى دەۋرى فەلەك نېتېك دىگەرگۇن ئەيلەدى.
شۇكرى بارى دۇشمەنىم بىلمەس يۇزۇمنىڭ سارىغىن،
كەھرەبا يەڭلىغ ئەڭمنى ئەنتىكى گۇلگۇن ئەيلەدى.
ئىشق فەننى بارچە فەنلەردىن ئېرۇر نازۇك، مەگەر،
ئىشقىڭىز سەككاكىنى بۇ فەندە زۇفۇنۇن ئەيلەدى.

× ×

ھورتېك يۇزۇڭنى كورگەلى دېۋانە بولدى مىڭ پەرى،
زۇھرە كورۇب كوزلارىڭگە جان بىرلە بولدى مۇشتەرى.
نارتېك ياڭاقىڭ ئال بىلە باغرىمغە ئىشق ئوتىن ياقىب،
كويدۇردى ئودتېك ئوت ئوزە جانىمنى خالىڭ ئەنبەرى.
ھەردەم رەقىب جەۋرى بىلەن باغرىم قانىن كوزدىن توكەر،
نې بولدى بارى بولمەسە دىلبەر جافاسى بىر سەرى.
تۇررەڭ كوڭۇل شەھرىندە كوپ ئاشۇبۇ غەۋغا قۇنقارىب،
جان مۇلكىنى غارەت قىلۇر ھەرلەھزە زۇلفۇڭ لەشكەرى.
مېن بىر گەدائۇ مۇبتالا بولغۇم رەقىب جەۋرى بىلە،
تەڭرى ئۇچۇن دادىمنى بېر، ئەي ھوسن ئېلىنىڭ داۋەرى.
مېن كوزنى زەم - زەم قىلدىمۇ، ئۇل بۇزدى كوڭۇل كەئبەسىن
ھەرگىز ئەنىڭتېك قىلمادى مۇئمىنگە خەيبەر كافەرى.
نې غەم ئەگەر سەككاكىنى ئولتۇرسە ئۇل شاھ قايغۇسى،
بىردەم بىلە باشتىن يەنە جان بېرگەي ئېرنى چاكەرى.


AltunOq

× ×

بىلۈرسىنكىم كېچەر دۇنيايى فانى،
قۇلۇڭغە قىلماغىل جەۋرۇ جافانى.
بەسې كوپ ۋەئدەلەر قىلدىڭۇ باردىڭ،
كېل ئەمدى ۋەئدەغە قىلغىل ۋافانى.
ۋافا ئۇ ھوسن ئىچىندە يۈز ياشاغىل،
ئەجابەت قىل ئىلاھىي بۇ دۇئانى.
ئەگەر بولسە بەلا خوبلەرنى سېۋمەك،
قەبۇل قىلدىم بۇ يولدە مىڭ بالانى.
زەكاتى بىرلە بۇگۈدىن دىسەم ئەيتۇر،
قەۋۇڭ كېتسۇن بۇ سەككاكى گادانى.

× ×

گۇل يۈزۈڭنى ئارزۇلەب يۈز، كوزنى گۇلزار ئەيلەدى،
شەككەر ئېرنىڭنى تىلەب جان تەننى ئەفگار ئەيلەدى.
ئايمۇدۇر يۈزۈڭ، ياخۇد خۇرشىدى تابان، ئې سەنەم،
بار ئەنىڭتېك شۇئلەسى كوزلەرنى پەيكار ئەيلەدى.
ئەلتتى ئاغزىڭدىن ئوغۇرلەب پىستە تارلىقنى ئەنگە،
تۈز سۇۋدىن قويدىلەر ئانچە، ئاندىن ئىقرار ئەيلەدى.
ئېي مەسھادەم بىگىم، بىردەم بىلە بىرگىل شىفا،
شىۋە بىرلە كوزلەرىڭ جانىمنى بىمار ئەيلەدى.
زاھىدېكىم كوردى زۇلفۇڭ كوفرىن ئىماندىن كېچىب،
بوينىدا تەسبىھنى بىلگە زۇننار ئەيلەدى.

كوڭلۈم ئېمقانمەس بەلكى سېنى ئېچە ئاچچىغ سوزلەسەڭ،
چۈن ياراتىغدە ئوغان گۈل كوڭشىسىن خار ئەيلەدى.
ئىشق ئىشىن سەككاكى ئاۋۋال بىلمەيسن ئاسان كورۈپ،
ئاخىرى ئوز جانىنىڭ ئىشىنى دۈشۋار ئەيلەدى.

× ×

سېنىتېك جاھاندە كوزلەرى ئەينى بالا قەنى؟
مېنىتېك ئەنىڭ بالاسى بىلە مۈبتالا قەنى؟
ئېرنىڭ ئەقىقى گەرچى جاھاندە يەگانەدۈر،
چېھرەم ماڭىزلى ھەم يەنە بىر كەھرەبا قەنى؟
كوزنى غۈبار تۈتتى فىراقىڭدە يىغلەيۈ،
ئېرنىڭ تۈزىندىن ئوزگە ئەنگە توتىيا قەنى؟
لەئلىڭ شاراب بولدى كوڭۈل دەردىنە داۋا،
بۇ دەرد جانغە يېتتى، ۋەلې ئول داۋا قەنى؟
يۈزۈمنى ئالتىن ئەتتى سېنىڭ ئىشقىڭ، ئەي سەنەم،
مۈنداغ باقانى ئالتىن ئېتەر كىمىيا قەنى؟
قەددۈ خەدىڭغە سەرۋۈ گۈل ئوزىن تۈتەر شەبىھ،
ئانلەر بۈيۈ يۈزىندە بۇ ئابۇ - ھاۋا قەنى؟
ھوسنۈڭ زاكاتى بېرگەلى بىر قولىن ئىزلەسەڭ،
سەككاكىتېك بۇ دۈنيادە بىر بىنەۋا قەنى؟

× ×

ئەي پەرى، كىم سۈۋرەتىڭ كورسە نې قىلسۇن جانىنى،
ئېرنىڭگە باقغان كىشى كوزدىن سالۇر مارجانىنى.

سېنى نى يەڭلىغ ئادەمنى سېنى كىم، يۈزۈڭ كۆرسە كۆزىم،
يېتكۈرۈب ھەر لەھزە دەريا غەرق ئېتەر ئىنسانىنى.
كۆڭلۈمە ئوت سالمە، ئولدۇر چۈن خەيالىڭگە ئوتاق،
تاكى ئانىڭ سوزىشى كويدۈرمەسۈن مېھمانىنى.
كۆز كۆرە يۈزىمنىڭ بالانى جانغە كېلتۈردى كۆڭۈل،
ئەمدى كويدۈرسەم نى ھاسىل قەلبى نافەرمانىنى.
چىنىۇ ھىند ئەلىن پەرىشان ئەيلەدى زۇلفۇڭ، ۋەلې
قىلدى ياغما كوزلەرىڭ مەجمۇئى تۈركىستانىنى.
لەئلىڭگە قانىمنى توكتۇڭ دېسەم، ئەيتۇر ئۇل كۈلە:
ئوز كوزۇڭ توكتى قانىڭ قىلما مېنىڭگە بوھتانىنى.
توكسە قانىم كوزلەرىڭ قىلدىم بىھىل توكسۇن راۋان،
كىم قاچان تاپتاي يەنە سەككاكى بۇ نەۋئى قانىنى.

× ×

ئەي نارىڭگە قۇل، ئالما يۈزىڭدىن نىقابىنى،
قويۇڭ ئوتۇنغە سالما يەنە شەيخۇ شابىنى.
زۇلفۇڭ ياسادى لەشكەر ئېگىڭگە ئالىب زېرىھ،
سالدى كوڭۈل ۋىلايەتىنە ئىنقىلابىنى.
مەجلىستە تېرلەدى يۈزۈڭ ئوزرە كورۇب ئاراق،
مەششاتە شىشە ئىچرە ياشۇردى گۇلابىنى.
ئوتلۇق كوزۇڭ كەرەشمە بىلە كويدۈرۈر جىگەر،
ئوسرۇك ئېرۇر ساقلاماس ئوتىن كابابىنى.
ئۇل پىستە يەڭلىغ ئاغزىڭۇ لەئلىڭ مەيىن كورۇب،
ياقۇت دېدى تەشنا جىگەرلەر شارابىنى.

كوڭلۇم خەرابى ۋەسلىڭ ئېرۇر گەنجى يوق ئەجەب،
مەئمۇر قىلسەڭ ئاخىر ئەنىڭتېك خەرابنى.
سەككاكىنىڭ ئازابى رەقىب بولدى كوپ، ۋەلى،
يالغۇز جانىغە ئازقىل، ئەي سۇلتان ئازابنى.

× ×

كويدۇردى كوڭۇل مەملەكەتىن يار فىراقى،
ئوتدېك سۇۋنى سۇنغىل غەم ئوتىن ئوچرەلى ساقىي.
ئاشىق باشىنى كېسۇتۇب ئۇل شاھ ياساق ئالمۇش،
يارالىغ باشىم ئارزۇسى ئېرۇر خۇد بۇ ياساقى.
يارىنى كورەتۇزماق ئۇچۇن ئومر تىلەرمېن،
يوق ئەرسە مېنگە نېگە كېرەك ئومر ئۇزاقى.
يارىنىڭ ئېرۇر قەددى چىنار ئەنلەرى گۇلنار،
جانلەرغە سافا بېرۇر ئانىڭ ھوسنىۇ تاقى.
يار قارشۇسىدە ئولتۇرۇبان بادە ئىچالى،
چىقسۇن كورە بىلمەس كىشىنىڭ ئىككى قاراقى.
جانىم خەدەفى ئىچرە يوق ئۇرمەس ئېرۇر ئۇل ھەيف،
ناگاھ ئېرىگەي باغرىم ئوتى ئىچرە باشاقى.
شاد بولىبە رەقىب ئولدى تىيۇ ئاشىقى مىسكىن،
بارچەغە تۇزى كېلگۇسىدۇر دەۋر ئاياقى.
دۇنيا غەمىنى قوي، بۇ جاھان سەلتەنەتىنى،
ئىشق ئىچرە ئۇل ئاي ئاشىق ئولەرسېن چۇ بەياقى.
ھەسرەت بىلە سەككاكى خۇد ئولدى، سېن ئىسەن قال،
ئىشرەت بىلە، ئەي شاھى جاھان، دۇنيادە باقى.

× ×

ئەي لەبوڭ ئەگلىك كوڭۇللەرنىڭ دەۋائىۇ مەرھەمى،
ھاشە لىللاھ سىزدىن ئۆزگە يوق مەسىھۇ مەريەمى.
رەنجە بولماس جەۋىر ئەگەر نىسبەت ئۆزىن قىلسە سىڭگە،
بىھۇدە سوزلەر ئەدەبسىزدۇر ياماندۇر ئادەمى.
نەي شەكەر ئېرنىڭ دەمى بىرلە ناۋادىن دەم ئۇرار،
ۋاھ نېخۇش ئۇل بېناۋاكىم بولدى ئېرنىڭ ھەمدەمى.
يوق ساقىندىم ئالەمى ھوسنۇڭدە مېنتېك بىر گاداي،
بار ئېمىش ھوسنۇڭ بىلە كوپ شاھلەرنىڭ ئالەمى.
جان غەمىڭنىڭ ئوتىدە كويدى - يۇ كۇل بولدى يەنە،
قالمەدى سەككاكىنىڭ كوڭلىدە ئۆزگە جان غەمى.

## ئۇلۇغبېك مەدھى

جاھاندىن كېتتى تەشۇىشۇ مەبائىيى ئامان كېلدى،
خەلايق، ئەيش ئېتىڭ بۇكۇن سۇرۇرى جاۋىدان كېلدى.
تەن ئېردى بۇ ئۇلۇس بارچە ئەنىڭتېك جانى بار يا يوق،
بەھەمدىللاھ ئوغان فەزنى بىلە ئۇل تەنگە جان كېلدى.
بۇمەۋكىب گەردى سۇرماسى تاپىلمەس ئېردى بېرىب جان،
كورۇڭ كوزبىرلەھەق سۇنئىنكىم ئوش خۇش رايگان كېلدى.
ئالەمتېك بارچە بېكلەرنىڭ باشى كوككە كېرەك تېكسە،
كىم ئانلار تەكئىيە قىلغالى بۇ قۇتلۇغ ئاستان كېلدى.
جاھاندىن ئەھرەمەن كېتىب مۇسەخخەر بولغاي ئىنسۇ جان،
كىم ئوش تەختىنى يېل كوتەرۇب سۇلايمانى زامان كېلدى.



Altun0q

بايسندى تەختىنىڭ قەدرى، ئوزۇڭ تاج كوككە تاشلادى،
ئادالەت باغى سەبز ئولدى، چۇ نوشىنىراۋان كېلدى.*
كېرەك جان بۇلبۇلى تۈن ـ كۈن ناۋادىن تىنماسا بىردەم،
چۇ دوستلارىغە خۇررەم ياز، ئەدۇلەرغە خازان كېلدى.
رەئىيەت قوي ئېرور، سۇلتان ئەنگە چوپانۇ يا بورى،
بورى ئولغايۇ قوي تىنغاي، چۇ مۇساتېك شۇبان كېلدى.
بۇكۇندىن سۇگرە كوپ تىنغاي رەئىيەتلەر رىئايەتدىن،
ئۇلۇس ھەققىدە مىڭ تۈرلە ئاتادىن مېھرىبان كېلدى.
كوڭۇللەر بولدى خۇش رەۋشەن كورۇب قالمەدى بىر زەررە
قارانخۇلىك كېتىب، ھالى چۇ خۇرشىدى زامان كېلدى.
سېۋۇنسۇن خىسراۋى ئالى گوھەر سۇلتان ئۇلۇغبېككىم،
شەھەنشاھ شاھرۇخبېكتېك شاھى خىسراۋ نىشان كېلدى.
بۇ شاھنىڭ لەشكەرى قايسى ۋىلايەت سارى ئەزم ئەتسە،
فەلەكدىن ھەرزامان ئۇل دەم نىدائى "ئەل ئامان" كېلدى.
بۇلەر ئەلگە قىلىچ ـ نەيزە ئالىب ھەيجاگە كىرگەندە،
ھېچ ئىش كېلمەدى ئەئدادىن مەگەر ئاھۇ فىغان كېلدى.
بۇلەشكەر يېتكەنىن كورسەڭ ياساب ئەئدانىڭ ئۈستىگە،
ساغىنغايسېن چىرىك ئەرمەس مەگەر گۇرزۇ سىنان كېلدى.
شەھەنشاھا، سېنىڭ ئاتىڭ شاھى كىشۋەر كۇشو ئەردى،
ئال ئەمدى دۇنيانى كوكتىن لەقەب گېتى ستان كېلدى.
تەۋارۇ قوي بىدكىن دۇشمەن كورۇب بەختىڭ قەۋىيسىنى،
ئوزئىلگىن باغلاب ئاللىڭغە زەئىفۇ ناتاۋان كېلدى.
كىرىب تولكى بىدكىن دۇشمەن ئىنىدە ئولگەي ئاچلىقدىن،
نې قىلسۇن ئۈستىنە ھەيبەت بىلە شېرى جەيان كېلدى.
قۇرۇق سەۋدا پىشۇردى ـ يۇ ۋەلې خام ئەتتى ئىشلارىن،

ئاخىر كورگۇل بۇسەۋدادىن باشىغە نې زىيان كېلدى.
ئاياشاھا، مەلەك سىيرەت سېنىڭ ۋەسفىڭ سوزى ئېچرە،
ئۇقىيىن ئەمدى ئالىڭىدە يەنە بىر داستان كېلدى.
ئەشىگىڭ تۇپراقى مەجرۇھ بولغان جانۇ تەنلەرغە،
شىفالىق مەرھەمى بولدى بىساتى پەرنەيان كېلدى.
نېكىم نوشىنىراۋان ئادىل ئىشى ئېچرە قىلدى تەقسىرىن،
قامۇغىنغە ئەنىڭ بىر - بىر شەرىفزاتى زىمان كېلدى.
سەلاتىن دۇنيادە كوپ كېلدى - يۇ كېچتى سېنىڭتېك ئىر،
فەلەكنىڭ گەرتىلى بولسە ئەيتسۇنكىم، قاچان كېلدى.
مەلەكتېك زۇھدۇ تائەتدە ئىشىڭنى دۇنتەھا قىلدىڭ،
بۇئىشدىن لاجەرەم سىدرە سېنگە ئەدناماكان كېلدى.
قاچان كەيۋان بىكىن ئانلەر سەرا يۇ تاقى ئالىيغە،
تىلاسە پاسىبانلىقنى شاھى ھىندۇستان كېلدى.
سېنىڭ بەزمىڭدە كېلتۇرۇب ئەشىككە زوھرەنى گەردۇن،
دېدى تەندە ئەدىڭ ئەدناكەنىيزەك مەدھخان كېلدى.
گەدالەر رايىگان تاپغاي زەرۇرىي مالى قارۇننى،
يادى بەيزا بىكىن ئىلگىڭ جاھانغە زەرفىشان كېلدى.
ئۇلۇسقا توي بېرۇر بولسەڭ قويۇب ئالتىن كۇمۇش گىردە،
مۇرەسسەئى مىنجۇلەر بىرلە فەلەكتىن ئىككى خان كېلدى.
قىلىچ ياشناتساڭ ئۇرۇشتا ئەنىڭ كەي شۇئلەسىن دۇشمەن،
كورۇب ئەيتۇر: قامۇغ، ھاي - ھاي قاچىڭ، بەرقى يامان كېلدى.
ئوقۇڭنى كورسە سەھمىڭدىن سوڭۇڭتېك تىترەر ئەئزاسى،
دېگەي ئەئداكىم ئوش جانغە بالايى ناگاھان كېلدى.
كىشكىم قەھرىڭگە ئوچرار شەقاۋەت بىرلە ئۇل باردى،
ۋەلى لۇتفىڭنى تاپقانغە سائادەتدىن نىشان كېلدى.

شاھا، لۇتفۇڭنى تاپقام دېب دۇئاچى بەندە سەككاكى،
بېلمن جانى بىلە باغلاب بۇ خىزمەتگە راۋان كېلدى.
ئەرۇرمەن خانەدانىڭنىڭ كوڭۇل بىرلە دۇئاچىسى
مېنگە بۇرھان تىلاسەلەر سوزۇم خۇد چىن ئايان كېلدى.
مەمالىك نەزمىيۇ دىنىنىڭ قۇرۇغىدۇر شەرىف زاتىڭ،
نەبىتېك شەرئىي ئىشىڭدە زەمىرىڭ خۇردەدان كېلدى.
جاھاندە قەرىنلەر تىرىك بولۇب ئىززەت بىلە تۇرغىل،
ئەزەل ۋاقتىدە چۇن ئاتىڭ شاھى ساھىبقىران كېلدى.

## لۇغەت

ئەھرە مەن — دېۋە.
ئەدۇۋ — دۇشمەن، ياۋ.
ئەئدا — دۇشمەنلەر.
ئەدنا — پەست، پەسرەك، تۆۋەنرەك.
ئەلەن ئەتماق — ئاشكارە قىلماق، ئايان قىلماق.
ئەنجۇمەن — مەجلىس، يىغىلىش.
ئەدەن — يەمەندىكى ئەڭ ياخشى مەرۋايىتلىرى بىلەن
مەشھۇر بولغان بىر چولنىڭ نامى.
ئەزىن — باشقا.
بىكىن — ئوخشاش، كەبى.
بوتە —زەرگەرلەرنىڭ مەدەن ئېرىتىدىغان ئىدىشى.
باغىي — ئىسيانچى، پادىشاغا قارشىلىق كورسەتكەن كىشى.
بىدايەت — باشلىنىش.
بۇرھان — دەلىل.

بەسى — كوپ، مول، كوپۈنچە: كوپ قېتىم.

بۇرقەئ — پەردە، نىقاپ.

بىھىل — كېچىش، ئەپۇ قىلىش.

ۋەرد — گۈل.

گېتىستان —دۇنيانى ئىگەللىگۈچى.

گىردە — سۇپرا.

دەرەڭ — پۇرسەت.

يازۇ — دەشت، چول.

ياۋۇتماق — يېقىنلاشتۇرماق.

يارىن — ئەتىگە.

ياڭاق — يۈز.

جەئد — جىڭگىلەك چاچ، بۇدرە چاچ.

زىمان — كىپىللىك، كىپىل بولۇش.

زەھرە — جۈرئەت، شىجائەت.

زەيىل — ئىتەك، تاغ ئىتىگى.

ئىزدەماق — ئىزلىمەك.

ئىكلىك — قاتتىقلىق، قىيىنلىق.

ئىرغەماق — باش كوتەرمەك،

ئىزە — ئىزىگە.

ئىدى — ئىگە، خوجا.

ئىر — ناخشا.

ئىنغىئال — ئىزا تارتىش، خىجالەت بولۇش.

ئىسرە — كېيىن.

كەيل — ئولچەم، ئولچەم ئىدىشى.

كۈيۈرماق —كويدۇرمەك.

كام —مەقسەت.

لاجەرەم — چارىسىز، نائىلاج.

لاب — لاپ، ماختىنىش.

لابۇد — لازىم، كېرەك.

مەبادىي — كېلىپ چىقىش، باشلىنىش.

مەۋكىب —پادشانىڭ يېنىدا ھەيۋەت بىلەن بىللە
يۈرگۈچى ئاتلىق ياكى پىيادە كىشىلەر.

مىنجۇ — (ئىنجۇ) مەرۋايىت.

مەگزەمەك — ئوخشاشلىق.

مۇل[illegible]ن — گۈل.

مۇفەرر[illegible] — شاتلاندۇرغۇچى، سۆيۈندۈرگۈچى، كۈلدۈرگۈچى.

مۇۋەھھەم — ۋەھىمە، ئالاقزادىلىك.

مەملۇ — تولغان، تولا.

مىلىڭ — خال.

مۇتەننىئ — مەنئى قىلىنغان.

مۇتەئەللىئ — خەۋەردار، چۈشەنگەن.

نەۋقان — نېمەت.

نەھى — مەنئى قىلغۇچى، قايتۇرغۇچى.

ناھىي — قايتۇرغۇچى.

ناۋەرد — يۈگۈرۈش، ئايلىنىش.

ناۋەك — ئوق، كىرپىك.

ئازاق — ئاياق.

ئاجۇن — دۇنيا.

ئامىر — بۇيرۇغۇچى.

ئاغۇ — زەھەر.



AltunOq

ئاڭماق — يېتىشىشكە ھەركەت قىلماق.
ئالىن — پېشانە، ماڭلاي.
پەرۋىن — ھۈركەر.
پىرايە — بېزەك، زىننەت.
رايگان — بىكارغا، بوشقا.
رەخت — مال - مۈلۈك، بارلىق.
سەھم — 1) يا ئوقى، 2) ھەسسە، ئۈلۈش، 3) قورقۇنچ، خەۋپ.
سىدرە — دەرىجە.
سىزغۇرماق — كېيدۈرمەك، ئورتىمەك.
سەمائ — ئاڭلاش.
سەقاغ — ئىگەك.
سىرف — خالىسانە، ساپ، نوقۇل، پەتەت.
سەيىل — 1) سەل، قاتتىق ياققان يامغۇر، 2) ئاپەت، كۈچلۈك ئېقىم.
سائىد — بىلەك.
ساغىنماق — پەرەز قىلماق، ئويلىماق، ھىساپلىماق.
تەقسىر — كەمچىلىك.
تاغىتماق — يايماق، تارقاتماق.
تۇرلاغ — تۇرارجاي.
تابۇغ — 1) بويسۇنۇش، 2) ھوزۇر، خىزمەت.
تەزۋىر — ئالداش، ھىلە - مىكىر.
تەخىر ئەيلىماق — خېمىر قىلماق.
تۇمەر — تومۇر.
تەفەررۇج — سەير - تاماشە.

تىكەلماق — تىكىكە تۇرماق.

تورت ئۇمىم — تورت ئانا (يەر، سۇ، ئوت، هاۋا).

تۇغرۇب — تۇغۇپ.

تىكىن — قەدەر، غىچە.

تۇبى — چىرايلىق دەرەخ.

ئۇتۇل — ئاقىللار.

ئۇستاخلىك، گۇستاخلىك — شوخ، بىئەدەپ.

ئۇش — خۇددى.

فىتەن — پىتنىلەر.

خۇردەدان — ئىنچىكە ئويلايدىغان، نازۇك چۈشەنچىلىك.

چىرىك — لەشكەر، ئەسكەر.

چىن — چاچنىڭ جىڭگىلىگى.

چىتماق — قاپىغىنى تۈرمەك.

شەقاۋەت — بەختسىزلىك، تەلەيسىزلىك.

شۇبان — چوپان.

ئېل — قول.

ئېرن — لەۋ.

ئېدىسى — ئىگىسى.

ئېمقانماق — قىيىنچىلىق تارتماق.

ئېڭ — يۈز.

ئىگلىك — ياخشىلىق.

ئېزىد — خۇدا.

يادى بەيزا — ئاپپاق قول.

يەساق — 1) جازا، جېرىمانە، 2) سىلىق.

يەلەي - بولەي — ئاھاڭ.

ئوفتانماق — ئۇيالماق.
ئوجەك — تام، يوقۇرى، ئېگىز.
ئوغان —قادىر، كۈچلۈك، تەڭرى.
قەمۇغ — ھەممە.
قەرن — ئەسىر.
قابقى — ئىشىك.
قاب — ئىت.
قەسسام — بولگۈچى، ئۇلۇش بەرگۈچى.
قىراق — قوغلىماق.
قۇبلە — سويۇش.
قۇرەتماق — قۇرۇتماق.
قونقەرماق — قوزغاتماق.
غەلتان — دومىلانغۇچى.
غالىيە — قاش ۋە چاچقا سۈرتۈش ئۈچۈن ئەپار
ۋە ئەنبەردىن ياسالغان خۇشپۇراقلىق
قارا ماددا.
ھەيجا — ئۇرۇش، كۈرەش، جەڭ.
ھەۋا — 1) ئارزۇ، ھەۋەس، 2) ئىشق - مۇھەببەت،
3) ئۇچۇش - پەرۋاز.
ھەمىل ئېتماق — يۇيماق.
ھەدىس — گەپ - سوز.

# مەشرەپ شېئىرلىرىدىن تاللانما

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **غوجەخمەت يۇنۇس**

## (1)

ئىشقىدا كويىمەس ھېچكىم ئەفسانە بولماغۇنچە،
شەمئىدە(1) يانماس ھېچكىم پەرۋانە بولماغۇنچە،
سويىمەس سەدەپنى ھېچكىم دۇردانە(2) بولماغۇنچە،
ئەدھەم(3) سۈپەت دۇنيادىن بىگانە(4) بولماغۇنچە،
باشقا ئالىپ مالامەت(5) ئەفسانە بولماغۇنچە.

سەنسىز ماڭا نىگارا(6) ئىككى ئالەم كېرەكمەس،
تەختۇ - بەختى سۇلايمان ماڭا خاتەم(7) كېرەكمەس،
خىزىر ئۆمرىنى بەرسەلەر، ماڭا ئۇل ھەم كېرەكمەس،
سەنسىز ئولەي دۇئا قىل، ماڭا بۇ دەم كېرەكمەس،
جانۇ - تېنىم قالمەدى بىگانە بولماغۇنچە.

ئەرشنىڭ كويەر ئاھىمدىن تاڭلا بولسا قىيامەت،
ئىنسۇ - مەلەك(8) يىغلاشۇر ئەيتۇر نىچۈك ئالامەت،

ھورۇ - غۇلمان(9) بېھىشتىنىڭ ئەيتۇشۇرلەر نادامەت،
چىقسا ئۇتۇم زەررەچە ھېچكىم قالماس سالامەت،
قالماس مالىك دوزەخنىڭ(10) سوزانە(11) بولماغۇنچە.

قانلار تۆكۈپ كوزۇمدىن ھەر دەم ئانى ياد ئېتەي،
قازى بولسا ئوغانىم(12) سىينەم(13) ياربى داد ئېتەي،
زار كوڭۇلنى شاد ئېتىپ، ۋەسلىن ئانىڭ ياد ئېتەي،
مەھشەر كۇنى(14)داد ئېتىپ، خەستە كوڭلۇم(15) شاد ئېتەي،
دىلبەر سويمەس كوڭۇلنى، ۋەيرانە بولماغۇنچە.

ئىشقى داغىغا ئوت ئۇردى، فەنا(16) يولىن چاغلادىم،
قىسمەت شۇنداغ ئېركەنكىم، بېلىم مەھكەم باغلادىم،
ئاشىقلىقدە مەن بۇگۇن يۇرەك باغرىم داغلادىم،
دەردىم بىھەد(17) زورلادى، دەرگاھىغە(18) يىغلادىم،
رەھىم ئەيلەمەس نىگارىم، گىريانە(19) بولماغۇنچە.

ئاشىق بولساڭ شۇنداغ بول، جاننى قۇربان ئەيلەگىل،
ھىجرۇ - فۇرقەت(20) مېھنەتتىن كۇندە مېھمان ئەيلەگىل،
يەتسە جەۋرۇ - جاپالار ئەلدىن پىنھان(21) ئەيلەگىل،
زۇلفى(22)چىن-چىن(23)كۇفرىنى(24)جانغا ئىمان ئەيلەگىل،
جانىڭغە جان ئۇلانماس جانانە بولماغۇنچە.

نامۇس كەتمەس ھېچكىمدىن ئىشققە(25) قەدەم قويماسە،
ئەدھەم سۇپەت دۇنيانى تا پەشتىپا(26) ئۇرماسە،
ۋاسىل(27) بولماس ۋەسلىگە(28) يالغۇز ئوزىن سويمەسە،

رازى بولماس قازاغە(29) ئىشق ئوتىغە كويمەسە،
تاپماس دىلبەر سوراغىن، بىريانە(30) بولماغۇنچە.

ۋاقتى باھار مەي ئىچكىل، بىلگىل ئىشرەت غەنىمەت،
ساقى سۇنغىل قەدەھنى، پۇرسەت سوھبەت غەنىمەت،
زاھىد(31) ئەيتۇر دوستلارىم تەسبىھ تائەت (32) غەنىمەت،
مەشرەپ قەلەندەرنىڭگە ھەر كۇن ئاپەت غەنىمەت،
كورمەس مەشۇق يۇزىنى ئەفغانە(33) بولماغۇنچە.

---

(1) شەمئى — چىراق، يورۇق.
(2) دۇردانە — ئۇنچە دانىسى، مەرۋايىت.
(3) ئەدھەم — ئىبراھىم ئەدھەم (ئاشىق).
(4) بىگانە — يات، غەيرى، ئوزگە، بولەك.
(5) مالامەت — تەنە، ئەيىپلەش، جىملەش.
(6) نىگارا — گۇزىلىم، جانانىم.
(7) خاتەم — موھۇر، تامغا.
(8) ئىنسۇ - مەلەك — ئادەملەر ۋە پەرىشتىلەر.
(9) غىلمان — چورە، ئوغۇل خىزمەتچى، كېنىزەك.
(10) مالىكى دوزەخ — ئادەملەرنى دوزاختا جازالايدىغان پەرىشتە.
(11) سوزانە — قىزىق، ئوتلۇق، كويدۇرىدىغان.
(12) ئوغانىم — ياخشى كورىدىغان ئادىمىم (خۇدانى دىمەكچى).
(13) سىنە — كوكرەك.
(14) مەھشەر كۇنى — قىيامەت كۇنى.
(15) خەستە — سۇنۇق، تۇۋەن، كېسەل.
(16) فەنا — يوقىلىش.
(17) بىھەد — چەكسىز.
(18) دەرگاھ — شاھلار سارىيى ئالدىدىكى ھويلا.

(19) گىريان — يىغلىغان، يىغلىغۇچى.
(20) ھىجرۇ - فۇرقەت — ئايرىلىش، جۇدالىق.
(21) پىنھان — يوشۇرۇش.
(22) زۇلپ — سېكىلەك چاچ.
(23) چىن - چىن — تال - تال، قات - قات.
(24) كۇفۇر — نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلمەسلىك.
(25) ئىشقە — ئىشققە.
(26) پەشتىپا — تاپان، پۇشتىپا ئۇرۇش - تېپىش.
(27) ۋاسىل — ئېرىشىش؛ ئېرىشكۈچى.
(28) ۋەسىل — قوشۇلۇش.
(29) قازا — ھوكۇم.
(30) بىريانە — كويۇپ كاۋاپ بولۇش.
(31) زاھىد — دىن يولىدا ياماللىقتىن ئۆزىنى تارتقان كىشى.
(32) تەسبىھ تائەت — ئىبادەت قىلىش.
(33) ئەفغان — پۇغان، نالە - پەريات.

## (2)

مەرىپەتنىڭ گۈلزارى موللا بازار دېۋانە،
ئاشىقلارنىڭ سەردارى موللا بازار دېۋانە.
يوقتۇر ئەسلا گىينەسى(1)، بەھرى ئىرفان(2) سىنەسى،
نۇرى ھەق ئايىنەسى(3) موللا بازار دېۋانە.
يول ئۈستىدە پۇل (4)بولغان، ھەق نۇرىغە مول بولغان،
كىمنى كورسە قۇل بولغان موللا بازار دېۋانە.
جايلارىدۇر نەمەنگان، ھەق يولىدا جان بەرگان،
مۇرىدلارىن سىناغان موللا بازار دېۋانە.

ئىچلاردىدۇر تولا نۇر، پىرلاردىدۇر باھادۇر،
بۇخارادا ئول مەشھۇر موللا بازار دىۋانە.
مەشرەپ ئوزى دىۋانە، ئىشق ئوتىغە پەرۋانە،
يول يۈرەدۇر سەرسانە، موللا بازار دىۋانە.

---

(1) گىينە — گىنە، ئاداۋەت.
(2) بەھرى ئىرفان — بىلىم دېڭىزى.
(3) ئايىنەسى — ئەينىكى.
(4) پۇل — كوۋرۇك.

(3)

ئىشقىڭ ئوتىغە كويگالى كەلدىم،
ئايدەك يۈزۈڭنى كورگالى كەلدىم.
سەۋدائى زۇلفۇڭ (1) تۇشتى باشىمغە،
سەندىن داۋاسىن سورگالى كەلدىم.
بەھرىڭغە (2) كىردىم غەۋۋاس (3) بولاي دەپ،
بىر دۇررى مەقسۇد (4) ئالغالى كەلدىم.
مەندىن سوراساڭ ئەي گۇلئۇزارىم (5)،
مەھۋى (6) جامالىڭ بولغالى كەلدىم.
ئاسى (7) قۇلۇڭ مەن يانىب گۇنادىن،
ئەستەغفىرۇللا ئەيغالى (8) كەلدىم.
قافىلە (9) كەتتى، مەنزىلغە يەتتى،
مەن ھەم ئۇلارغە يەتگالى كەلدىم.
كوردۇم جامالىڭ، كەتتىم ئوزۇمدىن،
مەجنۇنى (10) شەيدا (11) بولغالى كەلدىم.

ساقى قەدەھنى قىلغىل مۇھەييا (12)
ۋەھدەت (13) مەيىدىن ئىچگالى كەلدىم.
رەھمەت (14) ئىشىگىن مەشرەپغە ئاچقىل،
ئىشقىڭ كويىدە ئولغالى (15) كەلدىم.

(1) سەۋدائى زۇلفۇڭ — زۇلپىڭ سودىسى.
(2) بەھىر — دەريا.
(3) غەۋۋاس — سۈچى.
(4) دۇررى مەقسۇد — مەقسەت گوھىرى.
(5) گۇلئوزار — گۇل يۈزلۈك.
(6) مەھۇ — يوقىتىش؛ ئوچۇش
(7) ئاسى — گۇناھكار.
(8) ئەيغەلى — ئىپىتقىلى.
(9) قافىلە — كارۋان.
(10) مەجنۇن — جىن تەككەن كىشى.
(11) شەيدا — ئەقلىدىن ئازغان.
(12) مۇھەييا — تەييار.
(13) ۋەھدەت — بىرلىك، تەنھالىق (خۇدانى دىمەكچى).
(14) رەھمەت — رەھىم - شەپقەت، ياخشىلىق.
(15) ئولغالى — ئولگىلى.

(4)

نەدامەتتە توكۇپ ياش، ۋەسلىڭ ئىزلەپ يۈرگەنىم بىھراق(1)،
غەمۇ - دەردىڭ رەفىق ئەيلەپ، مۇدام (2) ئاھ ئۇرگەنىم بىھراق.
جاھان ئەيۋانىدە يۈرگەن، مۇھەببەت ئوتىغە كويگەن،
سويەر قۇللار ئىزىنى كوزلەرىمگە سۈرگەنىم بىھراق.

ئۇشال مەجنۇنى ھەيراندەك يۈرەك - باغرىم ئاقار كوزدىن.
سەنەمنىڭ ھىجرىدە سەھرايۇ چولنى كەزگەنىم بىھراق.
قىيامەت ھەشرگاھىدە (3) سورالغاي بارچە كىردارىم(4)،
ياقامنى چاك ئېتىپ ۋاللاھ بۇگۈن داد ئەيتگەنىم بىھراق.
مۇيەسسەر بولمەسە جەننەت ئىچىدە دەۋلەتى دىدار،
بىھىشتىن كېچىبان دوزاخ ئىچىدە كويگەنىم بىھراق.
خازان بولماي گۈلستانى باھارى ئومرى ئېي مەشرەپ،
سەھەر ۋاقتىدە بۇلبۇلدەك فىغانلار قىلغانىم بىھراق.

(1) بىھراق — ياخشىراق. (2) مۇدام — ھەمىشە، دائىم.
(3) ھەشرگاھ — قىيامەتتىكى ھوكۇم چىقىرىش ئورنى.
(4) كىردار — ھەركەت، ئىشلار.

## (5)

نەمەنگان شەھرىدىن كەتسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ،
غەرىبلىك شەھرىدە يۈرسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.
مۇھەببەت شەربەتىن ئىچتىم، قازاندەك قاينابان تاشتىم،
بۇ فانى دۇنيادىن كەچتىم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.
تۇشۇپدۇر باشىمە سەۋدا، رۇمۇزى(1) ئىشقىدىن غەۋغا،
ئۇزىگە ئەيلەدى شەيدا، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.
تۇراغە تاقەتىم يوقتۇر، يۈرەغە ھالەتىم يوقتۇر،
يۈرەكتە ئىشق ئوتى كوپتۇر، مېنى يوقلار كىشم بارمۇ.
قارارىم يوق تۇراي دىسەم، نەمەنگاندە يۈرەي دىسەم،
جاھاننى سەيىر ئېتىپ كەزسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ.
بۇ سىكىن زارى مەشرەپنىڭ كىشى ھالىنى بىلمەيدۇ،

بۇيەردىن باش ئالىپ كەتسەم، مېنى يوقلاركىشىم بارمۇ.

(1) رۇمۇز — ئالامەت، نىشان، بەلگە.

(6)

كورسەت يۈزۈڭ ئۆلۈرمەن، تەندە تاقەت قالمادى،
مېھرىبانىم قايدە سەن، جاندە راھەت قالمادى،
بەلا ياغدى باشىمە، ئەلدە ئاپەت قالمادى،
چەكتىم جاپانى ئەكنۇن(1) تەندە ھالەت قالمادى،
كەزدىم شەھرۇ-بايابان دىلدە ھەسرەت قالمادى.

ئاشىق بولدىم يۈزىڭگە، كورمەي ئولسەم نېتەرمەن،
بايىزىد(2) تەك ئوزۇمنى كۇندە يۈزمىڭ ساتارمەن،
مۇنكىر-نەكىر كىرگەندە لەھەد(3) ئىچرە ياتارمەن،
ھەرنە قىلساڭ ئېي زاھىد جامى مەيدىن تاتارمەن،
بەرباد بەردىم(4) مەي ئۈچۈن، قولدە تائەت قالمادى.

ئاشىق بولساڭ شۇنداغ بول، ئالەم كۇفرىڭ بىتسۇنلەر،
رەسۋا بولغىل خەلق ئىچرە، نامىڭ ئالىپ كەتسۇنلەر،
يەكسان بولغىل ئالەمدە، ساڭا كېسەك ئاتسۇنلەر،
تۇپراغ بولغىل يول ئوزرە، سېنى باسىپ ئوتسۇنلەر،
كافىرلىقتىن ئوزگە ھېچ مەندە ئادەت قالمادى.

كافىر بولساڭ ئىشقى بول، ئەھلى دۇنيا(5) بولمەغىل،
زاھىد سۇپەت دۇنيا دەپ، ھەرگىز مۇردار(6) بولمەغىل،

ئەدھەم سۇپەت دۇنيانى ھېچ كوزىگە ئىلمەغىل،
مەجنۇن سۇپەت بەھۇش بول، ھېچ ئۆزىڭەكەلمەغىل،
قولۇم ئالىڭ ياپىرىم، مەندە غەيرەت قالمادى.

روزى ئەزەل كوي دىدى(7)، كويدىم ـ ياندىم كۇل بولدىم،
يولدا ياتقان خار(8) ئىدىم، نەزەر تاپتىم گۇل بولدىم،
جامى شاراپ ئىزلەدىم، بەھەمدۇللا مۇل بولدىم،
بىر ئىگەسىز ئىت ئىدىم، ئىگەم تاپتىم قۇل بولدىم،
ئوتتۇم ماقام(9) ھەيرەتتىن(10)، مەندە ھەيرەت قالمادى.

تۇتتۇم پىرنىڭ ئېتەگىن، ئاخىر يولغە باشلادى،
يولدە قالغان گۇمراھنى(11) ئاپپاق خۇجام خۇشلادى،
كىمكى كىردى بۇ يولغە ئۆزلۈگىنى(12) تاشلادى،
يادى بىلە ئاھ ئۇرۇپ، ئىككى كوزدىن ياشلادى.
تىنىماي ئەيتاي سەناسىن(13) خابىغەپلەت(14) قالمادى.

ئىشققە قەدەم قويمەسەڭ، بىللاھ(15) مەشۇق تاپىلماس،
مۇندە رەسۋا بولمەسەڭ، ئاندە راھەت تاپىلماس،
باغرىڭ كاۋاپ بولمەسە، كوزدىن ياشىڭ ساچىلماس،
يول ئۇستىدە پۇل بولماي، نەفسۇ شەيتان چاپىلماس،
پىرى مۇغان(16) مەي بەردى، دىلدە جۇرئەت قالمادى.

زاھىد سۇپەت شەيىخلارىڭ مەسجىد سەرى يۇرغۇسى،
قوللارىدە تەسبىھى رىيا(17)تائەت قۇرغۇسى،
تىلى بىرلە زىكر ئەيتىپ، ئەھمەد دەۋرىن سورغۇسى،

بىر ـ بىر باسىپ قول سالىپ، ھەۋا بىرلە تۇرغۇسى،
ئانىڭ ئۈچۈن يارانلار(18)ئەلدە ئىبرەت قالمادى.

رازى بولدۇم قازاغە، ئاتىم مەشرەپ دىدىلەر،
ھەستىم(19)كويىدى بۇ ئوتقە،خوبلار(20) ئۇشلاپ (21) دىدىلەر،
يولدە قالغان گۇمراھنى پىرىم خۇشلاپ دىدىلەر،
ئاسى جافى(22) قۇل ئىيردىم، خوجام باشلاپ دىدىلەر،
كەچتىم ماۋۇ مەندىن(23)،مەندە ئىللەت قالمادى.

---

(1) ئەكنۇن — ئەمدى.
(2) بايىزىد — بايىزىد بەستامى (ئاشىق).
(3) لەھەد — گور.
(4) بەرباد بەردىم — شامالغا ئۇچۇردۇم، يوق قىلدىم.
(5) ئەھلى دۇنيا — دۇنيانى دوست تۇتقۇچىلار.
(6) مۇردار — ھارام ئولگەن.
(7) روزى ئەزەل — ئادەم يارىتىلغان كۈن؛ روزى ئەزەل كوي دىدى — خۇدا مىنى يارىتىشتا ئوزىگە مۇھەببەت باغلايدىغان قىلىپ ياراتقان.
(8) خار — تىكەن.
(9) ماقام — تۇرار جاي، ئورۇن.
(10) ھەيرەت — ھەيران بولۇش، ئەجەپلىنىش.
(11) گۇمراھ — يول يوقاتقان، يولدىن ئازغان كىشى.
(12) ئوزلۇك — مەنمەنلىك، نەپس.
(13) سەنا — ماختاش.
(14) خابى غەبلەت — غەپلەت ئۇيقۇسى.
(15) بىللاھ — خۇدا ھەققى.
(16) پىرى مۇغان — مەيخانىنىڭ پىرى.

(17) رىيا — كوز - كوز قىلىش، خەققە كورسىتىش ئىشلەش.

(18) يارانلار — دوستلار.

(19) ھەستىم — ۋۇجۇدۇم، بارلىقىم.

(20) خوبلار — ياخشىلار.

(21) ئوشلاپ — تۇتۇپ.

(22) ئاسى جافى — گۇناھكار.

(23) ما — بىز، مەنى — مەن، ماۋۇ مەنى — دۇنيانى سۆيۈش مەنىسىدە ئىيتىلغان.

## (7)

يارنىڭ كويىدە ئولگەن بارمۇكىن،
بىر ئولۇپ ئىككى تىرىلگەن بارمۇكىن.
ۋەسلىنى ئىزلەپ جاھاندە چەرخ ئۇرۇپ،
تەلمۇرۇپ يوللاردە قالغان بارمۇكىن.
قەتلى قىلماققا(1)يەنە كىم تەگلەشىپ،
يالبارىپ بويىنىنى سۇنغان بارمۇكىن.
شاھىبازى(2)مەرپەت سۇلتانى ئىشق،
تەبل(3)ئۇرۇپ دالبايغا(4)قونغان بارمۇكىن.
داد ئەيتار مەشرەپ خۇدانىڭ ئالدىدە،
ئول زامان دادىغە يەتكەن بارمۇكىن.

---

(1) قەتلى قىلماق — ئولتۇرمەك.

(2) شاھىباز — شاھلارنىڭ قۇش ئوينىشى.

(3) تەبل — دۇمباق، ناغرا.

(4) دالباي — قۇش قونىدىغان جاي (قونداق).

(8)

شۇكرى لىللاھ غەمگۇزارىم كەلدى يا،
غەمدە قويغان گۇلئۇزارىم كەلدى يا.
جىلۋەسىنى كورسەتىپ زاھىردە(1) ئەلگە رەڭبەرەڭ(2)،
بۇ بەدەن دەشتىنى كەزگەن دىلفىگارىم(3)كەلدى يا.
نەچچە كۇن ۋەسلىن سوراپ يۇردۇم خوتەن سەھراسىدە،
جەئفەرى سادىق ئىمام قۇتبى زامانىم كەلدى يا.
مەشرەبىڭ مەھشەردە يىغلاپ داد ئېتار،
داد ئېتىپ يارىنى ئىستەپ كەلدى يا.

---

(1) زاھىر ــ تېشى، سىرتى.
(2) رەڭبەرەڭ ــ رەڭمۇ - رەڭ.
(3) دىلفىگار ــ دىلى سۇنۇق، كوڭۇل جاراھەتى.

(9)

دىلبەر يۇزىنى كورگەلى دىۋانە كېلىپدۇر،
يۇز نازۇ - كەرەشمە(1) بىلە جانانە كېلىپدۇر.
دىۋانە بۇ جانىڭنى فىدا قىل ئانىڭ ھەققى،
جانانە بىلە ساھىبى پەيمانە (2) كېلىپدۇر.
جانىڭنى پىدا ئەيلەگىل ئەي مەشرەبى ئاشىق،
لەبلەرى شېكەر، تىشلارى دۇردانە كېلىپدۇر.

---

(1) كەرەشمە ــ كوز قىسىش، ناز قىلىش.
(2) پەيمانە ــ جام، قاچا.

## (10)

لامەكانىنىڭ(1)شەھرىدە ئاشىقنى شەيدا قىلدى ئىشق،
ئەنبىيائى ئەۋلىيالارنى ھۇۋەيدا (2) قىلدى ئىشق.
مۇستەپانىڭ نۇرىدىن يارىلدى شەمسى ۋەززۇھا،
نۇرىغە سەجدە قىلىپ مەنىنى پەيدا قىلدى ئىشق.
جىلۋەسىنى كورسەتىپ زاھىردە ئەلگە رەڭبەرەڭ،
ئارۇ ـ نامۇستىن كېچىپ، ئالەمگە غەۋغا قىلدى ئىشق.
ياشى يەتمىشكە كىرىپ ساتتۇردى ئۆزىن بايىزىد،
مەرىپەت بازارىدە كورگىل نە سەۋدا قىلدى ئىشق.
شەيىخ شىبلى(3)،شەيىخ ئەتتارۇ(4)ئەنەلھەق سوھبەتىن(5)
كىردى ئىچتى بادە(6)نىمەنسۇر(7)نى داردا قىلدى ئىشق.
كۇفر ئەيتتى دەپ نەسىمىنىڭ(8)تېرىسىنى سويدىلەر،
گوشتۇ ـ پوستىن سوزلەتىپ ئالەمدە گويا(9) قىلدى ئىشق.
شەيىخ سەنئاندىن بولۇپ تورت يۈزمۇرىد ساھىب كامال(10)،
كوردى تەرسا(11)زادەنى خۇكبانى(12)ۋالە(13)قىلدى ئىشق.
ئېشتىپ بىلدىكى مەشرەپنىڭ قارارى يوق ئىكەن،
زاھىردىن گويا قىلىپ، باتىنىنى(14)بىنا(15) قىلدى ئىشق.

---

(1) لامەكان ــ ماكانسىز، ماكانى يوق (خۇدانى دىمەكچى).
(2) ھوۋەيدا ــ ئېنىق، روشەن.
(3) (4) شەيىخ شىبلى، شەيىخ ئەتتار ــ شەيىخلەرنىڭ ئىسمى.
(5) (7) مەنسۇر شەيىخ بولۇپ، ئەسلى كەسپى پاختا ئېتىش بولغاچقا، مەنسۇر خەللاجى دەپ ئاتالغان (خەللاجى ــ پاختا ئا-تىدىغان ئادەم دىگەن سوز). ئۇ سىگلىسى ئەنەلەمنىڭ قىرىق چىلتەن بىلەن بەزمە قۇرۇۋاتقان چاغدا بەرگەن بىر تېمەم

شاراپىنى ئىچىپ مەس بولۇپ قېلىپ، ئەنئەلھەق، مەنھەم ھەق (ئەنەلئىگمۇ ھەق، مېنىڭمۇ ھەق) دېگەنلىكى ئۈچۈن، كۆپۈرلۈك قىلدى دېگەن گۇنا بىلەن دارغا ئېسىلغان.

(6) بادە — مەي.

(8) نەسىمى — شەيخ شەمشىدىن تىرمىزى.

(9) گويا — سوزلىگۈچى.

(10) ساھىب كامال — كامال ئىگىسى، كاماللەتكە يەتكەن.

(11) تەرسا — بۇتپەرەس.

(12) خۇكبان — چوشقا باقار.

(13) ۋالە — ئاشىق.

(14) باتىن — روھ، ئىچكى تۇيغۇ.

(15) بىنا — كورگۈچى، ئاستىرتىن كورگۈچى.

بۇغەزەلدىكى 13-، 14-مىسرالارنىڭ مەنىسى "400 مۇرىدى بار شەيخ سەنئان بىر بۇتپەرەس قىزغا ئاشىق بولۇپ ئۇنىڭ دىنىغا كىرىپ، چوشقىسىنى باققان، ئىشق مۇشۇندان كۈچلۈك بولىدۇ" دېگەندىن ئىبارەت.

(11)

بىر باقىشىگە جۇملەئى جانانە تەسەددۇق،
شەھلا كوزىگە ئاقىلۇ-دىۋانە تەسەددۇق.
بۇرقەئ (1) كوتەرىپ يار ماگا نىم (2) قاراسە،
جانىم بېرەيىن يولىدە ھەمخانە تەسەددۇق.
ساقى بولۇبان سۇنسا قەدەھ ناز ئىلە ھەردەم،
ئول غەمزەسىدىن (3) ساغەرۇ (4) پەيمانە تەسەددۇق.

يۈسۈف سۈپەت ئول جىلۋە قىلىپ چىقسە قاشىمغە،
مەن ئورگۈلەيىن كەئبەيۈ-بۈتخانە تەسەددۈق.
جانىڭنى ئەگەر بەر دىسە ئول دىلبەرى رەئنا،
جانىم بېرەيىن يولىدە مەردانە تەسەددۈق.
مىژگان (5) ئوقىغە قىلسە بۈ جانىمنى نىشانە،
كوكسۈم بېرەيىن يولىدە هەيرانە تەسەددۈق.
ۋەدە قىلىبان ئەيدى (6) جامالىمنى كورەرسەن،
ۋەهدەت مەيىدىن ئىچكە (7) بۈ پەيمانە تەسەددۈق.
گۈلگۈن (8) كىيىبان چىقسە ئۈشۈل قامەتى رەنا،
مەجنۈن بولايىن، ئورگۈلەيىن يانە (9) تەسەددۈق.
مەشرەپ سەرى زۈلفۈڭ تاراسە رەشكى (10) كېلەدۈر،
زۈلفۈڭ تارىدىن بادى سەبا (11) شانە (12) تەسەددۈق.

---

(1) بۈرقەئ — پەردە، چۈمبەت (يۈز پەردىسى).

(2) نىم — يېرىم.

(3) غەمزە — جىلۋە، ناز.

(4) ساغەر — مەي پىيالىسى.

(5) مىژگان — كىرپىك.

(6) ئەيدى — ئىدى.

(7) ئىچكە — ئىچمەككە.

(8) گۈلگۈن — گۈلرەڭ، توق هالرەڭ.

(9) يانە — يەنە.

(10) رەشك — كۈنلەش، قىزغىنىش، كورەلمەسلىك.

(11) بادى سەبا — تاڭ شامىلى، سەهەر شامىلى، مەيىن شامال.

(12) شانە — تاغاق.

ئاخىرقى ئىككى مىسرانىڭ مەنىسى: ئەگەر مەشرەپ سى-

نىڭ چېچىگىنى تارىسا، تاڭ شامىلى بىلەن تاغاق بىر - بىرىدىن قىزغىنىدۇ

(12)

تا كىيدى قىزىل، ئوزىنى زىبا قىلايىن دەپ،
ئوت ياقتى جاھان مۇلكىنە غەۋغا قىلايىن دەپ.
مەششاتە (1) بىلە جىلۋەدە كورگۈزدى قەدىنى،
مەندەك نەچچە دىۋانەنى شەيدا قىلايىن دەپ.
زىبا سەنەمىم گۇل يۈزىدىن پەردە كوتەردى،
ئالەم ھەممە كوز بولدى تاماشا قىلايىن دەپ.
شىرىن سوز ئىلە قاشۇ كوزىن جىلۋەگەر ئەتتى،
ئاشۇبى (2) بەلا - فىتنەنى بەرپا قىلايىن دەپ.
تا ئەيلەدىم ئالدىغە بارىپ ئەرز نىيازىم(3)،
چىن سالدى يۈزى سارى (4) تەمەننا قىلايىن دەپ.
خەنجەر قولىدە مەشرەبىغە ئۇرغالى كەلدى،
غەۋغائى قىيامەتنى ھوۋەيدا قىلايىن دەپ.

(1) مەششاتە ــ ياسىنىش، تارىنىش.
(2) ئاشۇپ ــ ھەددىدىن ئېشىپ.
(3) نىياز ــ ئاتاش، تەقدىم، ھەدىيە.
(4) چىن سالدى يۈزى سارى ــ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

(13)

ئاپەتى جانىم (1) ئول سەنەم (2) قاشى قاراسىنى كورۈڭ،
ئىككى يۈزىغە چۇلغانۇ زۇلفى سىياسىنى (3) كورۈڭ.

ھورۇ - پەرى ئۇيالەدۇر، شەمسۇ - قەمەر (4) خىجىل ئېرۇر،
كىم ئانى كورسە بەندەدۇر (5)، ھوسنى زىياسىنى (6) كورۇڭ.
گاھ قىزىل قەبا (7) كىيىپ، قىرمىزى (8) ساچباغىنى سالىپ،
نازۇ - كەرەشمەلەر قىلىپ، ئەھدۇ (9) ۋاپاسىنى كورۇڭ.
گاھى قاشىن كەمان (10) ئېتىپ، كىرپىكى ئوقىنى ئاتىپ،
جادو (11) كوزىنى ئويناتىپ، مەكرىلە ياسىنى (12) كورۇڭ.
مەشرەبى بىناۋادۇرمەن، ۋەسلى ئۇچۇن گادادۇرمەن،
ھىجر ئوتىدە كويەدۇرمەن، يار جاپاسىنى كورۇڭ.

(1) ئاپەتى جانىم — جېنىمنىڭ ئاپىتى.
(2) سەنەم — يار، جانان، بۇت.
(3) سىيا — قارا.
(4) شەمسۇ قەمەر — كۈن بىلەن ئاي.
(5) بەندە — قۇل.
(9) زىيا — نۇر، ھوسنى زىياسى — نۇرلۇق چىرايى.
(7) قەبا — پىرىجە.
(8) قىرمىزى — قىزىل، توق قىزىل.
(9) ئەھد — ۋەدە، كېلىشىم، پۈتۈم.
(10) كەمان — يا.
(11) جادو — مەپتۇن قىلىدىغان.
(21) مەكرىلە — مېكىرلىك.

(14)

كاكۇلۇڭمۇ (1) ئەنبەردۇر (2) جان ئىچىندە جانان قىز،
يۈزلەرىڭمۇ ئەختەردۇر (3) ياكى ماھى تابان (4) قىز.
دىر كورۇپ سېنى جانا، قالمادى مېنىڭ ھالىم،


AltunOq

تەك بولۇپتۇر ئەھۋالىم، بىلمەدىڭكى نادان قىز.
تىشلارىڭ مىسالى دۇر، يۈزلەرىڭ ئېرۇر چۈن (5) گۈل،
بارچە ئەل ساڭادۇر قۇل، خىزمەتىڭدە پەرمان قىز.
ئاي يۈزۈڭنى كورگەندە. لەبلەرىڭنى سورگەندە،
مەشرەبىڭ قىلۇر خەندە (6)، لەئلى شېكەر ئەفشان (7) قىز.

(1) كاكۇل — كوكۇلا (پوپۇك).
(2) ئەنبەر — خۇشبۇي گۈل.
(3) ئەختەر — يورۇق يۇلتۇز.
(4) ماھى تابان — نۇرلۇق ئاي.
(5) چۈن — گويا، خۇددى، ئوخشاش.
(9) خەندە — كۈلمەك.
(7) ئەفشان — چاچماق.

(15)

مېنىڭ رازى (1) دىلى زارىم پاراۋاندۇر(2) بىتەب (3) بولماس،
كى ئىشق ئەفسانەسىنى دەپتەر ئوزرە شەرھ ئېتىپ بولماس.
تىكەنسىز گۈل سەددفسىزدۇر، مۇشەققەتسىز ھۇنەر يوقتۇر،
رىيازەت چەكمەگۈنچە يار ۋەسلىغە يېتىپ بولماس.
كوزۇم تۇشتى يۈزىغە تەلمۇرۇپ ھەيران بولۇپ قالدىم،
پەلەككە قول ئۇزارتىپ شەمس ئەنۋەرنى(4) تۇتۇپ بولماس.
خەدەڭى تىرى(5) مىژگانىڭ مېنىڭ سىنەمگە چا(6) بولدى،
كوڭۇل زەخمىن ئاچىپ بىدەرتلەرگە كورسەتىپ بولماس.
ئۇ شۇنداغ مۇستەفانى ئۇشبۇ ئالەمدىن فەنا ئەتتى،
خۇداغا ئەي بۇرادەر بۇ سەبەپتىن بەھىس(7) ئېتىپ بولماس.

ئۇزاغ ئەرمىش ئۇشەل زىبا(8) سەنەمنىڭ قەسرى ئېبي مەشرەپ،
ئەگەر يۈز يىل جەدەل قىلساڭ(9) بۇ مەنزىلغە يېتىپ بولماس.

(1) راز — ئىچكى سىر.
(2) پاراۋان — كوپ، ھىساپسىز.
(3) بىتىپ — يېزىپ.
(4) ئەنۋەر — نۇر، يورۇقلۇق.
(5) خەدەڭ، تىر — ئوقيانىڭ ئوقى.
(6) جا — جاي، ئورۇن.
(7) بەھس — مۇنازىرىلىشىش، تالىشىش.
(8) زىبا — سۇمباتلىق، نازۇك، چىرايلىق.
(9) جەدەل قىلىش — تىرىشىش، ئىجتىھات قىلىش.

(16)

يىغلاسام ۋاقتى دۇئا بولغايمۇكىن،
كوز ياشىم دەرتكە داۋا بولغايمۇكىن.
بادەئى ئىشقى مۇھەببەتتىن ئىچىپ،
شەۋكەتى دۇنيا جۇدا بولغايمۇكىن.
باش ئۇرا(1) كەلدىم سىنىڭ دەرگاھىڭە،
بىر مەدەتكارىم خۇدا بولغايمۇكىن.
يىغلاماقتىن ماڭا ئىمكان قالمادى،
ياردىن ماڭا نىدا(2) بولغايمۇكىن.
قايسى بىر دەردىمنى ئەيتاي دوستلار،
ئولمەيىن دەردىم ئادا بولغايمۇكىن.
يار كويدۇردى مىنى ھالىم خاراپ،

ئەرز ئېيتارغە داد ئېيتىپ بولغايمۇكىن.
تەلبە مەشرەپ يىغلايۇر يا رەببەنا،
رەببىيەل ئەلا(3) دىسەم بولغايمۇكىن.

(1) باش ئۇرا — باش ئۇرۇپ.
(2) نىدا — ئاۋاز، ئۈن.
(3) رەببىيەل ئەلا — خۇدا ھەممىدىن ئالى.

## (17)

كورسەت جامالىڭ مەستانەلەرغە،
ئىشقىڭدە كويگەن پەرۋانەلەرغە.
مەندىن دۇئايى، سەندىن ئىجابەت،
جانىم تەسەددۇق جانانەلەرغە.
ئېي باغرى قاتتىق رەھىم ئەيلەمەس سەن،
قىلغىل نەزارە(1) بىچارەلەرغە.
مەشرەپ سېنى دەپ كەچتى جاھاندىن،
باشىنى قويدى ئاستانەلەرغە(2).

① نەزارە — قارىماق، باقماق.
② ئاستانە — بوسۇغا.

## (18)

بەندەڭ ئېرۇرمەن ۋەللاھى بىللاھ،
شامۇ سەھەرلەر مەن ساڭا شەيدا.
كەلدىم ئىشىككە دەپ شەيئەن لىللاھ(1)،

كوردۇم يۈزۈڭنى ئەلھەمدۇلىللاھ(2).
باقساڭ مېنىڭدەك دىۋانەلەرغە،
ئەقلۇ - ھۇشىدىن بىگانەلەرغە،
ئېسىيان چولدە ئاۋارەلەرغە،
كوردۇم يۈزۈڭنى ئەلھەمدۇلىللاھ.
مەستانە قىلغان شەھلا كوزۈڭدۈر،
دىۋانە قىلغان شېرىن سوزۈڭدۈر،
ئەفسانە قىلغان ئايدەك يۈزۈڭدۈر،
كوردۇم يۈزۈڭنى ئەلھەمدۇلىللاھ.
ئىزلەپ يۈرۈرمەن شامۇ - ئىراقى،
تاپىمادىم ئەسلا يارنىڭ سوراقى،
كويدۈردى دوستلار يارنىڭ فىراقى،
كوردۇم يۈزۈڭنى ئەلھەمدۇلىللاھ.
مەشرەپكە تەگدى ئاھۇ - نادامەت،
ھەر يەردە بولساڭ بولغىل سالامەت،
تا روزى مەھشەر(3) ئېيتۇر دەۋامەت،
كوردۇم يۈزۈڭنى ئەلھەمدۇلىللاھ.

---

(1) شەيئەن لىللاھ — خۇدا ئۈچۈن بىر نەرسە بەر.
(2) ئەلھەمدۇلىللاھ — بارلىق ماختاش خۇداغا خاس.
(3) تا روزى مەھشەر — تا قىيامەت كۈنىگىچە.

## (19)

ئول دىلبەرى زەنانى مەن يار تۇتاي دەرمەن،
مەي بەرسە بەھەم ئاندىن بىر قەترە(1) يۇتاي(2) دەرمەن.

جەننەتى هورۇ ـ غىلمانىن، كىرگەن ساراي ئايۋانىن،
كىم بولسا خىرىدارىن بىر پۇلغە ساتاي دەرمەن.
ئالەم هەمە لەيلىدۇر تۇن قاشى قاراسىدەك،
ئايدەك يۈزىگە باقىپ مەستانە كېتاي دەرمەن.
ئىشق يولىدا ئاشىقغە تەئىن ئەيلىسە گەر زاهىد،
ئاه ئوقى بىلە ئاتىب ئانى يېقىتاي دەرمەن.
كوز ياشى چۇسۇ بولدى دوزەخ ئوتىدىن مەشرەپ،
ئىشقىڭ ئوتىدىن تابلاب(3) ئانى قۇرۇتاي دەرمەن.

---

(1) قەترە — تامچا.
(2) تاتاي — تېتاي.
(3) تابلاب — قىزىتىپ، كويدۇرۇپ.

(20)

كەل ئېي دىلبەر، بۇكۇن ئەمدى مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈرگىل،
نېتەي سەنسىز تىرىكلىكنى، مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈرگىل.
گۇۋاه بولۇڭ خالايىق مەنكى كەچتىم خانۇ مانىمدىن(1)،
كى سەندىن ئوزگە يارىم يوق، مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈرگىل.
ياراتقان پادىشاهىم سەن، سورارغە داد خاهىم(2) سەن،
قىيامەت قازىسى سەنسەن، مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈرگىل.
ئەزەلدىن تا ئەبەت دوستلار بۇ ئىشق ئوتىدە مەن كويدۇم،
يەنە مەهشەردە ئاه ئۇرسەم، مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈرگىل.
بۇ ئىشق ئوتىدە ئېي دوستلار مەجازىدۇر(3) ئەگەر بىلسەڭ،
ھەقىقەتتىن بەيان ئەيلەي، مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈرگىل.
كەل ئېي مەشرەپ ئۇمىت ئەتكىل، خۇدايىڭ لايەزال(4) ئېرمىش،



AltunOq

مۇھەممەد مۇستەفا ھەققى مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈرگەيل.

(1) خانۇمان — ئۆي - جاي، مال - مۈلۈك، ئۇرۇق - نەسلى.

(2) دادخاھ — ئەرزگە يەتكۈچى، ئەرز قىلغۇچى.

(3) مەجاز — كىنايە قىلىش، ھەقىقى ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئوخشىتىپ ئېيتىش.

(4) لايەزال — ئەبەدى، ئۆلمەس.

## (21)

مەن سەلام قىلدىم ساڭا قىلغان ئىشاراتىڭ قېنى،
مەردى ھەقنى بىلگەلى ئەمدى كەراماتىڭ قېنى؟
بولدى مەقبۇلىڭ(1) سېنىڭ مەردۇدگە(2) ئەمدى ئىنتىزار،
يەتمىش ئىككى بەھس ئېتىپ ئالغان ئاماناتىڭ قېنى؟
ئېتىمادى فال ئېتىپ(3) قالدىڭ ئارا يوللاردا سەن،
تىنمايىن شامۇ - سەھەر قىلغان تىلاۋاتىڭ قېنى؟
يەتتە مەرتە ھەج قىلىپ، مالىڭنى سەن تاراج ئېتىپ،
دەستىگىرى(4) ئاخىرەت بولغان ساخاۋەتىڭ قېنى؟
بەس تەكەببۇر ئەيلەدىڭ، قالدىڭ لەئىن(5) ۋابەستەسى(6)،
فەتھۇ(7) نۇسرەت(8) تاپقالى قىلغان مۇناجاتىڭ قېنى؟
جۇملە رەختى(9) ئاخىرەت قىلدىڭ بۇ شەيتان ئەلچىسى،
دەفتەرى ئىشقىڭنى سەرپ ئەتكەن خىيالاتىڭ قېنى؟
مەشرەبى دېۋانە تەئىن ئەتمە خۇدا تەقدىرىغە،
ئەمرى پىرىڭ جابەجا(10) قىلماققا غەيراتىڭ قېنى؟

(1) مەقبۇل — ماقۇل كورۇش، قوبۇل قىلىنغان.

(2) مەردۇد — ھايدالغان، رەت قىلىنغان.

(3) ئېتىمادى قال ئېتىپ — سوزگە ئىشەنچ قىلىپ.
(4) دەستىگىر — تايانچ، پانا، ياردەمچى، قوللىغۇچى.
(5) لەئىن — مەلئۇن، قوغلانغان.
(6) ۋابەستەسى — ئارقىدا قالغان، يېتىشەلمىگەن.
(7) فەتىھ — غەلىبە.
(8) نۇسرەت — ياردەم.
(9) رەخت — مال، بايلىق.
(10) جابەجا — ئوز ئورنىدا.

## (22)

بۇ جەھانى بىۋەپادە كوپ جاپا قىلغان ئولۇم،
ھەزرەتى ئاددەمنى كورگىل يەرگە جا قىلغان ئولۇم.
ھېچكىم زالىم ئولۇمنىڭ دەستىدىن تاپماس ئامان،
بارچەغە جەبرۇ - ستەمنى(1) جابەجا قىلغان ئولۇم.
ئول خەلىللللا قېنى، ئاتەشنى گۇلزار ئەيلەگان،
بۇ ئەجەل سەييادىنى(2) دامىغە(3) جا قىلغان ئولۇم.
ئون سەككىزمىڭ راز ئىشتكەن ھەزرەتى مۇسا قېنى،
بىر قېرىش يەر ئاستىغە جىسمىنى فەنا قىلغان ئولۇم.
كەرم ماتەم(4) ئەمر ئېتىپ ئەييۇبنى قىلدى ئىمتىھان،
ئاخىرى ئومرىن چىراغىن بى زىيا قىلغان ئولۇم.
ئىككى ئالەم ئابرويى ئول رەسۇلللا قېنى،
ئۇممەتى ئاسى(5) غەمىدە دادخاھ قىلغان ئولۇم،
چاريارىمىز ئەبۇ بەكرۇ ئومەر، ئوسمان قېنى،
ھەيدەرى كەررانى(6) كورگىل، يەرگە جا قىلغان ئولۇم.

نۇرى چەشمى(7) مۇستەفادۇر ئۇل ھەسەن بىرلە ھۇسەيىن،
شۇم يەزىدلەرغە(8) شەھىدى كەربالا(9) قىلغان ئۇلۇم،
مەشرىقنىڭ ھەم كاسەئى(10) مەرگى شەھادەت(11) نۇش
ئېتەر(12)،
بەلخ ئارا مەھمۇد قولىغە مۇپتەلا قىلغان ئۇلۇم.

(1) ستەم — زۇلۇم.
(2) سەييياد — ئوۋچى.
(3) دام — توزاق، قىلتاق.
(4) كەرم — قۇرۇت.
(5) ئۇممەتى ئاسى — گۇناھكار ئۇممەتلەر.
(6) ھەيدەرى كەررار — چاريارنىڭ بىرسى - ئەلى.
(7) نۇرى چەشم — كوز نۇرى.
(8) يەزىد — خەلىفە مائاۋىيەنىڭ ئوغلى.
(9) كەربەلا — شەھەرنىڭ نامى.
(10) كاسە — ئىچىملىك قاچىسى.
(11) مەرگى شاھادەت — شەھىدلىك ئۇلۇمى.
(12) نۇش ئەتمەك — ئىچمەك.

(23)

دەرد بەرگىل ئانىڭەدەر(1) مۇھتاجى مەرھەم(2) قىلماغىل،
ھەر كەسۇ(3) ناكەسنى(4) سەن ئۇزۇڭە ھەمدەم قىلماغىل.
ئاسى جافىلار سېنىڭ دەرگاھىڭە باشىن ئۇرار،
رەھمەتىڭنى بەندەلەرنىڭ باشىدىن كەم قىلماغىل.
ئەۋۋەلى ئاخىر يىغىلسە شىددەتى رۇزى جەزا(5)،
پەردەلەرنى يىرتماغىل، رەسۋايى ئالەم قىلماغىل.

بەندەلەرنىڭ باشىغەكەرمى(6) قىيامەت تابلاسە(7)،
قامەتىمنى بار ئىپسياندىن ئۇ كۈن خەم(8) قىلماغىل.
جۇملە خەلق توپاندە سەركەردان ئېرۇر بىل مەشرەبا،
ھېچ بەندەڭنى كېتار ۋەقتىدە مۇلزەم(9) قىلماغىل.

---

(1) ئانقەدەر — شۇ قەدەر.

(2) مەرھەم — مەرھەمەت، داۋا.

(3) كەس — ئادەم.

(4) ناكەس — ئادەمگەرچىلىگى يوق.

(5) شىددەتى روزى جەزا — جازا كۈنى (قىيامەت)نىڭ قاتتىقلىغى

(6) گەرمى — ئىسسىق.

(7) تابلاسە — تاۋلىسا.

(8) خەم — پۈكۈلۈش.

(9) مۇلزەم — سوزدە يېڭىلىش، مەغلۇپ بولۇش.

(24)

سەنەما يۈزۈڭ بېھىشتىن گۈل ئاچىپ باھار قىلدىڭ،
نىگە غەيرى ئىلە تۈزۈپ بەزم مېنى بىقارار قىلدىڭ،
ئاتىبان غەمىڭ ئوقىنى يۈرەگىم فىكار (1) قىلدىڭ،
مېنى ئېبي خۇمار كوزلۈك نىگە مۇنچە زار قىلدىڭ،
ئىلەگەچ جامالىڭ ئېبي گۈل، كوچەلەردە خار قىلدىڭ.

چىداماي سىتەملەرىڭگە كېتەيىن ئالىپ بۇ باشىم،
دەرە(2) دەشتلەر كېزىبان ئاقۇزاي ھەمىشە ياشىم،
غەمۇ - دەرد ئېتسە تۇغيان(3) كويەردۇر ئىچىمۇ - تاشىم،

كۆپىدىن تەزەللۇمىگە(4) نەئىلاجدۇر چىداشىم،
سىتەمۇ ـ ئەلەملەرىگنى بىر ئەمەس ھەزار (5) قىلدىڭ.

تىلىمۇ ـ دىلىمدە جانان تۈنۈ ـ كۈن ئېرۇر سىفاتىڭ،
بۇ ئەجەپ ئېل ئاغزىدادۇر شېكەرۇ ـ ئەسەل (6)، نەباتىڭ(7)،
كېچىبان بۇ جىسىم ۋە جاندىن، تىلەدىم سېنىڭ ھەياتىڭ،
ئۆلۈرۈمغە رازى بولدۇم، نىگە كەلمەدى ئۇياتىڭ،
ئىشىگىڭ تۈبىدە يۈزىمىڭ ئاسىلۇرغە دار قىلدىڭ.

سەدەفىڭ دۇر مۇنەۋۋەر(8)، ئانى سەن نىھان(9) تۇتۇپسەن،
سەن ئەمەسسەن نەسلى ئادەم، پەرى خەيلىدىن ئۆتۈپسەن،
سەن ئۆزۈڭ ئۇزاق تاشلاپ، مېنى مۇنداق ئاۋۇتۇپسەن،
ماڭا بىر نىگاھ(10) قىلماي، نىگە ئۆزگەنى كۆتۈپسەن،
مېنى بەد(11) خۇمار ئەيلەب كىمى(12) ئىختىيار قىلدىڭ.

ئىلە ئىلتىفاتىڭ ئولىسە(13) يۈرەگىمدە داغ سەندىن،
يۈزىڭ ئاز ئاچىلسە گۈلغە، تۇتۇلۇر دىماغ(14) سەندىن،
نەچچە ئولىسەم، يوقالسام، يوق ئېرۇر سوراغ سەندىن،
يىقىلىپ ـ قوپۇپ تۇرارمەن، ماڭا يوق ئاياغ(15) سەندىن،
مېنى ئولتۇرۇپ غەمىڭدە، ئېلگە جان نىسار(16) قىلدىڭ.

گەھى سەيىر ئۈچۈن چىقىبان، ھەر تەرەپكە قاش ئاتارسەن
مەن تەلبە ئىتنى كورسەڭ قاۋقىمغە(17) تاش ئاتارسەن،
ماڭا تىرە(18) تۈن بولۇر، سەن ئېلگە يۈز چىراق ئېتەرسەن،


AltunOq

ماڭا گاھى ئوق ياغىسە، ئېلگە دەپ تالاش ئېتەرسەن،
ئېلگە يۈز كەرەملەر(19) ئەيلەپ، مېنى نىگەزار قىلدىڭ.

بەزمەڭ ئولدى(20) باغۇ ـ بوستان، مەي ئۈچۈن قىلىپ گۈلگۈن
خۇم(21)،
ماڭا قىلمەدىڭ تەرەھھۇم(22)، نە ئۈچۈنكى تالىيم(23) شۇم.
بۇ تىرىكلىگىمدىن ئارتۇق يەر ئىچىندە بولغانىم گۇم،
مېنى قىل ھەزەر پارە، ئېل ئىچىندە قىلمە مەھرۇم،
مېنى يوق قىلىپ جاھاندا، دۈشمەنىمنى بار قىلدىڭ.

تۈنۈ ـ كۈن تىلەپ نىگارا ئىككى زۈلفۈڭ ئەيلەدىم دام،
بەختىۇ تالىيىڭ بولۇپ، قويمىدى بۇ دامغە كام(24)،
ئېلگە بولسە ۋەسلى ھاسىل، ماڭا بولدى خۇشىك(25)بەدنام،
ماڭا بەستۇر ئۇشبۇ دەۋلەت، دىدى مەشرەپنى كەم نام(26)
نە ئۈچۈن بۇرۇن ئۆزۈڭگە مېنى دوستدار قىلدىڭ.

× ×

چىداماي قىلىپ پۇشايمان، نە ئۈچۈنكى ئار قىلدىڭ،
ئايرىپ يەرۇ ـ سۈيۈمدىن، مېنى بىدىيار قىلدىڭ،
نىگە فۇرقەتىڭ ئوتىدە مېنى خارۇ ـ زار قىلدىڭ،
جانە (27) سالىپ ئىشق ئوتىنى، مېنى بىقارار قىلدىڭ،
ۋەسلىنى فىراققە سالىپ، تولا ئىنتىزار قىلدىڭ.

مەن رىندىلە(28) ۋابالى ساڭا بولدى بى سىرانجام،
بولۇپ خارابۇ ـ ھەيران بۇ خالايىق ئىچرە بەدنام،

ھەمدەمىم ئېرۇر دەفو(29)نەي، ھەرىفىم(30)سۇراھى(31)ۋە جام،
نە قىلاي كوزۇمنى يۇمىاي سېنى كورمەسەم دىل ئارام،
قاش ئاتىپ رەقىپلەرگە، مېنى بەدخۇمار قىلدىڭ.

ئىچۇك ئۇناتاي ئىگارا سېنىڭ ئىلتىفاتلارىڭنى،
ئەيتىپ ئېل تامام قىلماس سېنىڭ بۇ سۇپاتلارىڭنى،
تۇتاشۇر جانىمغە ئوتلار ئەگەر ئەيتسەم ئاتلارىڭنى،
نە ئۇچۇن تاتۇرمىدىڭ(32) سەن شېكەرۇ ناباتلارىڭنى،
ئېل ئارا غەرىپلىگىمدە ئىگە مۇنچە زار قىلدىڭ؟

بۇ جاھاندا ئىردى بىسيار(33)ئىشۇە(34) بىرلە مەھلىقالار(35)،
لەبى غۇنچە، يۇزلەرى گۇل، كوزى شوخ بىۋاپالار،
بارسى(36) ئالەمدىن ئوتتى ئىشقىدىن سالىپ بەلالار،
بار ئىكەن ئىھايىتى(37)يوق ئۇلە بىلمەيىن جاپالار،
بارىنى يىغىپ كەرەمدىن ماڭا گۇلئوزار قىلدىڭ.

يارلەنۇ مەن بولالى، كى مۇدام مەي ئىچالى،
رەز قىزىنى ئالىپ قۇچۇپ خانىقە ئويىن(38) بۇزالى،
ھەر كىشىنىڭ بىر خىيالى مەدرەسەدە قىلۇ قالى(39)،
دۇنيا قىزىدىن كېچەلى، ھۇر قىزىنى قۇچالى،
دەھ(40) ئىچىدە ۋەجد(41) ھالى مەشرەپ ئىختىيار قىلدىڭ.

(1) فكار — يارا، جاراھەت، مەجرۇھ.
(2) دەرە — جىلغا.
(3) تۇغيان — ھەددىدىن ئېشىش، چېكىدىن ئېشىش.
(4) تەزەللۇم — زۇلۇم قىلىش.

(5) ھەزار — مىڭ.
(6) ئەسەل — ھەسەل.
(7) نابات — ناۋات.
(8) مونەۋۋەر — يورۇق، نۇرلۇق، پارقىراق.
(9) نەھان — يوشۇرۇن.
(10) نىگاھ قىلىش — قاراش، كوز تاشلاش.
(11) بەد — يامان.
(12) كىمى — كىمنى.
(13) ئولسە — بولسا.
(14) دىماغ — بۇرۇن.
(15) ئاياغ — ئاياش.
(16) نىسار — پەيدا قىلماق، قۇربان قىلماق.
(17) قاۋماق — ھاۋشىماق.
(18) تىرە — قاراڭغۇ.
(19) كەرەم — مەرتلىك، سېخىلىق.
(20) ئولدى — بولدى.
(21) خۇم — مەي كۈپى.
(22) تەرەھھۇم — رەھىم قىلىش.
(23) تالىيىم — تەلىيىم.
(24) كام — قەدەم.
(25) خۇشىك — قۇرۇق، يامان.
(26) كەم نام — نامى تۆۋەن، ئابرويى يوق.
(27) جانە — جانغا.
(28) رىند — تېرىككەك، ئۇرۇشقاق، چېدىماس ئادەم.
(29) دەف — داپ.
(30) ھەرىف — شېرىك، ئۇلپەت.
(31) سۇراھى — قەدەھ.

(32) تاتۇرمىدىڭ — تېتىغۇزمىدىڭ.
(33) بىسىيار — تولا، بىر تالاي.
(34) ئىشۋە — قىلىق.
(35) مەھلىقا — ئاي يۈزلۈك.
(36) بارىسى — ھەممىسى.
(37) نىھايىتى — چېتى، ئاخىرى.
(38) خانىقە ئۆيى — سوپىلار ئۆيى.
(39) قىلۇقال — قاتتىق ئاۋازدا سوزلەش، گەپ تالىشىش.
(40) دەھ — رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى.
(41) ۋەجد — خۇدانىڭ ئىشقىدا بىھوش بولۇش.

## (25)

دىلبەرا ھوسنۇڭنى كورگان بارمۇكىن،
كورمەيىن ھەسرەتتە ئولگان بارمۇكىن،
ھەسرەتۇ - دەردىدە سولغان بارمۇكىن،
يەتمەيىن ۋەسلىغە ئولگان بارمۇكىن،
غەم بىلە ھەسرەتغە تولغان بارمۇكىن؟

مەن پىرىنى تاپمادىم ھەر يان يۈرۈپ،
رەخنەلەر(1) بولدى يۈرەك قانغە تولۇپ،
زەپىران بولدى يۈزۈم گۈلدەك سۇلۇپ،
تەشنە بولدۇم ھەسرەتىدە ئاھ ئۇرۇپ،
تەلمۈرۈپ يوللاردە قالغان بارمۇكىن؟

مۇرشىدى(2) كامىلغە جانىڭ بەرسەنا،
جان نە بولغاي خانۇمانىڭ بەرسەنا،

ئاستانىغە يۈزۈڭنى سۈرسەنا،
خوجا ھەسەن پادىشاھىم كورسەنا،
مۇندە يوق، ئاندە بار ئۇلگەن بارمۇكىن؟

ھەسرەتىمگە تاغۇ - تۈزلەر يىغلاغاي،
ھېچكىم يوقتۇر سوزۇمنى ئاڭلاغاي،
قىل دۇئا شەيەدكى(3) يارىم تىڭلاغاي،
زۇلفىنى تارىغە باغلاپ چىرماغاي،
مەن كەبى ھەيرانە بولغان بارمۇكىن؟

تاپىمادىم ئۇزۇمگە ھەمدەم بىر سەنەم،
مەھرەمىم(4) يوق، باستى نەيلەي كوھى غەم(5)،
بارمۇكىن دۇنيادە مەندەك پۇرئەلەم(6)،
دىلبەرا قىلمە ماڭا جەۋرۇ - ستەم،
بى ۋەپا دەردىدە ئۇلگەن بارمۇكىن.

داغى داغ ئۈستىدەدۇر باغرىمدە قان،
سەن سىزىن ماڭا كېرەكمەس بۇ جاھان،
ئىستەسەم تاپقايمۇ مەن ئېيي بىماكان،
يوقتۇرۇر سەندەك ماڭا بىر مېھرىبان،
مېھرىبان ئىزلەپ يۈرگەن بارمۇكىن.

مەشرەبىلىك مەھشەردە يىغلاپ داد ئېتەر،
تاپماسە ۋەسلىڭ ئۇزىن ناشاد(7) ئېتەر،
ھەسرەتۇ - دەردۇ - ئەلەم بۇنياد(8) ئېتەر،


AltunOq

ئوز يەقاسىن چاك ئېتىپ(9) پەرياد ئېتەر،
تاپمايىن دىلشاد(10) يۈرگان بارمۇكىن.

(1) رەخنە — دەز.
(2) مۇرشىد — يول باشلىغۇچى.
(3) شايەدكى — ئېهتىمال، بەلكى.
(4) مەهرەم — ئۇلپەت.
(5) كوھى غەم — غەم تېغى.
(6) پۇرئەلەم — ئەلەمگە تولغان، ئەلەم بېسىپ كەتكەن.
(7) ناشاد — خاپا، كوڭۇلسىز.
(8) بۇنياد — پەيدا قىلىش.
(9) چاك ئېتىش — يىرتىش.
(10) دىلشاد — خوشاللىق.

(26)

سەهەرلەر تولغانىپ تولغاقدە تاپقان بىر بالاڭ كەلدى،
يۈزى ئاقۇ - قىزىل گۇلدەك شەھىدى كەربەلاڭ كەلدى.
ئانادەك مېهرىبان قايدە، ئاتادەك غەمگۇزار قايدە،
ئالاردەك ئىچ كويەر قايدە، غەرىپ بولغان بالاڭ كەلدى.
ئانا رازى، خۇدا رازى، مۇھەممەد چاريارى ھەم،
رىزا بولغىل ئانا جانىم، دۇئا ئالغان بالاڭ كەلدى.
بۇ مەشرەپنىڭ دۇئاسىنى خۇدايا نائۇمىت ئەتمە،
كوزى ياشلىق، دىلى غەملىك بۇ سارغايغان بالاڭ كەلدى.

(27)

سەتارىم تارىغە جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ ئالسام،
ئانىڭ كىم نالەسىدىن بى ۋەپانىڭ كوڭلىنى ئالسام،
مۇقام ئالىپ مۇقام ئىچرە مۇقامنى دىلغە جا قىلسام،
مۇھەببەت كويىغە سالسە، ئانىڭ ئالدىدە مەن چالسام.
مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھوسەينى ۋە ئەجەم دەرلەر،
بۇلاردىن يۇقارى كىم پەردەئى بايادىنى چالسام.
بايادى ھەق تەئالا يادىدە چالسام پەياپەي(1) كىم،
كى كوڭۈل بى نەۋا بولغانىنى بىلسەم، ناۋا چالسام،
كەل ئېي مەشرەپ، قەدەھ سۇنغىل، بولايىن مەست -
مۇستەغرەق(2)،
بىر ئېلىگە كاسەئى تەنبۇر، بىرىگە جامنى ئالسام.

(1) پەياپەي — كەينى - كەينىدىن، توختىماي.
(2) مۇستەغرەق — غەرق بولماق، چوكمەك.

(28)

ھەزرەتى ئادەم بىنا بولغاندا مەن بىللە ئىدىم،
ھەق رەسۇل مىراجىغە(1) چىققاندا مەن بىللە ئىدىم.
چۈن خەلىل ئاتەشكە كىردى، ئوتنى پەرۋا قىلمادى،
ئوتنى بوستان ئەيلەگەن، گۈلشەندە مەن بىللە ئىدىم.
ھەزرەتى ياقۇپنى كور، يۇسۇپ ئۇچۈن قان يىغلادى،
تاجۇ - تەختى دەۋلەتىن قىسقاندا مەن بىللە ئىدىم.

زىكرىيانىڭ باشىغا ھەرە قويۇپ پارە ئەيلەدى،
زىكرى ھەقنى دىلغا جا قىلغاندا مەن بىللە ئىدىم.
چۈن ئەنەلھەق دىدىلەر، مەنسۇرنى دارغا ئاستىلەر،
قان بىلەن مەنسۇر يۈزىن يۇۋغاندا مەن بىللە ئىدىم.
مەشرەبا لاپ ئۇرمەغىل، قىلغان سوزۈڭگە تەۋبە قىل،
گەر خۇدا لۇتقى(2) ئەيلەسە، رەھمىدا مەن بىللە ئىدىم.

(1) مىزاج — ئەرش.
(2) لۇتۇف — رەھىم - شەپقەت، ئىلتىپات.

## (29)

قارارىم يوق كوڭۈلدە لەھزەئى(1) دىۋانە مەشرەپ مەن،
قۇيۇندەك ھوسىن شەمئىن ئايلانىپ پەرۋانە مەشرەپ مەن.
ئىشىمدۇر پەقر يولىن تەي قىلىپ(2) قەتئى تەئەللۇقتىن،
ئىچىپ مەي تۇنۇ - كۈن مەن تالىبى(3) مەيخانە مەشرەپ مەن.
مېنى زاھىر كوز ئىلە كورگەن ئېيل ئانداغ گۇمان ئەيلەر،
ۋەلى(4) ئەل ئىچرە ئۆزۈم بارچەدىن بىگانە مەشرەپ مەن.
سەراسەر(5) سەير ئېتىبان ھەر تەرەپكە دەشتۇ سەھرانى،
ئۆزىدىن بى خەبەر ھەم ھۇشى يوق ئاۋارە مەشرەپ مەن.
ماڭادۇر سادە ۋەشلىغ(6) ۋەزئى(7) مەندىن سەرنەگۇنراق(8)
يوق،
ئاچۇق ئەزا، يارۇق تەن، خەلق ئارا دىۋانە مەشرەپ مەن.

(1) لەھزە — پەس، دەم، پەيت.

(2) تەي قىلىش — مېڭىش، ساياھەت قىلىش.
(3) تالب — تەشنا، تەلەپكار.
(4) ۋەلى — ۋە لېكىن.
(5) سەراسەر — باشتىن ئاياق، تولۇق.
(6) سادە ۋەشلىغ — سادىدا سۆپەت.
(7) ۋەزئى — ھال - ئەھۋال قويماق.
(8) سەرنەگۈن — بېشى قايماق، بېشى ئايلانماق.

## (30)

ئېي سەنەم، ھىجرىڭ ئوتىدە سىنە بىريان بولغۇسى،
كورمەسەم ھەردەم يۈزۈڭنى يۈرەكىم قان بولغۇسى.
گەر چىقىپ زۈلفۈڭ تاراپ باقسەڭ نىگارا ھەر تەرەپ،
جەمئى كوڭۇل كورسە ئانى، مىڭ پەرىشان بولغۇسى.
قامەتىڭنى كورسەلەر مەھشەردە ئىنسانۇ - مەلەك،
ھورۇ - غىلمان ئۆشبۇدۇر دەپ بارچە ھەيران بولغۇسى.
قەترەئى ئەشكىم① ئەگەر تامسە يۈزۈمگە مەشرەبا،
تەشنەلىك ۋەقتىدە بىلسەڭ راھەتى جان بولغۇسى.

① ئەشك — كوز يېشى.

## (31)

بۇ تەنى خاكىنى(1) ۋە روھى راۋانىنى(2) نە قىلاي،
بولىمەسە قاشىمدە جانانە، بۇ جانىنى نە قىلاي.
يارسىز ھەم بادەسىز مەكتەگە بارماق نىمەدۇر،

قالغان ئىبراھىمدىن ئول ئەسكى(3) دۇكاننى نە قىلاي.
ئورايىنمۇ باشىمە سەككىز بېھىشتۇ دوزەخىن،
بوالىمەسە ۋەسلى ماڭا، ئىككى جاھاننى نە قىلاي.
ئەرشنىڭ كۇنگۇرسىن(4) ئۈستىگە قويدۇم ئاياغىم،
لامەكاندىن جاي ئالىپ، مەن بۇ مەكاننى نە قىلاي.
زەررەئى نۇرى قۇياشتەك بۇ جاھان ئىچرە تامام،
ئاشكارا بولماسە سىمەرى نىھاننى نە قىلاي.
بىر خۇدادىن ئۆزگەسى بارچە غەلەتتۇر مەشرەبا،
كۆل ئەگەر بولىماسە تىلكىمدە تىكاننى نە قىلاي.

(1) خاك - تۇپراق.
(2) روھى راۋان — كوپ مېڭىلغان يالغۇز ئاياق يول.
(3) ئەسكى — كونا.
(4) كۇنگۇرە — قورغان تېمى ئۈستىدىكى دۇمچەكلەر.

(3 2)

كوردۇم يۈزۈڭنى دىۋانە بولدۇم،
ئەقلۇ ھۇشۇمدىن بىگانە بولدۇم.
تارتسەم جەپالار، ئولسەم كويۈڭدە،
تاپماي مەن ئانى جۇيانە(1) بولدۇم.
كەۋسەر شەرابى يادىمغە كەلمەس،
لەئلى لەبىڭدىن مەستانە بولدۇم.
كوردۇم تۇشۇمدە شەمئى جامالىڭ،
كويدۇمۇ ـ ياندىم، پەرۋانە بولدۇم.
يۇمدۇم كوزۇمنى سەندىن بولەكتىن،

كەچتىم باردىن، رىندانە(2) بولدۇم.
ئىشقىڭ مەيىغە پۇر بولدى جىسمىم،
ھەم ساقىيۇ ھەم پەيمانە بولدۇم.
بولدۇم فەنا مەن تۇپراق ئىچىدە،
بىر دانە ئېردىم، مىڭ دانە بولدۇم،
ئول يۈز ئوتىدىن تەن بولدى نابۇد،
جان جانغە يەتتى، جانانە بولدۇم.
كافىر(3) كوزۇڭدىن ھەر يانە بىر ئوق،
تەگدى يۈرەككە، ۋەيرانە بولدۇم.
قويماس دىدىلەر مەئمۇر(4) بولدۇم،
ئاۋات ئېردىم، ۋەيرانە بولدۇم.
مەشرەپكە مەي سۇن، كىرسۇن قەدەھكە،
مەسجىد ئىچىدە بۇتخانە بولدۇم.

(1) جۇيانە — ئىزلىگۈچى.
(2) رىندانە بولدۇم — ئازات بولدۇم، قۇتۇلدۇم.
(3) كافىر — نىمەتكە شۈكۈر قىلمىغۇچى.
(4) مەئمۇر — ئاۋات.

## (33)

چۈشتى سەۋدائى مۇھەببەت باشىمە،
ئار ئېتىپ مەردۇم(1) كىلۈرلەر قاشىمە.
مەن مۇھەببەت كويىدە قان يىغلادىم،
يەتتە ئىقلىم غەرق بولدى ياشىمە.
سەجدە زاھىد ئەيلەگەي مىھراپ ئارا،

مەن قىلۇرمەن سەجدە ئەگمە قاشىمە.
مۇھتەسىپ(2) توكتۇردى ساقى بادەسىن،
يەتمەدى ئەقلى مېنىڭ سىرداشىمە.
كۇندە يۈز مىڭ جەبرى قىلساڭ ئورگۈلەي،
قوي قاراپ غەم يۈكىنى بەرداشىمە.
مەشرەبى دېۋانىنى دىلشاد ئېتىپ،
نە سەبەپتىن كەلمەدىڭ بىر قاشىمە.

(1) مەردۇم — خەلق، ئامما.
(2) مۇھتەسىپ — بازار نازارەتچىسى.

(34)

كەل ئېي دىلبەر، بايان ئەيلەي ساڭا بىر - بىر جۇدالىقنى،
كى شايەد رەھىم ئېتىپ سالغاي ئۆزىڭە ئاشنالىقنى.
تامامى خانۇ مانىمدىن كېچىبان بىر سېنى دىدىم،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگە بىلمەيدۇر، ئۆزۈڭ سالدىڭ جۇدالىقنى
سۇلايمان تەختىنى جەمشىدنىڭ جامىگە بەرمەسمەن،
قولۇمغە كاسەئى چوبىن(1) ئالىپ قىلسام گادالىقنى.
ئۆزۈڭدىن ئۆزگەنى دىسەم، قەسەم بىللاھ قوبۇل ئەتكىل،
ۋابانى ئۆزگەگە ئەيلەپ، ماڭا سالدىڭ جاپالىقنى.
سەن ئېي زاھىد، نەسىھەتنى بۇگۇن مېھراپ ئارا قىلغىل،
جاھاندا كورمەدىم ھەرگىز كىشى سەندەك رىيالىقنى.
ئەيا ئېي سەنگدىل(2) دىلبەر، ماڭا جەۋرۇ - جاپا قىلدىڭ،
نىگارا كىمدىن ئۆرگەندىڭ، مۇنىڭدەك بى ۋاپالىقنى.

خاتا قىلدىمكى كوپ يارەب يەنە دەرگاھىڭە كەلدىم،
نىدا كەلدى قۇلاغىمغە: كى كەچتىم ھەر خاتالىقنى.
كەل ئېبى مەشرەپ كى پاسىق سەن، گۇناھىڭ ۋەھمىدىن قورقمە،
ئەگەر ئەفۇ ئەيلىسە ستتار(3)، كېچەر سانسىز گۇنالىقنى.

(1) چوبىن — ھاسا.
(3) سەنگىدىل — تاش يۈرەك.
(3) سەتتار — خۇدانىڭ ئىسمى.

(35)

ھىجرىڭ ئوتىدە ئى سەنەم، ئاشىقى بىقارار ئوزۇم،
يۈرگەن ئاتىڭنىڭ سۇمىغە(1) ئاشىقى خاكسار(2) ئوزۇم.
ھالى خېتىڭنى كورمەسەم، يوقتۇر قارارىم ئېي سەنەم،
ئىككى جاھاندا بىل ساڭا سوختە(3) دىلفىگار ئوزۇم.
ئەيسا چىقىپ ھاۋا ئوزە كورمەدى مەشۇقى يۈزىن،
ئىشقىڭ ئوتىغە مەن كويۇپ بىللاھكى يارىغار(4) ئوزۇم.
مەجنۇنى بىنەۋا دىمەڭ لەيلى سەنەم دەپ ئىزلەسەم،
ئىككىسىنى سوراتلاغان مىسكىنى بىنەۋا ئوزۇم.
غەزنە(5) نەمەنگان ئىچىدە يۈردى رېھىم بابا سوراپ،
تاپمەدى بىر راھىبەرى(6) تالىبى رەھنەما ئوزۇم.
كورگىل زۇلەيخا ئىشىنى يۇسۇپكە ئىنتىزار ئىكەن،
ئىككى جاھاندا بىر سېنى ئىزلەگەن ئاشكار ئوزۇم.
ھەر نەپەسى كى مەندە بار، قىلدى مەدەت ئاپپاق خوجام،
بولمەسە بىر قۇرۇق ياغاچ دەشتىدە كوھسار(7) ئوزۇم.

قەددەسە سۇررە ھۇلخۇجام ئاتىمنى مەشرەپ قويدىلەر،
قەشقەرۇ - ياركەنت ئىچىدە ساھىبى نامدار ئوزۇم.

(1) سۇممىغە — تۇۋۇنغى (تۇيىغى).
(2) خاكسار — خار، پەس، توپا بىلەن تەڭ كىشى.
(3) سوختە — كويمەك، يانماق.
(4) يارىغار — غاردا يار بولغان، سادىق دوست، جان كويەر ھەمرا.
(5) غەزنە — شەھەر ئىسمى.
(6) راھبەرى — يول كورسەتكۇچى.
(8) كوھسار — تاغلىق، تاغلىق يەر.

(36)

يەتتە دوزەخ مەردى ھەقنىڭ ئالدىدە گۇلزاردۇر،
قول تۇتارغە رەھنەمايىم(1) مەردى ساھىپكاردۇر(2).
گەر قولۇڭدىن كەلسە ھەرگىز مۇرچەنى(3) ئاغرىتماغىل،
ھەم خۇدابەندەم دىمەس، ھەر كىمكى دىل ئازاردۇر.
تا تىرىك سەن دىدەدىن(4) ھەرلەھزە توككىل ئابچەشىم(5)،
دىلدە دەردىڭ بولمەسە، مىڭ تائىتىڭ بىكاردۇر.
بولماغىل زاھىد سۇپەت، دۇنيادە بول مەردى پەقىر،
كىمكى بەد ھالەت بولۇپ كەتتى، تىنى مۇرداردۇر.
ئالمى خۇددىن(6) بولمە، ئالمى كەستىن(7) بول،
روزى مەھشەر ھەمدەمۇڭنىڭ(8) ئەھمەدى مۇختاردۇر.
سەن ئەزىز ئەتكەن قولۇڭنى ھېچكىشى خار ئەيلەمەس،
سەن ئەگەر خار ئەيلەسەڭ ھەر يەردە بولسە خاردۇر.

مەشرەبا، دەرگاھى ھەق چۈن راھ(9) نەۋمىدى(10) ئەمەس،
ھەق تەئالا ساڭا ھەم بىر ساقلاغانى باردۇر.

(1) ۋەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى.
(2) ساھىپكار — ئىش ئىگىسى، خوجايىن.
(3) مۈرچە — چۈمۈلە.
(4) دىدە — كوز.
(5) ئابچەشىم — كوز يېشى.
(6) ئالىمى خۇد — ئۆزىنىلا ئويلايدىغان (مەنمەنچى) ئالىم.
(7) ئالىمى كەس — خەلقنى ئويلايدىغان ئالىم.
(8) ھەمىنىمۇ — ھەمسوھبەت، ھەمرا، يولداش.
(9) راھ — يول.
(10) نەۋمىدى — ئۈمىتسىزلىك، ئىشەنچسىزلىك.

(37)

يۈرۈر مەجنۇن بەياباندەكى ئەيتۇر ئاھۇ - ۋاۋەيلا،
بۇ ئىشقنى بەندەغە تۇشكەن قاچان كىم، ئەيتۇشۇر لەيلا.
ئىشتكەچ يەتتە دوزەخ ۋەھمىدىن كوڭلۇم قاچان قورقار،
چىقارسە ئاغزىدىن بىر ئوت، دوزەخ بولغۇسى رەسۋا.
كى دوزەخ يىغلاپ ئەيتۇر، ئال بۇ قۇلنى ئۇشبۇھىن(1) يارەب،
كى بىزدە قالمەدى تاقەت، بۇ ئاشىق ئوتىدىن ئەسلا.
كەل ئېي دىلبەر، بۇ ھالەتتە بېرەي جانىم ئالۇر بولسەڭ،
غەزەپ بىرلە باشىم چۇلغاپ، قولۇمنى دەمبەدەم(2) باغلا.
كەل ئېي مەشرەپ، ئۇمىد ئەتكىل، خۇدايىڭ لايەزال ئېرمىش،
ئىنايەت(3) بولسە ھەقتىن كىم، بارۇرسەن يارئىلە تەنھا.

(1) ھىن — پەيت، ۋاقىت.



Altun0q

(2) دەمبەدەم — كەينى - كەينىدىن يېنىشلاپ.
(3) ئىنايەت — ياخشىلىق، ياردەملىشىش.

(38)

قانمىنى توكەر ئېرمىش بەلىخ شەھرىدە مەھمۇدخان،
تەقدىرى ئەزەل بولسە، نەيلاي ئاگا بەرمەي جان.
مىڭ شۇكرى خۇدايىمغە مەنسۇرغە قوشۇلدۇم مەن،
ئول رويى سىياھلار(1)كىم مەنسۇرنى ئولتۇرگان.
بۇ ئىشىق يولىغە كىرگەن ئەلبەتتە كېچەر جاندىن،
كەچمەسە ئەگەر جاندىن، ئەيتقان سوزىدۇر يالغان.
كور ئاشىغى پەرھاتنى، شىرىن ئۇچۇن ئول ئولدى،
ئىشق ئوتىدە ئورتانىپ، ئاخىر چۇ فەنا بولغان.
ئول ئاشىقى مەجنۇن ھەم لەيلىغە ئېرۇر شەيدا،
چوللەردە ۋەتەن ئەيلەپ، كوز ياشى راۋان بولغان.
ئول زارى زۇلەيخا ھەم يۇسۇپغە بولۇپ شەيدا،
كوردۇگمۇ خەلايىققە رەسۋائى جاھان بولغان.
كور زوھرە ئۇ تاھىرنى، خەلق ئىچرە بولۇپ مەشھۇر،
تاشلاپ بۇ تىرىكلىكنى، ئىشقىنىڭ يولىدە ئولگان.
ئىشق ئوتىدە ئورتەنگەن ئول ۋامۇق، ئىله ئوزرا،
مەھشەر كۈنى بولغاندە، جەننەتتە قىلۇر جەۋلان.
كور ئاشىق ئېرەنلەرنى، ئېي مەشرەبى دېۋانە،
كەلگەندە ئەجەل جامى، جان بىرلە ئالىپ بولغان.

---

(1) رويى سىياھ — قارا يۈز.

(39)

كەل ئىي دىلبەر، يۈزۈڭ ئاچقىل، تەسەددۇقتۇر بۇ جان ئەمدى،
پىراقىڭدە ئادا بولدى كويۇپ بۇ ئۇستىخان ئەمدى.
نىچۈك ئەيلەي بۇرادەرلەر بولۇپ مەن دەرت ئىلە ھەيران،
يىتىپتۇر ھەلقىمە(1) جانىم، ماڭا يوق مىھرىبان ئەمدى.
جاھاندا ھىچ كىشى بارمۇ جۇدالىقتە ئادا بولغان،
داۋاسىز دەرتكە ئۇچراپ مەن ئۆلەرمەن بى گۇمان ئەمدى.
نىچۈك تاقەت قىلاي دىلبەر، كى سەنسىز مەن بۇ دۇنيادە،
چىقار كوكسۇمدىن ئاھىم ھەم تۇرالماس ئاسمان ئەمدى.
كىتتىبان مىھرىبان دىلبەر، يۈرەك ـ باغرىم كەباپ ئەتتى،
يىتەلمەسمەن نىگارىمگە، قىلاي جانىم نىشان ئەمدى.
كەل ئىي مەشرەپ، جۇدالىق دەردىدىن كوپ شىكۇەلەر(2)قىلدىڭ،
قالىپتۇر بىزگە بۇ سۇننەت، كىتەر ياخشى ـ يامان ئەمدى.

(1) ھەلقىم — تاماق، بوغۇز، ھەلقىمە — بوغۇزىمغا.
(2) شىكۇە — زارلىنىش، شىكايەت.

(40)

ھەر كىشىنىڭ دەردى بولسە يىغلاسۇن يار ئالدىدە،
قالمەسۇن ئارمان يۈرەكتە، ئەيتسۇن ئىزھار ئالدىدە.
ئەندەلىبى(1) بى نەۋادەك نالەيۇ ئەفغان بىلە،
دائىمە يىغلاپ تۇرارمەن ئەينى(2) گۇلزار ئالدىدە.
مەنسۇرى خەللاجدەك ئىچىپ شارابى ئەنتەھۇر(3)،

چەرخ ئۈرۈپ يىغلاپ تۇرارمەن ئۇشبۇ دەم دار ئالدىدە.
ھەر كىشى بىر جۇرئەتى(4) نۇش ئەيلەسە بۇ بادەدىن،
ئول قىيامەتتە قىلۇر ئەرزىنى جەببار(5) ئالدىدە.
تەلبە مەشرەپ قىلماغىل سىرىڭنى زاھىدغە ئايان،
ئەيتىپ - ئەيتىپ يىغلاغايسەن ئاشىقى زار ئالدىدە.

(1) ئەندەلىپ — بۇلبۇل.
(2) ئەيىن — ھەقىقى، كوز، بۇلاق.
(3) ئەنتەھۇر — جەننەت، شارابى ئەنتەھۇر — جەننەت شارابى.
(4) جۇرئە — يۇتۇم.
(5) جەببار — ھوكۇم يۈرگۈزگۈچى (خۇدانىڭ ئىسمى).

**(41)**

مەھكەم چۇ بىلىڭ باغلا، ئېي مەشرەبى دىۋانە،
كەلدى بۇ ئەجەل ساقى، تولغان ئىدى پەيمانە.
كوردۈڭمۇ ئۇشەل ئېرلەر ئىشق يولىدە جان بەرگەن،
يۈز تۇرلى بەلالەرگە يالغۇز ئىدى بۇ جانە.
ئول ئاشىق ئەمەس دوستلار، بىلسە بۇ ئەجەل كەلسە،
يوقتۇر خەبەرى ئەسلا ئاشىق ئېلى مەستانە.
ئېي مەشرەبى دىۋانە، مەردانە قەدەم قويغىل،
دار ئاستىغە بارغاندە بولمە يەنە ھەيرانە.

**(42)**

ۋادەرىخا (1)دەردى بىرلەن مەن ئادا بولدۇم نېتەي،
دۇررۇ(2) گوھەرنى يۇتۇردۇم، تاپمايىن ئولدۇم نېتەي.

نه غەنىمەتتۇر مۇرتلار، يىغلابان دات ئەيلەسەڭ،
ئەرش ئۈزە قىلغان ماكان پىردىن جۇدا بولدۇم نېتەي،
يىغلا يۇرمەن مەن غەرىپ تاڭلا قىيامەت بولغۇچە،
ئول مۇرۇۋۋەتلىك(3) خوجامدىن ئايرىلىپ قالدىم نېتەي.
كوه بەكوه(4) دەشتۇ بەيابانلارنى كەزدىم تاپمادىم،
ئول خوجامنى كورگەلى مەن ئىنتىزار بولدۇم نېتەي.
داد ئېي پەرۋەردىگارىم، كورمەدىم ئول ماهنى،
سەيىدى(5) ساهىپقىرانىمدىن (6) جۇدا بولدۇم نېتەي.
ماتەمى ساهىپقىرانىمنىڭ پىراقى ئورتەدى،
رەڭگى زەردۇ(7) كوزدە ياشىمنى گۇۋا قىلدىم نېتەي.
خەتمە قۇرئان فاتىهە بىرلە دۇئا ئەيلەپ مۇدام،
هەزرەتى ياسىن تابارەكنى گۇۋا قىلدىم نېتەي.
ئول مۇهەممەت باباڭىز ئۇممەت غەمىدە يىغلادى،
ئېي مۇرىتلار يىغلاماقلىق سىزگە پەرز ئولدى نېتەي.
مەشرەبا، مەهشەر كۇنى يىغلاپ ياقاڭنى پارە قىل،
ئىبنى هاشىم ئول قۇرەيشدەك جۇدا بولدۇم نېتەي.

---

(1) دەرىخ — ئەپسۇس، ئىست، پۇشايمان.

(2) دۇر — ئۈنچە - مەرۋايىت.

(3) مۇرۇۋۋەتلىك — ئالىجاناپ.

(4) كوهبە كوه — تاغمۇ - تاغلار.

(5) سەيىد — ئىسىل، سەرخىل.

(6) ساهىپقىران — كۇچ - قۇۋۋەت ئىگىسى.

(7) زەرد — سېرىق.

(43)

كەل ئىي جىسمىم، شاھادەت تىغىگە ئەمدى يارا بولغىل،
ھوسەيىن ئىبنى ئەلىدەك سەن شەھىدى كەربەلا بولغىل.
كىرىپ بۇ جىسمى زارىمغە پاراغەت كورمەگەن جانىم،
خۇدادىن بۇ ئەجەل كەلدى، سەن ھەم ئەمدى رىزا بولغىل.
كى بۇ دۇنيايى فانىنىڭ جاپاسىدىن خالاس ئەتكىل،
خۇدانىڭ ۋەسلىنى ئىزلەپ ھەممەدىن ماسىۋا(1) بولغىل.
خۇدا يولىدە ئىي جاللات، ماڭا خەنجەرنى تىزراق قوي،
ھەققىگە بىر دۇئا ئەيلەي، سەن ھەم مەردى خۇدا بولغىل.
ئاجايىپ خۇش مۇبارەك بۇ ئولۇم كىم باشىمە تۈشتى،
خۇدا يولىدە بىر جان مىڭ ئەگەر جاندۇر پىدا بولغىل.
كەل ئىي قابىز(2) ماڭا ئولمەكنى تەخىر ئەيلەمە ھەرگىز،
پىدا ئەتتىم بۇ جانىمنى كى مامۇرى قازا(3) بولغىل.
بۇ مەشرەپ دارى دۇنيادىن شەھىدى ئالىيە(4) ئىزلەپ،
قىيامەت تاكى ئاتقاندە خۇداغە دادخاھ بولغىل.

(1) ماسىۋا — كىچىش.
(2) قابىز — جان ئالغۇچى پەرىشتە.
(3) مامۇرى قازا — خۇدانىڭ ھوكمىگە بوي سۇنماق، تەغدىرگە تەن بەرمەك.
(4) ئالىيە — ئالى، يۇقۇرى دەرىجىلىك.

## مۇستەھزاد

ئىي ماھ، نىتەي ئىشقىڭ ئوتى ئەيلەدى رەسۋا
دىۋانە بولۇپ مەن،

ئىشق ئوتى يانار جىسمىم ئاراسىدە نە پەرۋا،
پەرۋانە بولۇپ مەن.
ئول دەمكى ئوشەل ماھ يۈزىن بىر يولى كوردۈم،
ئول خابۇ خىيالات،
نەيرەڭى رەقىپ ئولدى ـ يۇ بۇيا ھوكمى خۇدا،
بىگانە بولۇپ مەن.
مەشرەپ ھالىنى سورغالى ئالەمدە كىمى بار،
كىم دادىغە يەتكەي،
يوقتۇر بۇ بۇزۇغ دىلنى سورار مەھرەمى دانا،
ۋەيرانە بولۇپ مەن.






(داستان)

## ئابدۇرىھىم نىزارى

**نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن**

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئۇزىنىڭ ئالەمشۇمۇل بەدىئى ئەسەرلىرى بىلەن شوھرەت قازانغان نۇرغۇن نامايەندىلەرنى كورىمىز. شۇلاردىن بىرى — XVIII ئەسىردە ياشاپ ئىجات قىلغان لىرىك شائىر ئابدۇرىھىم نىزارىدۇر.

مەشھۇر شائىر ئابدۇرىھىم نىزارى قەشقەر كونا شەھەر ”بۇلاق بېشى“ مەھەللىسىدىكى بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىدە 1770 - يىلى دۇنياغا كەلدى. ئۇ دەسلەپ ئوز مەھەللىسىدە باشلانغۇچ ساۋاتقا ئېرىشتى. كېيىن ئەينى زاماندىكى ئىلىم مەركىزى بولغان قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئوقۇپ، ئالى مەلۇماتقا ئىگە بولدى. بۇ جەرياندا ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگەللىدى.

نىزارى كىچىكىدىن باشلاپ ئەدەبىياتقا زور ئىشتىياق باغلىدى. ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيا - تىنىڭ پېشىۋالىرىدىن ئەلىشىر ناۋائىي، لۇتپىي، سەككاكى... قاتار - لىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگەندى ۋە ئۇنىڭدىن چوڭقۇر بەدىئىي ئوزۇق ئالدى. شۇنداقلا ئەرەپ، پارس ئەدەبىياتى بىلەنمۇ يېقىندىن تونۇشتى. بۇ ھال، شائىر ئىجادىيىتىنىڭ تېز روناق تېپىشىغا ئاساس ياراتتى.

نىزارىنىڭ دەسلەپكى ھاياتى ئېغىر غۇربەتچىلىكتە ئۆتتى. 1830 - يىلى 60 ياشلىق نىزارى، قەشقەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھوكۇمدارى — زۇھۇرىددىن ھاكىم تەرىپىدىن ئور - دىنىڭ مىرزىلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ ۋەزىپىنى ئىشلىدى.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئاساسىي ئۆمرى ئىجادىي پائالىيەت بىلەن ئۆتتى. بولۇپمۇ ئاخىرقى يىللىرى ئىجادىيىتىنىڭ راسا گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. بۇ دەۋرلەردە لېرىك شائىر نىزارى 48 مىڭ مىسرالىق بۈيۈك ئەسىرىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن يېزىپ تاماملىدى. بۇ ئەسەر «رابىئە - سەئىدىن»، «مەھزۇن - گۈلنىسا»، «ۋامىق - ئۆزرا»، «مەسئۇد - دىلئارا»، «چاھار دەرۋىش»، «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «بەھرام گور»... قاتارلىق چوڭ - كىچىك 18 داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقۇرقى ئەسەرلىرىدىن باشقا «دۇررۇل نىجات (نىجاتلىق ئۈنچىلىرى)» ناملىق يەنە بىر ئەسىرىمۇ بار.

ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ بۇ بەدىئىي ئىجادىيىتى ھەجىم جەھەتتە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلىشىر ناۋائىيدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات

تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شائىر ياشىغان يىللار فېئوداللىق زۇلۇم چېكىدىن ئاشقان، ھەر خىل ئالۋاڭ - ياساقلار خەلق تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلغان يىللار ئىدى. بۇ يىللاردا ئەمەلدارلار، يەرلىك فېئوداللارنىڭ ئادالەتسىزلىكى، پارىخورلۇغى، زالىملىغى تۈپەيلى، خەلقنىڭ مۇئەييەن جەمىيەتكە بولغان نارازىلىق ئوتلىرى دالا گۇلخانلىرىدەك يالقۇنلاپ يېنىشقا باشلىغان ئىدى.

ئابدۇرېھىم نىزارى رېيال تۇرمۇشنىڭ بۇ خىل ئىنكاسىنى ئەدىبىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىدە روشەن ئەكس ئەتتۈردى. شائىر، جاھالەت قەپىزى ئىچىدە قالغان خەلقنىڭ بۇلبۇلى سۆيىتىدە ئەركىنلىككە تەلپۈنۈپ يىغان چەكتى. ”تاڭ ساباسى“ ۋە ”كوكلەم باھار“نى قىزغىن كۈيلىدى.

مۇھەببەت تېمىسى ئاساسىدا يېزىلغان يۇقۇرقى ئەسەرلىرىدە، نىزارى فېئودالىزىمنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكنى بوغۇپ تاشلىغۇچى زەنجىر - كىشەنلىرىدىن قاتتىق نەپرەتلەندى. فېئوداللىق زۇلۇمنى چوڭقۇر پاش قىلدى. ئۆز ئەسەرلىرىدە ياراتقان غايىۋى ئوبرازلار ئارقىلىق خەلقنىڭ ھورلۇككە، ھەققانىيەتكە، ئەركىنلىككە بولغان ئارزۇسىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى. ھەممىدە كىشىلىك جەمىيەتنى ئىنسانپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق، سەمىملىك، مەرتلىك، گۈزەللىككە ۋە دىيانەتكە چاقىردى. ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق، زالىملىقنى نەپرەت قامچىسى ئاستىغا ئالدى.

نىزارى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ تىلىدىكى پاساھەت ۋە شېرىنىتىدىكى يۇكسەك سەنئەتنى روشەن كورۇپ ئالالايمىز.

لىرىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆمرىنى خەلقنىڭ كۈيىنى كۈيلەشكە بېغىشلاپ، تەخمىنەن 1840 - يىللىرى ۋاپات بولدى. لېكىن، شائىرنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرى ئەدەبىيات غەزىنە-مىزدىكى ئېسىل جەۋھەر سۈپىتى بىلەن ئەۋلاتلاردىن - ئەۋلاتلارغا مىراس بولۇپ كەلمەكتە.

تۆۋەندە، تالانتلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «مەھزۇن-گۈلنىسا» ناملىق داستانىنى كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلىمىز.

**بۇ ۋاقىئە دۇركىم، ئىشق تۇغيانى ئاشۇبىدىن فىراق بادىيەسىدا ھىجران شىددەتىدىن پەشت پا ئۇرۇپ فانا بولماغلىق شاھ، گەداغە مانىئ ئەمەستۇر، ئانداغكى، ئەقىل خىرەد مىئمارىنى مۇھەببەت نارى ئورتەگەي، ھېيس قۇۋا-تەكىنىنى ئىشتىياق بادى ھەركەتكە كەلتۈرگەي.**

**ئانداغكى، باغداد شەھرىدە تۈججارى بار ئېردىكىم، خۇاجە سەئىد ئاتلىغ ۋە ئانىڭ بىر كەنىزەكى مېھرى تابان يەڭلىغ ۋە گۈلنىسا ئاتلىغ، مەكتەپخانە يولىدە خۇاجە مەسئۇدنىڭ ئوغلى بار ئېردى مەھزۇن نام، جامال شىفتەسىدىن جانىغە ئىشقىنىڭ شەرارەسى تۈشۈپ ئاڭا ئاشىق بولغانى**

بۇ ئانداغ ھېكايات شىرىن سۆخەن،
ئايان ئەيلادى روزگار كۆھەن.

رىۋايەت قىلۇر راۋىئى نۇكتەدان،
كى ئوتكان زاماندىن نەچە داستان.

بار ئېردىكى تۇججار باغداد ئارا،
كى خۋاجە سەئىد نام ئىسناد ئارا.

ئاڭا دىنەۋى ھەدسىزۇ بى ھىساب،
تەنەئئۇم بىلە دەھردە كامياب.

كىچىكلىكدە تۇشتى ئاڭا بىر كەنىز،
كەنىز ئېرماس ئول بەلكى گوياكى قىز.

ھەمول سەرۋ قەد ئاتىدۇر گۇلنىسا،
ئەجەپ شوخ شىرىن زەبان دىلرەبا.

بىرىپ بىر مۇئەللىمگە ئاداب ئۇچۇن،
بار ئېردى تەلقىن ئەلقاب ئۇچۇن.

يەنە بار ئىدى شەھر ئارا بىر كىشى،
ئۇتۇپ ئېردى تۇججارلىقدا ئىشى.

كى مەسئۇد دەپ ئىسمى مەشھۇر ئىدى،
غەنىلىق ئارا ئانچە مەئمۇر ئىدى.

ئاڭا بىر ئۇغۇل بار ئىدى خۇشنەما،
كى ئەقىل پاراسەتدە ئېردى رىسا.

ھەم ئول بەچچەنىڭ ئىسمى مەھزۇن ئىدى،
مۇھەببەت ئۇتى بىرلە مەجنۇن ئىدى.

مەدارىس ئارا ئىلىم تەكرار ئېتىپ،
سەبەق ئالغالى تىلىنى ئىقرار ئېتىپ.

چىقىپ بىر كۆنى مەدرىسە ئالدىغە،
كى مەشغۇل ئىدى دەرس تەكرارىغە.

بىناگاھ كۆزى تۈشتى بىر ماھىغە،
تىلى كەتتى كورگان زامان ئاھىغە.

قولدا كىتابى، خىرامان كىلۇر،
جاھان يارۇتۇب ماھى تابان كىلۇر.

تىگىپ تىيرى ئىشق ئېزىز جانىغە،
ھەدەپ بولدى جان، تىير پەيكانىغە.

زامانى تۇرۇپ ئانچە بەدھال ئولۇپ،
ئاڭا سوز قىلىشقە تىلى لال ئولۇپ.

يىقىن كەلدى مەھزۇنغە ئول گۈلنىسا،
توسۇپ ئالدىنى ئەيلادى مەرھەبا.

ئايا دىلرەبا قايسى كان جەۋھەرى،
ۋۇجۇدۇڭغە قايسى سەدەپ گوھەرى.

ئەرەم باغىنىڭ سەرۋ رەئناسىمۇ،
ۋە يا خۇد پەرىزاد ئەجناسىمۇ.

كوڭۈل شاھىنى قاشىڭ ئەتتى ئەسىر،
خەدەڭىڭ كوزۈمدە بولۇپ جىلۋەگىر.

دىدى ئول سەنەم: ئاڭلا ھەرپى كالام،
سورابسىز پىقىردىن نەسەب بىرلە نام.

ئاتامدۇركى تۇججار خۋاجە سەئىد،
مىنى ئول ئانام بىرلە ئەيلاب خەرىد.

كى پەرزەندىدىن كوردى بوھتەر مىنى،
ھەمە ئەھلىگە قىلدى موھتەر مىنى.

كى مەكتەب ئارا ئۇقۇماقدۇر ئىشىم،
ئۇتۇبدۇر فەراغەتتە يازۇ ـ قىشىم.

ماڭا ھەم تۇشۇب ئىشقدىن بىر شەرەر،
كەلامىڭ بۇ جان ئىچرە قىلدى ئەسەر.

ساڭا سوز بۇدۇر ئاڭلاغىل ئى ئاداش،
كىشىگە بۇ ئەسرارنى قىلمە پاش.

كى مەكتەپ ئارا قىلماغىل ئىختىيار،
مىنى ھەم ئوزۈڭنى كى قىلمە فىگار.

گۆزەردە كورۈشكەن ساڭا سۇد ئىماس،
ئۇتەر يول ئارا ۋەسىل مەۋجۇد ئىماس.

دىدى، كەتتى مەكتەپكە ئول گۈلنىسا،
كى مەھزۇن چىقىپ گۈل ئۈچۈن ئاھ ۋا.

ھەم ئول شام يۈزلاندى مەھزۇنغە غەم،
ئاگا تېگرۇ يىغلاپ بولۇپ سۇبھىدەم.

ئوتۇپ سۇبھى ھەم بولدى خورشىد پاش،
پەلەك سەھنىدە جىلۋە قىلدى قۇياش.

يۈگۈردى مۇئەللىم جىنابىغە تىز،
سالىپ گۈلنىسا شەۋقىدە رۇستەخېز.

چۇ مەكتەپ ئارا ئەيلادى ئىختىيار،
كېلىپ ئولكى مەكتەپدە تاپتى قارار.

مۇئەللىمگە سوزنى سىپارىش قىلىپ،
كى مەقسەد گۈلغە نىگارىش قىلىپ.

كى موللادىن ئالدى ئۆلىفدىن سەبەق،
كىتابىن ئوقۇر ئېردى ئاچىپ ۋەرەق.

چۇ مەھزۇنغە خەلپەت بولۇپ گۈلنىسا،
ئاگا ئۆرگاتىپ ئىشق ھەرپىن راسا.

مۇھەببەت ئۈتى دەمىدەم ئۇردى تاب،
شەرارىدا مەھزۇن ئۆرۈپ پىچۇ تاب.

كى ئىشق ئوتىغە ئىككىسى ئورتانىپ،
كى قاقشال كەبى لەھزە ـ لەھزە يانىپ.

نەچە كۈن ئۆتۈپ ئىككىسى شادىمان،
بۇ مەكتەب ئارا ۋەسىل ئىلە كامىران.

چۇ مەھزۇنغە شەرت ئەتتى جانانەسى،
كى قەۋل ئەيلابان ئوزرى پەيمانەسى.

چۇكىم تاڭلا بالدىر كېلۇرسەن قوپۇپ،
لەبىم شەككەرىنى تاتۇرسەن ئوپۇپ.

كى مەن ئىلگەرى ئەيلاسام ئىنتىقال،
تاتۇر مەن لەبىڭنى ئۆپۈپ شەھد بال.

بۇرەڭ قەۋل ئېتىپ بولدى ئازاد ئۇلار،
كېچە تاڭغە تېگرۇ بولۇپ شاد ئۇلار.

كېلىپ ئىلگىرى ئول كۈنى گۈلنىسا،
كى مەھزۇننى سويەككە تۇردى نىسا.

ئۆتۈپ لەھزەئى كەلدى مەھزۇن يېتىپ،
كورۇپ گۈلنىسانى ھۇشىدىن كېتىپ.

كى مەھزۇننى بوسە قىلىپ دىلبەرى،
كى لەئل لەبىدىن تاتىپ شكەرى.

AltunOq

بولۇپ ئۇل كۈنى شادىمان يار ئىلە،
سەبەق ئۇقۇشقارىپ ئۇتتى تەكرار ئىلە.

كېلىپ گۈلنىسا نەچچە كۈن ئىلگەرى،
سۆيۈپ يارنى كەتتى دەردۇ سەرى.

قازارا ئۆتۈپ نەچچە كۈن نەچچە ئاي،
مۇئەللىم ۋىساقى ئاڭا ئېردى جاي.

ئۆتۈپ بىر كۈنى، ئۇل پەرى كەلمادى،
كى مەھزۇن كېلىپ، دىلبەرى كەلمادى.

چۇ مەكتەبدە مەھزۇن تۇرۇپ ئىنتىزار،
باقىپ يولغە يىغلار ئىدى زار-زار.

بىلۇر ئېردى موللا بۇلار ھالىنى،
كورۇپ ئېردى مەكتەبدە ئەفئالىنى.

ئىباردى بالالارنى مەكتەپ ئۈچۈن،
كى مەھزۇن قوپۇپ باردى خەلپەت ئۈچۈن.

چۇ ئۇستاد ئىباردىكى تەكلىپ ئېتىڭ،
كېلىپمىزكى سىز ئاندا تەشرىپ ئېتىڭ.

چۇ ئۇل گۈلنىسانىڭ ئاتاسى چىقىپ،
ئاتاسى بىلە ھەم ئاناسى چىقىپ.

دەردىكىم: كېتەڭلار، قىزىم بولدى چوڭ،
تالاغا چىقارماق ئىماس بىزگە ئوڭ.

ئەگەر ئوقۇسا ئويدە تەكرار ئېتەر،
كى ئىسلام شەرتىگە ئىقرار ئېتەر.

كېلىپ بەچچەلەر ئېيدى ئۇستادغە،
مەقام بولدى ئوي سەرۋ ئازادغە.

كى ئول كەلمەگەي ئەمدى مۇندىن كېيىن،
كى بىچارە مەھزۇنغە بولدى قېيىن.

كى ئۇستاد مەھزۇنغە رەھم ئەيلادى،
مۇنىڭ ئىشقىنى دىلدا فەھم ئەيلادى.

ئىباردىكى مەھزۇننى خەلپەت قىلىپ،
سەبەق بەرگەلى گۇلغە ئۇلپەت قىلىپ.

ياساب ھوجرەنى ئاندا خۋاجە سەئىد،
مۇزەييەن بىساتىنى ئەيلاپ پەدىد.

سەبەق بەرگەلى كىردى مەھزۇن ئاڭا،
كىرىپ گويىيا لەيلى مەجنۇن ئاڭا.

سەبەق ئورگاتىب گۇلغە مەھزۇن مەدام،
ئاڭا تېگرۇ بولغاي ئىدى ۋەقت شام.

ئوتتۇپ ئېردى ئۈچكۈن بۇ يەڭلىغ ئومۇر،
جۇدالىقدىن ئولدى ھاۋادىس زۇھۇر.

تۇت ئى ساقىيا، جام مەي دەمبەدەم،
ئېنىڭ زوقىدا ئەزم ئەيلاي ھەرەم.

كى مەقسەد ھەرىمىغە ۋاسىل ئۇلاي،
كى ئۇششاق ئىلكىگە شامىل بۇلاي.

**مەھزۇنىنىڭ ئاتاسى خۋاجە مەسئۇد سەپەر جابدۇ-غىنى راست قىلىپ، ھەرەمىن شەرىفىغە ھەج قىلماق ئۈچۈن ئىرادە قىلىپ، مەھزۇننى ھەمراھ ئەيلاب يولغە ئەزم قىلغانى**

چۇ مەسئۇد ئەيلاب سەپەر ئىختىيار،
مۇھەييا قىلىبان سەرەنجام كار.

كى ھەج قىلماق ئولدى ئانىڭ نىييىتى،
كوپ ئېردى جاھان ئىچرە خەيرىيىتى.

كى مەھزۇننى ھەمراھ قىلىپ ئول سەپەر،
بالا شۇندادۇر قايدا بولسا پەدەر.

ئاتا ئوغلىغە بېرمادى ئىختىيار،
كى بىر يەخشى ئەسبىغە ئەيلاب سۇۋار.

ۋىدا ئەيلادى ئەقرىبالار بىلە،
رىزالىق ئالىپ ئاشنالار بىلە.

كىرىپ يولغە ئولدەم ئاتا ۋە ئوغۇل
يۈرۈپ بىر مۇساپەت كېلىپ ئىككى يول،

كېلىپ توختادى راھنىڭ باشىغە،
بارىب خوبلاشاي گۇلنسا قاشىغە.

قالىب ھەمسەبەق دوستلار، ئىي ئاتا،
كورۇشماي ئۇلار بىرلە كەتكان خاتا.

دىدى: تىز كەل، ئەيلابان خەيرىباد،
كى مەھزۇن چاپىب يار ئۈچۈن بولدى شاد.

كېلىپ يارنىڭ قەسرىغە ئولزامان،
چورىي دىن قىلىپ ئەرزى ھالىن بايان.

چورىي كىردى مەھزۇننى قىلدى خەبەر،
ئاتا بىرلە ھەجگە قىلىبدۇر سەپەر.

بۇ سوزنى ئىشىتكان زامان گۇلنسا،
يۈگۈردى ئىشىككە چېكىپ ئاھ - ۋا.

پەرى چېھرە، مەھزۇننى كوردى سوۋار،
پەرىنى كورۇپ ئەسىب دىن تۇشتى يار.

كى مىھمان سەراغە كىرىپ يىغلاشىپ،
چۈ مەجنۇن لەيلى بىلەن خوبلاشىپ.

دىدى گۈلنىسا قىلمادىڭ كام دىل،
گۆھەر بەخش ئېتىپ ئەيلە ئارام دىل.

هامانا ۋىسالىم غەنىمەتدۇرۇر،
بۇ ئەييام ۋەسلى يەخشى پۇرسەتدۇرۇر،

چۈ مەھزۇن دىدى: بۇ ئىش ئېرماس سەلاھ،
راۋادۇر مۇسۇلمانغە ئەقد نىكاھ.

تەلەب بىرلە بولماق كېرەك ئى نىگار،
نىتاڭ ۋەسلى بولساق،يەنە ئىككى يار.

ئۇشۇقماق بۇ كار ئىچرە شەيتان ئىشى،
كى سەبر ئەيلاماك ئولكى رەھمان ئىشى.

دىدى گۈلنىسا باشىمە تۈشتى ئىش،
پىراقىڭ يۇرەك ـ باغرىمە ئۇردى نىيش.

سېنىڭسىز تىرىكلىك ماڭا بەس، ھارام،
قۇيۇپ دەرد فۇرقەتتە قىلغۇڭ خىرام.

بېرىپ خەنجىرىڭنى ماڭا يادىكار،
كوڭۇلنى سەرەنجام ئېتىپ، بول سوۋار.



AltunOq

كى ۋەسلى ئۇلغۇچە ئانى ساقلاپ تۇراي،
بىراۋ سۇنسە قول سىنەسىگە ئۇراي.

بۇ شەرت ئىلە خەنجەرنى ئالدى پەرى،
قىلىپ ئەھد پەيمان ئاتا دىلبەرى.

كى پەدرۇد ئېتىپ چىقتى بولدى سۇۋار،
ئىكوۋ خوبلاشىپ، يىغلاشىپ زار - زار.

كى مەھزۇن فىراق ئىچرە بولدى راۋان،
قارا بولدى كوزگە زىمىن - ئاسمان.

ئاتاسىغە يەتتىكى سۇرئەت بىلە،
ئۇزىن بىلمايىن دەرد فۇرقەت بىلە.

كى مەنزىل بىمەنزىل يۇرۇپ تەي قىلىپ،
كى باغداد شەھرىگە تۇشتى كېلىپ.

يېتىشتى قازا خۇاجە مەسئۇدغە،
بويۇن سۇندى ئول ھۇكم مەئبۇدغە.

ئاتاسىغە مەھزۇن بولۇپ سۇگۋار،
يېتىملىك بىلە يىغلادى زار - زار.

كى تەكفىن تەھجىز ئېتىپ ئۇلزامان،
ئىمامىنىڭ ئاياغىدا قىلدى نىھان.

كى فارىغ بولۇپ سۈگ دىن ئولدەمى،
چۇ رەفغ ئولدى باشدىن ئاتا ماتىمى.

كىرىپ مەككە يولغە ئاندىن كۆچۈپ،
كى ئىشق ئوتىدا رەڭگى رويى ئۆچۈپ.

بارىپ مەككىتۇللاغە شىددەت بىلە،
قىلىپ زارلار دەرت ھەسرەت بىلە.

چۇ پارىغ بولۇپ ھەجلەر ئەركانىدىن،
كى ھاسىل قىلىپ مال ئەئيانىدىن.

شەھەردىن شەھەرگە قىلىپ ئىنتىقال،
كى ھاسىل قىلىپ ئانچە مالۇ - مىنال.

ئايا ساقىيا، تۇت ماڭا جام مەي،
كى مەھبۇب يادى بىلە نۇش ئىتەي.

بۇلاي كەيىپدىن ئانچە دىدار مەست،
كى دۇنيا سىرانجامىنى نىست ھەست.

**خۇاجە سەئىد سوداگەر ئەمۇالىنى قاراقچىغە ئالدۇرۇپ، دۇنياسى نابۇد بولۇپ، دەسمايە قىلغالى گۈلنىسانى ساتماقغە ئىرادە قىلىپ، دەللالغە خەبەر**

**قىلغاندا ۋەزىر جەمىلە تۇلمۇلۇك ئاڭلاپ گۈلنىسانى ئۆزى بىرلە ئالتە بارابەر كۈمۈشكە ساتىپ ئالغانى.**

ئىشتىماك كېرەك ۋاقىئەدۇر ئەجەپ،
پەلەكتىن يېتار ئىشق ئېلىگە تەئەب.

قاراقچىغە ئالدۇردى خۇاجە سەئىد،
ھەمە نەقدلەردىن بولۇپ نا ئۇمىد.

كېتىپ ئىلكىدىن ئولزامان سىم - زەر
كى دۇنياسىغە يولدا بولدى خەتەر.

كېلىپ شەھرىگە بولدى ئاشىپتە ھال،
تۇشۇپ باشىغە چۇنكى يۈزمىڭ خىيال.

قىلىپ خاتونى بىرلە ئول مەشۇەرەت،
كى تۇججارلىقغە ئىدۇر مەسلەھەت،

ساتاي گۈلنىسانىكى مەن نا ئىلاج،
تاپايمەن تىجارەت ئىشىدا رىۋاج.

بىبىسى دىدى: بۇ نە پاسىد خىيال،
ئانى ساتسا بىزگە ئىماسمۇ ۋۇبال.

ئۆزىنىڭ قىزىنى ساتارمۇ كىشى،
ئىماستۇر بۇ ئىش ئادەمىيەت ئىشى.

دىدى: ئۇل ماڭا قىز ئىلماستۇر دىدەك
كى ھاجەت مەھەلدە ساتماق كېرەك.

ئاناسى بىلە ئۇل ماڭا زەر خەردى،
دىبان كوپ جىدەل قىلدى خۇاجە سەئىد.

ئىلاجىنى تاپماي ئاناسى قېرى،
كى بولدى يامانلاپ كياۋدىن نېرى.

چۇ دەللالغە بەردى خۇاجە خەبەر،
چورەم باردۇر لايىقى تاج ۋەر.

كى بەيئ ئېيتكامەن ئانى بولدى زورۇر،
كى نەقدىنەلەرگە يىتەدۇر فۇتۇر.

چۇ دەللال بىلدى بۇ ھەڭگامەنى،
بىلىندۇردى ئېلگە بۇ ئەئلامەنى.

كى لازىم ئىدى شاھغە بىر كەنىز،
ئەگەر بولسا ئۇل سەرۋى قەد گۇل مەڭىز.

ۋەزىر ئىستار ئەردى تەجەسسۇس قىلىپ،
كى پەرمان شاھدىن تەھەررۇس قىلىپ.

بۇ دەللالدىن ئاڭلادى ئۇل خەبەر،
كەنىزى خۇاجە گۇلنىسا سىيمبەر.

ۋەزىر ئولژامان گەلدىلار ئاتلانىپ،
تۇشۇپ خۇاجەنىڭ ئۈيىگە ئايلانىپ.

خەبەر تاپتى خۇاجە كېلىپدۇر ۋەزىر،
چۇ مىھمان سارايىنى ياساپ بى نەزىر.

ۋەزىرغە بولۇپ ئولكۈنى مىزبان،
قىلىپ شاھلاردەك ئانى مىھمان.

زىياپەت ئىشدۇر پەراغەت تاپىپ،
ۋەزىر مەقدەمىدىن شەراپەت تاپىپ.

بى بى گە دېدى ئول ھەرەمگە كىرىپ،
ھېلى گۇلنىسانى ياساڭ قىچقىرىپ.

كېلىپدۇر ۋەزىر كىم خىرىدار ئولۇپ،
كى ئول شاھغە ئەمرى بەردار ئولۇپ.

كېلىپدۇر غەرەز مۇندا بۇ ماھ ئۇچۇن،
كى سودا قىلۇر بۇ ۋەزىر شاھ ئۇچۇن.

بى بى لائىلاج يىغلادى ئاھ ئۇرۇپ،
كى ھەسرەت چېكىپ بەزم ماتەم قۇرۇپ.

كېلىپ گۇلنىسا ئالدىغە ئول قېرى.
كى يىغلاپ دېدى: ئى كوزۇم گوھىرى!



AltunOq

سىنى بەيئى قىلماقغا كەلدى ۋەزىر،
بۇلالماي بۇ ئاجىز ئاناڭ دەستىگىر.

كى ئىنساپسىز باغرى قاتتىغ ئاتاڭ،
سىنى بەيئى قىلماقغە سالدى پاراڭ.

چىنان مەنئى قىلدىم، قوبۇل ئەتمادى،
قىلىپ رەھمى پەريادىمە يەتمادى.

ئۇشۇل ۋەقتىكىم يىغلادى گۇلنىسا،
دىدى: چارە يوق، بولسە ھوكمى قازا.

كى بىچارىدۇرمەن ماڭا يوق ئىلاج،
چۇ لازىم بولۇپدۇر ئاتامغە خىراج.

ياساپ ئول مەھەلدە پەرىزاددەك،
قەدى نەخلىنى سەرۋ شەمشاددەك.

ئاڭا كەيدۈرۈپ ئانچە پاخىر لىباس،
مالاھەتدە ئانچە بولۇپ بى قىياس.

ئالىپ چىقتى مىھمان سارايغە ئانى،
چىقارغە ياۋۇشتى ۋەزىرنىڭ جانى.

چۇ كوردى ۋەزىر يەتتى تەئسىر ئىشق،
تىگىپ كوڭلىگە كوزدىن تير ئىشق،

خىيال ئەيلادى بۇ مېنىڭ لايىقىم،
ئويۇمدە پەرىزات بولغاي مۇقىم.

بۇلۇپ گۇلىسا ئانچىنان بى نەزىر،
بۇ بىھۇش ئولۇبان يېقىلدى ۋەزىر.

ۋەزىرنى خۇاجە ھۇشىغە كەلتۇرۇپ،
يېقىلغان يىرىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ.

دىدى ئول: بۇ قىزنىڭ باھاسى نىمە؟
ئاڭا تەڭ بۇلۇرغە ئاتاسى نىمە؟

دىدى: ئون بارابەر كۇمۇشتۇر بەدەل،
بىرىنىڭ دەرمەھەل ئەسلە قىلماي جىدەل.

ۋەزىر دىدى: ئالتە بارابەر بىراي،
ھەمۇل شاھنىڭ نەزدىگە يەتكۇراي.

خۇاجە ھەم قەبۇل ئەيلادى ئولزامان،
كۇمۇشنى بىرىپ سوڭرە بولدى راۋان.

كى ئالتۇن مەھايە ئۇزە تۇرغۇزۇپ،
كى يۇردى ۋەزىر ئالدىدا يۇرگۇزۇپ.

قازارا ۋەزىر ئۇيىگە باشلادى،
كۇرۇپ يارنى شاھنى تاشلادى.

بىناگاھ كەلدى گۈزەر گاھغە،
مەھاپەنى توختاتتى ئول راھغە.

ھەم ئول كۆچىدا گۈلنىسا خەلپىتى،
بار ئەردى يەنە بىر نەچە ئۈلپىتى.

دىدى چىرلاغىل پىر ئۇستادنى،
ماڭا ئورگاتىپ ئەردى ئەۋرادنى.

يۈگۈردى كىشى چىرلادى دەرمەھەل،
چىقىپ موللاسى ئەسلە بولماي ھەيەل.

كى تەئزىم ئېتىپ تۇردى ھورمەت بىلە،
سوراپ ھالىنى مېھرى - شەپقەت بىلە.

دىدى گۈلنىسا: بىزگە چۈشتى بۇ ھال،
قىلىپمەن ئاتام ئۆيىدىن ئىنتىقال.

كى ئېھسان ئىلە موللانى سەرفىراز
قىلىپ، بەلكى مىڭ تەڭگە قىلدى نىياز.

دىدى: ئى ماڭا پىر ئەرباب دىن،
ئامانەت سۆزۈمنى تۇتۇڭ مۇتەئىن.

چۈ مەھزۇن ئىلە ئەھد پەيمان ئىدۈك،
كىچىكتىن بارى يار جانان ئىدۈك.

ئىكىمىز ئاراسىدا بىر شەرت بار،
بىلۇر سىررىمىزنى كى پەرۋەردىگار.

ئەگەر كەلسە ئۇل سىزدىن ئالسۇن خەبەر،
مېنى ئىستەبان بولماسۇن دەر - بەدەر.

دىدى، خوبلاشىپ يۇردى گەردۇن خىرام،
ۋەزىر جايىغە تۇشتىلەر ۋەقتى شام.

ۋەزىر جايىنى قىلدى ئاراستە،
تۇشۇپ ئاندا ئۇل سەرۋ نەۋ خۋاستە.

كى تەئيىن قىلىپ خىزمەتىگە كەنىز،
قوشۇپ قويدى گۇلشەن ئارا نەچچە قىز.

ئۇتۇپ نەچچە مۇددەت پاراغەت بىلە،
كى مەھزۇن ئۇچۇن كوپ نىدامەت بىلە.

ۋەزىر ئۇل كۇنى قىلدى ئانداغ خىيال،
كوڭۇل باغلادى ماڭا نازۇك نىهال.

چۇ ئالتە بارابەر كۇمۇشنى بىرىپ،
ئالىپمەن ساتىپ ئەقلە ئەشتەر تىزىپ.

بۇ ئاخشام ئانىڭ بىرلە ئەمدى ياتاي،
كى بۇ نەخل ئەسمارىدىن بىر تاتاي.

كىرىپ گۈلنىسا قاشىغا ئۇل ۋەزىر،
يېقىن ئۇلتۇرۇپ ئەيلادى ئۇل گەزىر.

لەتىپە بىلە نەچچە ھەرپى كالام،
كىنايە بىلە سوز قىلىپ ۋەسل كام.

ئۇزاتتى قولىنى بۇدەم ئۇل ۋەزىر،
قىلاي دەپ پىرىزادنى دەستىگىر.

خىيالىنى پەھم ئەيلادى گۈلنىسا،
بىرەھنە قىلىپ خەنجىرىنى راسا.

غەزەپ بىرلە خەنجەرنى قىلدى راۋان،
تەگىپ دالوسىغە كىسىلدى چاپان.

يېقىلدى ئۇشۇلدەم بولۇپ زەخمىناك،
كېتىپ ھۇشىدىن بولدى ھەمۋارخاك.

چىقاردى يۆلەپ بارچە خەدداملار،
ۋەزىرغە ھەممە قىلدى بەدناملار.

ئەجەپ ئىشمىدۇر كورسە بۇ زەرخەرىد،
بۇ يەڭلىغ ھاراكەتنى قىلدى پەدىد.

نەمەئىنىكى مۇنداغ جاپا ئەيلەگاي،
ۋەزىرنى بۇ يەڭلىغ خاپا ئەيلەگاي.

دىدىكىم ۋەزىر: سەبىر قىلماق كىرەك،
بۇ ئىشتا كىشى بولماغاي مۇشتەرەك.

چېكىپ زەخمىنىڭ دەردىنى ئول ۋەزىر،
ياتىپ نەچچە كۈن بولدى سەھەت پەزىر.

ۋەزىر بىر كۈنى باز تۇغيان قىلىپ،
پەرى قاشىغە كىردى ئەپغان قىلىپ.

مۇلايىم تەكەللۇپ قىلىپ يالبارىپ،
كى ئولتۇردى ئانىڭ قاشىغە بارىپ.

يەنە قول ئۇزاتتى پەرىزادغە،
يەنە ئۇردى خەنجەرنى بەدزادغە.

كى پەيدا بولۇپ بىر نەچچە خادىمان،
كۆتەردى ۋەزىرنى چىقاردى رەۋان.

يەنە شەكۋە قىلدى ھەمە تابىئى،
بۇلۇرمۇ بۇ يەڭلىغ كىشى بايىئى.

مۇنى يوق قىلىڭ يا ساتىڭ ئى ۋەزىر،
كى ئىنسان ئەمەس سىزگە بۇ مادە شىر.

دىدى: ئاخىر ئول سىزنى ئەيلەر ھەلاك،
تىلۇر خەنجەرى بىرلە باغرىڭنى چاك.

دىدىكىم: مۇڭا لازىم ئولدى قىساس،
قىساس ئەيلابان قىلغىل ئۇزنى خالاس.

دىدى ئول ۋەزىر تېغل دۇر باكى يوق،
كى نادان دۇرۇر ئەقىل - ئىدراكى يوق.

ئۇنى ئېيتكۈچە يوق، ئۇزۇق يوق بۇلاي،
كامالىغە يەتگايكى بىر كۈن ئول ئاي.

ئايا ساقىيا تۇت ماڭا راھى ۋەسل،
بۇلاي زۇقى - شۇقىدا مۇسباھ ۋەسل.

تاپاي راھنىڭ كەيپىدىن تازە جان،
ھەم ئول ياردىن بىزگە بولسۇن نىشان.

**مەھزۇن بىچارە ۋە مەجنۇن ئاۋارە ئاتاسى جەسەدىنى ھەزرىتى ئىمام - ئەئزەم رەھمەتۇللا ئەلەيھى نىڭ بۇقئەلىرىدا دەفن قىلىپ، كەئبە شەرىپتىن يانىپ، شەھەر - بىشەھەر يۈرۈپ سوداگەرلىك قىلىپ بىسيار مال - ئەمۋال بىرلە كېلىپ، ئۆز شەھرىگە داخىل بولۇپ، ئەقرىبالارى بىرلە كۆرۈشۈپ مولالسىدىن گۈلنىسانىڭ خەبەرىنى ئالىپ ۋەزىر ئەئزەمغە پىش - كەش قىلغانى**

سۇخەندان شىرىن ھىكايەت گۇداز،
تىزىپ سوزنى مۇنداق رىۋايەت گۇداز.

ئاچىپ سوز كىلدى بىلە قۇفلى گەنج،
ساچىپ دەھرىغە جوھرى نۇكتە سەنج.

چۇ مەھزۇن يۇرۇپ قەلئەدىن قەلئەگە،
چۇ داخىل بولۇپ شەھرارا جۇمئەگە.

كېلىپ ئويگە كەلدى ئانا ۋە قاياش،
قېرىنداش ئەۋلاد بەلكىم ئاداش.

ئاتا ماتىمىنى تۇتۇپ يىغلادى،
كى ھىجران شەرارىدا ئىسسىغلادى.

تۇشۇردى ھەمە مال - ئەمۋالىنى،
ئاناسى سۇرايدۇر ئاتا ھالىنى.

ھەمە سەرگۇزەشتىنى قىلدى بايان،
ئاتام ھەقتەئەلاغە تاپشۇردى جان.

ئىمامنىڭ ئاياغىدا دەفىن ئەيلادىم،
نەچە كۈن تۇرۇپ دەرد ھەسرەت يىدىم.

ئىرادە بۇ ئەركان قازاۋۇ قەدەر،
پىسەر كەلدى مۇندا، قالىپدۇر پەدەر.

كى موللا قاشىغە يۈگۈردى ھامان،
خەبەر تاپتى موللاسى ھەم ئول زامان.

كورۇشتى گىلىپ پىر ئەرباپ ئىلە،
كى مەكتەبدەكى يار ئەھباپ ئىلە.

چۇ مەھزۇن سوراپ موللادىن گۇلنىسا،
قاياندۇر خەبەر ئەيلاگىنىز دىلرەبا.

دىدى موللاسى: بولدى ئولكىم ئەسىر،
ساتىپ ئالدى شاھى ئۇچۇن ئول ۋەزىر.

مۇھەببەت قىلىپ شاھغە بەرمادى،
قىلىپ جايىدا ھەممەنىڭ سەرمەدى.

ۋەزىرخانىسىدا يۇرۇيدۇر ئول ئاي،
فىراقىڭدا ھەردەم چىكەر ئاھ - ۋاي.

كى مەھزۇن دىدى: قانچىگە ئالدى ئول،
قىلىپ خۇاجە قانچە ئەدۇنى قوبۇل.

دىدى: موللا ئالتە بارابەر كۇمۇش،
بىرىپ ئېردى خۇاجە چىنان بولدى خوش.

چۇ مەھزۇن دىدى: ئاھ، بولغاي ئىدىم،
كى ئەللىك بارابەرگە ئالغاي ئىدىم.

كۇمۇش ئورنغە بەلكى ئالتۇن بىرىپ،
ئانىڭ بەيئىگە دۇررى مەكنۇن بىرىپ.

پەلەك ئانى بىزگە راۋا كورمادى،
بۇ يەگىلىغ بولۇشنى كىشى بىلمادى.

ئايا پىر ئۇستاد نى چارەدۇر؟
كوڭۇل يار يادىدا سەدپارەدۇر.

كى تەدبىر ئەيلاپ ئىلاجىمنى قىل،
ئانىڭ ھىجرىدە قىلمە زارۇ - زەلىل.

تەۋەللا قىلىپ پىر ئۇستادغە،
دىدى: يەتكۇرۇڭ سەرۋ ئازادغە.

ئاتا قىلدى موللاغە بىھەد دەرەم،
ئاڭا يالبارىپ قىلدى ئانچە كەرەم.

دىدى موللاسى ئى ئوغۇل غەم يىمە،
كى ياۋلىڭ ئۇچۇن ئەسلە ماتەم يىمە.

ۋەزىرغە سىنى تاپشۇراي سوز بىلە،
بارىپ يارنى ئاندا كور كوز بىلە.

داغى مەسلىھەت بۇ دۇرۇر ئى ئوغۇل،
ساڭا سوز قىلۇرمەن ئانى تۇت قوبۇل.

ۋەزىرنىڭ جىنابىغە بىر مۇنچە ھال،
مۇھەييا قىلىڭ ئېيتايىن ئەرزى ھال.



AltunOq

بارسپ كەلتۈرۈڭ نەچچە لايىق مەتائ،
نەپەس ئاقمىش ئانچە فايىق مەتائ.

چۇ مەھزۇن يانىپ ئۆيگە مەئقۇل تۇشۇپ،
كى ئۇستادى سوزىنى مەقبۇل تۇتۇپ.

كى تەييار ئىتىپ توھپىلەر ئول زامان،
كى ئۇستاد ئۆيىگە بولدى راۋان.

ھەمە لازىم ئامەدنى تەييار ئىتىپ،
تۇرۇپ موللاسى ئالدىدا زار ئىتىپ.

چۇ مەھزۇنغە موللا بولۇپ راھبەر،
ۋەزىرنىڭ ۋىساقىغە بولدى بەدەر.

كوتارتىپ ھەمە پىش كەش مالىنى،
تاپىپ كەلتۇرۇپ : نەچچە ھامىالىنى.

ۋەزىر قەسرىگە كەلدىلەر ئول ئىكاۋ،
كىرىپ بى ئابا موللاسى پىش رەۋ.

ۋەزىر جانىبىغە سالام ئەيلادى،
ۋەزىر ھەم قوپۇپ ئىھترام ئەيلادى.

چۇ تارتىق قىلىپ پىش كەش مالىنى،
ۋەزىر سوردى ھەم موللادىن ھالىنى.

دىدى بۇ ئوغۇل باي زادە دۇرۇر،
ئاتادىن كىچىك قالدى ساددە دۇرۇر.

كى مىراس دۇنياسى بىھەد تۇلا،
بارى جىنس ئەشيا خەلا ۋە مەلا.

ئاتادىن يىتىم قالدى بىكەس بولۇپ،
بۇ ئاستانەدە يۇرسە خوپ كەس بولۇپ.

ئاتاسى مۇنىڭ خۋاجە مەسئۇد ئىدى،
ئانىڭ ۋاقتىدا بارچە مەۋجۇت ئىدى.

قوشۇلسە يامانغە زەرەر بولغۇسى،
ئاتاسىز يىتىمگە خەتەر بولغۇسى.

ۋەزىر ئېيدى: ياخشى بولۇبدۇر بۇ ئىش،
ئوغۇل ئەيلاسۇن بىزگە بارىپ ـ كىلىش.

كى مۇنداغ دۇرۇر پىر دانا ئىشى،
بۇ ئىشنى قاچان قىلسۇن نادان كىشى.

ئاتاسىغە مەن ھەم ئىدىم ئاشنا،
بۇ بىچارە گويا پىقىرغە بالا.

كى تەئيىن قىلىپ ياخشى بىر جايىنى،
تۇشۇردى يۇكى بىرلە ئول باينى.

ھەمە ماللارنى سەرەنجام ئىتىپ،
قويۇپ سەيدگە بارچەنى دام ئىتىپ.

كى بىر ھوجرا تەئىسىن قىلىپ بام ئۇزە.
چىكىپ ئاھۇ ـ ئەپغان چىقىپ تام ئۈزە.

ياتىپ نەچچە كۈن كورمادى يارنى،
بىلىندۈرمادى ئەسلە ئەسرارنى.

قازارا ۋەزىر زەخمىسى بولدى بەھ،
بولۇپ ئىشقىدىن باغرى قان تەھ ـ بىتەھ.

ئايا ساقىيا جام پەيمانە تۇت،
تۇتارسەن ئەگەر ياندۇرۇپ يانە تۇت.

ئانى سىپقارىپ ئىشقىدا جان بىرەي،
ياقامنى تۇتۇپ ئالدىدا تەلمۇرەي.

**ۋەزىر ئەئزەم جاراھەتتىن ساقىيىپ گۈلنىسا سوھ ـ بىتىن ھەۋەس ئەيلاپ — قاشىغە كىرگاندە خەنجەرنى ۋەزىر تەرىپىگە ھاۋالە قىلىپ زەخم بەلىغ بەرگەنى**

ۋەزىر بىر كۈن ئەيلاپ خىيالنى خام،
قىلىپ گۈلنىسا جانىبىدىن كەلام.

ھەرەملەرنى قىچقىردى ئىقبالىغە،
چۈ خانىكەسىن كەلتۈرۈپ ئالىغە.

دىدى: گۈلنىسا ئۈزنى زىيب ئەيلاسۇن،
قىلىپ توۋبە ئۆزنى قەرىب ئەيلاسۇن.

ۋە گەرنە قولۇمدىن كى تاپماس ئامان،
كى بىلسۇن چىقار جىسمىدىن ئەمدى جان.

ھەرەملەر كىرىپ گۈلغە بەردى خەبەر،
پەرى چىھرەگە يۈزلانىپ دەردىسەر.

دىدى: كىرماسۇن قاشىمە ئول ۋەزىر،
قىلالماس جاھاندا مىنى دەستگىر.

ۋەزىر ئاڭلابان بولدى چۈن دەرغەزەپ،
نە دەپدۇركى ئول بى ھايا بىئەدەپ.

قۇلىدىن نە كەلگەي كىرەي قاشىغە،
يامانلىقنى قىلسە ئۇراي باشىغە.

ۋەزىر ھوجرە سارى خىرام ئەيلادى،
كىرىپ ھوجرە ئىچرە مۇقام ئەيلادى.

كى ساچراپ قوپۇپ ئورنىدىن گۈلنىسا،

پىچاقىنى نىيامىدىن ئەيلەپ جۇدا.

سويۈندى ۋەزىر ئەقلىغە كەلدى دەپ،
كى سەبر ئەيلادى قەدىردان بولدى دەپ.

ئاگا سوز قاتىپ مىھرىبانلىق بىلە،
چۇ ئالدابكى شىرىن زەبانلىق بىلە.

تىلىبىندىم ماگا كەلمادى رەھمىگىز،
جاپا تىغى بىرلە يىتىپ زەخمىگىز.

تەرەھھۇم قىلىپ ئەيلاگىز ئىلتىپات،
ماگا بەخش ئېتىڭ جاۋىدان هايات.

قىلىپ بىر كورۇپ ۋەسلىڭىزنى ئۇمىد،
چىراكىم سىنى ئەيلادىم زەرخەرىد.

نەسىھەت قىلىپ سوندى ئىلكىنى ئول،
تۇرۇپ گۇلنىسا قويىنغە سالدى قول.

دىدى: كەلماگىل ئەسلە بىزنىڭ سويان،
تولا سوزلاماي بەلكى ئارقاڭغە يان.

غەزەپتىن ۋەزىر قاشىغە تۇشتى چىن،
بارىپ قاشىغە تۇتمايىن ئەسلە كىن.

سىياسەت بىلە تۇردى ھەيبەت قىلىپ،
ئۇرۇپ گۈلنىسا تىغ جۇرئەت قىلىپ.

تىشىپ ئوقراكىدىن قىلىپ سەربەدەر،
يىقىلدى زىمىنغە چۇ كەسكان شەجەر.

خەبەر ئالدى خەددام خۇدكارلار،
يىغىلدى ھەمە يار ئەغيارلار.

كۆتاردى ۋەزىرنى نەچە خادىمان،
ئانى ياتقۇزۇپ فەۋق تەختى راۋان.

تاپىپ كەلتۈرۈپ مەرد جەرراھىنى،
كىلىپ زەخمىگە بەردى ئەسلاھىنى.

ۋەزىر ھۇشىغە كەلدى سائەت ئوتۇپ،
جاپالار چىكىپ گۈل ئۇچۇن قان يۇتۇپ.

يىغىلدى بارى ئەقرەبا ئول زامان،
ھەمە سەرزىنىش سوزنى قىلدى ئايان.

دىدى: ئى ۋەزىر بۇ نە بەدنامدۇر،
مۇنىڭ ئىشقىدىن زەھر ئاشامدۇر.

بولۇرمۇ بۇ يەڭلىغ كىشى بەندەسى،
بۇ رەڭ بى ئەدەپ مۇسەرئەفكەندەسى.

كىچىك مىھرىدىن ئاقىبەت يوق قىلۇر،
تىرىكلىك لىباسىنى يىرتۇق قىلۇر.

مۇنى بوغزىدىن يا ئاسىڭ، يا ساتىڭ،
يوق ئەيلاپ ئانى سىز ئاماندا ياتىڭ.

ۋەزىر ھەم بولۇپ ئانچە پەژمۇردە ھال،
غەزەبدىن قىلىپ ئولتۇرۇشكە خىيال.

دىدىكىم: ئاسىڭلار مۇنى دارغە،
كى خەددامىلەر تۇردى ئازارغە.

بىلىدىن ياشىپ فۇتەسىنى بىرى،
بىرى ساچباغىنى يازىپ ئىلگارى.

رەسەننى سالىپ بوينىغە تارتىبان،
كى ئاشخانە سادىغە سۇدراب راۋان.

كى ئول خانەنىڭ ئوگزەسىگە ئاسىپ،
كوكۇل تىندۇرۇپ ھەممە چىقتى يانىپ.

ئايا ساقىيا جام تۇتغىل ئەبەت،
چۇ ئاخىر نەپەس بىزگە قىلغاي مەدەت.

بىرىپ جاننى جانان ئۇچۇن جان تاپاي،
ئانىڭ كەيفىدە نۇر ئىمان تاپاي.

### ۋەزىر گۈلنىسانى ئاسقان خەبەرنى مەھزۇننىڭ بىر خىزمەتكارى ئىشىتىپ خەبەر يەتكۈزگەنىدە مەھزۇن مەج- نۇن مۇتابىئەت كورگۈزۈپ ئوز ھوجراسىدە ئاسىلغانى

كى سوز ئاڭلاغىل يار مەھزۇنىدىن،
ئىشىتتى گۈلئەندام ئەفسۇنىدىن.

كى مەھزۇنغە ئاندا دىدى خادىمى،
ھېمىشە قاشىدا ئىدى نادىمى.

ئىشىتتى چۇ ئول گۈلنىسا ھادىسىن،
بىلىپ ئول ھەمە ۋاقىئە بائىسىن.

كى مەھزۇنغە ئەيلاپ بايان سەر - بىسەر،
كى ئاسقاننى مەھزۇنغە قىلدى خەبەر.

چىكىپ ئاھۇ - ئەپغان بۇ سوز ئاڭلابان،
ھەمول خادىمىن بۇيرۇدى بىر سويان.

قىلىپ ھوجرەنى خالى ھەسرەت بىلە،
ئاسىلدى بۇ ھەم ئانچە غەيرەت بىلە.

ئىشىكنى چۇ مەھكەم قىلىپ ئول زامان،
قىلىپ نالەنى كوپ ئاسىلدى نىھان.

ئىشتىماك كىرەك گۈلنىسادىن سۆخەن،
بالاغە گىرىپتار ئولۇپ گۈلبەدەن.

پەرىگە بار ئىبردى ئىككى خادىمە،
تۇرۇپ ئالدىدا بىر زامان نادىمە.

تەئەسسۇپ قىلىپ ئەكسى ماھىغە،
قويۇندەك كىرىپ تىز - تىز راھىغە.

چۇ ئەرز ئەتتى شەھنىڭ قىزىغە بارىپ،
كى نالە پىغان بىرلە كوپ يالبارىپ.

ۋەزىر ئاستى بىر سەرۋ ئازادنى،
كى ھەيىپ ئەيلادى بىر پەرىزادنى.

بويۇن سۇنماغانغە قىلىپ سەرزىنىش،
كى زۇلم ئەيلابان ئۇردى جانغە نىش.

كىشى بۇيرۇدى دەرمەھەل خانەگە،
يىتىڭ تىزراق بولماسۇن ھەلەكە.

ئانىڭ بوغزىدىن قىل رەسەننى كۇشاد،
مۇبادا تىرىك بولسە فەھۇسلمۇراد.

ئۆلۈك بولسا تەننى ماڭا كەلتۈرۈڭ،
ھەيال ئەتمايىن بى ئابا يەتكۈرۈڭ.

يۇگۇردى كى خادىملىرى ئۇل زەمان،
ۋەزىرنىڭ ئۆيىگە قويۇندەك رەۋان.

كىلىپ دەر مەھەل كەستى ئاغرامچىنى،
ۋەزىر خادىمىغە ئۇرۇپ قامچىنى.

كىتىپ ھوشىدىن ئۇلزەمان گۈلبەدەن،
تالۇن ئاي مەسەللىك ياتىپ سىمتەن.

ئانىڭ جىسمىنى سالدى مەھمىل ئارا،
ئانىڭدەككى ئازارنى مەنقىل ئارا.

چۇ سۇرئەت بىلە ماھنى كەلتۈرۈپ،
مەلىكە قولىغە ئانى تاپشۇرۇپ.

كورۇپ ئۇل مەلىكە دىلئارامنى،
ئۆزى كەلتۈرۈپ شەربىتى جامنى.

مۇزاقىغە قويدى غىزا ئوتمادى،
مەلىكە ئىلاجىنى ئوكسۇتمادى.

نىدامەت چىكىپ قىلدى ئەفسۇسلار،
يوق ئەتتى ۋەزىرنىڭ نامۇسلار.

تۇتۇپ بۇرنىغە ئاينە ئولزامان،
تىرىكمۇ، ئۇلۇكمۇ قىلىپ ئىمتىھان.

نەپەس بار ئىكان ئايسنە تەرلادى،
زامانى ياتىپ هۇشىغە كەلمادى.

مەلىكە تۇرۇپ ئانچە قىلدى ئىلاج،
سىلاپ باشىنى ئول دىدى: كوزنى ئاچ.

كى سائەت ئوتۇپ ئۇردى قاتتىغ نەپەس،
كېلىپ هۇشىغە يەتتى ئەقلىغە هەس.

كۇزىن ئاچىبان كوردى ئىقبالى تەخت،
مۇۋاسا قىلىپ باشىدا نىكبەخت.

قىلىپ ئولزەمان هەقغە هەمدۇ سەنا،
تۇمەن شۇكرىكىم ساقلادىڭ رەببەنا.

كى شەهنىڭ قىزى ماهى ئالىجاناب،
قىلىپ گۇلنى باشدىن ئاياغ سەرهىساب.

نە كوردىكى ئول هۇسن دە بەركەمال،
مۇڭا قۇلدۇرۇر بارچە نازۇك نىهال.

كى ئاشىق بولۇبدۇر مەلىكە ئاڭا،
دىدى: گۇلنىسا، يار هەمدەم ماڭا.

چىقاردى ئانى تەخت ئارا يانىغە،
بۇ ئۇلپەت نى مىننەت تۇتۇپ جايىغە.

تۇتۇپ گۇلنساغە نەچە جامنى،
لەزىز شەربەتى جانغە ئارامنى.

فەراغەت تاپىپ بولدى ئاسۇدە ھال،
بولۇپ ئەيش ئارا بى خەلەل بى مالال.

ئايا ساقىيا جام ئۇممىد بەر،
بولۇبمەنكى ئول ياردىن بىخەبەر.

ئانى نۇش ئىتىپ تاپقامەن تازە جان،
تاپاي خىزردەك زىندەگى جاۋىدان.

**مەھزۇننىڭ خادىمى زىرەك، گۇلنسادىن خەبەر ئالىپ دەر مەھەل ھوجرەغە كەلگاندە ئىشىكنى مەھكەم كورۇپ، ئول ئىشىكنى پارە قىلىپ، مەھزۇننىڭ ئىسلاغانىنى كورۇپ خالاس ئەيلەب ئانچە مۇشەققەتلەر بىلە**

**ھۇشىغە كەلتۈرگانى**

تاپىپ كەلدى زىرەك پەرىدىن خەبەر،
چۇ مەھزۇن تاجى سەرىدىن خەبەر.

كىلىپ كوردى دەرنى ئىچىدىن ئىتىك،
چىنان زور قىلدى ئاچىلماس ئىشىك.

ئىشىكنى يىقىتتى بۇ قۇل ئول مەھەل،
قىلىپ ئوزنى مەھزۇن ئەجەلگە بەدەل.

ئاسىلمىش ئىدى ئۇزنى ئۇل خانەگە،
پىدا ئەيلەبان جاننى جانانەگە.

ئاسىلغان تانابىنى كەستى غۇلام،
ياتىپ بىخۇد ئۇل زار تاۋەقت شام.

باشىنى يۇلاپ يىغلادى خادىمى،
ئىتاككە تالۇپ ئۇلزامان كوزنىمى.

ئىچۇردى ئىزىپ شەربەتى جانىزا،
مۇزاقىدىن ئۇتمەي داغى بىر غىزا.

كىلىپ ھۇشىغە لەمھە ـ لەمھە ئۇتۇپ،
كىلىپ ئەقلىغە لەھزە ـ لەھزە ئۇتۇپ.

ئېيىتتىكى مەھزۇنغە ئۇل خۇش خەبەر،
كى يارىڭ تىرىكدۇر نەدۇر دەرد سەر.

مەلىكە ئالىپ باردى ئىززەت بىلە،
كى ئولتۇردى تەخت ئۇزرە ھورمەت بىلە.

بۇ سوزدىن يىڭى جان كىرىپ زارغە،
شىرىڭ قىلدى خادىمنى ئەسرارغە.

دىدى: ئى خۋاجەم بۇ نەۋاقىئە دۇرۇر،
ئىككىمىز ئاراسىدە شايىئە دۇرۇر.

دېدى قۇلغە مەھزۇن: بۇ جانانەدۇر،
بۇ رەڭ ۋاقىتە ئەھد پەيمانەدۇر.

جاھاندا تىرىك بولسە ئول، مەن تىرىك،
زاماندىن ئاڭا يەتسە غەم، مەن شىرىك.

ماڭا مۇژدە يەتكۈردۈڭ ئول ياردىن،
جۇدا ئەيلەدىڭ جىسمىنى داردىن.

كى سەندىن يىتىبدۇر ماڭا شادلىق،
ساڭا مەن بىراي خەت ئازادلىق.

سەرۇپا بىرىپ ئەيلەدى سەرفىراز،
كوڭۇل سىررىدىن بىر نەچە قىلدى راز.

جۇ زىرەك دېدى: بىلمادىم بۇ زورۇر،
كى پىنھان ئىدى تاپتى بۇ ئىش زۇھۇر.

ئەگەر بىلسام ئېردى بۇ ئىشنى بۇرۇن،
تاپىشتۇرغاي ئېردىم سىنى كەچقۇرۇن.

ھېلى ھەم ئىلاجىنى قىلماق كېرەك،
سېنىڭ خىزمىتىڭدە يۈگۈرسام كېرەك.

ساڭا مەسلىھەت ئولكى سالغىل قۇلاق،
دۇكان ئولتۇرۇشقە قىلىڭ ئىتتىپاق.

ئاچىلىك ئانچە قىممەتباھالىق مەتائ،
كى بازار ھۆسنىغە بەرسۇن شۇئائ.

كى شەھنىڭ ئاراسىدا بار گۇفتىگۇي،
قىلۇر بىر يىگىتنى قىزى بىرلە توي.

ئانىڭ لازىمىغە ئالۇر مالنى،
كى باشلەپ كىلەي مۇندە دەللالىنى.

كى ئۇشبۇ سەبەب بىرلە كورسە بولۇر،
مال ئالماقىغە ئاندىن كىشلەر كىلۇر.

چۇ مەھزۇنغە مەئقۇل بولۇپ ئۇشبۇ سوز،
دۇكان ئولتۇرۇپ ئول سارى تىكتى كوز.

نەچە رەڭ زىبايى قىممەت باھا،
مۇھەييا قىلىپ تىزدى ئول جابەجا.

تەۋەككۇل قىلىپ ئولتۇرۇپ كوز تۇتۇپ،
باقىپ گۇلنىسا يولىغە قان يۇتۇپ.

ئۇتۇپ بىر كۇنى چىقتى دەللاللەر،
كوتەرمەككە مال بىرلە ھەممالەر.

بۇلار ئالدىنى توستى زىرەك بارىپ،
سالام قىلدى ئول ئىلگىرىرەك بارىپ.



AltunOq

چۇ مەھزۇن دۇكانى سارى باشلادى،
نەچە ماللارنى يايىپ تاشلادى.

قوپۇپ دايەگە قىلدى مەھزۇن سالام،
سولۇكەت بىلە ئەيلەدى ئېھتىرام.

كى تەكلىپ ئېتىپ خانەگە دايەنى،
توكۇپ ئالدىغە نەچە سەرمايەنى.

زىياپەت قىلىپ ئول كۆنى شاھۋار،
قىلىپ توھپەلەرنى قەدەمدىن نىسار.

كى تارتىق قىلىپ ئىككى توققۇز خىرىد،
قارا ۋە قىزىلۇ، ياشلۇ، سىفىد.

كى مەھزۇن مەلاھەتتە يەكتا ئىدى،
جاھان باغىدا سەرۋ رەئنا ئىدى.

يىدى دايە كورگان زامان تيرى ئىشق،
كوڭۇل شاھىغە يەتتى تەئسىر ئىشق.

قوپالماي ئورۇندىن بولۇپ بىخەرەد،
ئالىپ ئەقل ھۇشىنى ئول سەرۋقەد.

يەنە ئېيدى مەھزۇن ھەم ئول دايەگە،
مېنىڭ بىرلە يەتكاي ئىشىك ۋايەگە.

مەلىكەمگە لايىق مەتادۇ مۇندا بار،
بۇلەككە يۇگۇرماڭ بىسەد زىنھار.

قوپۇپ دايە كەتتى ئالىپ مالىنى،
زىياپەت بىلە تويغازىپ گالىنى.

مەلىكە جىنابىغە تەشرىپ ئېتىپ،
كى مەھزۇننى ئالدىدا تەئرىپ ئېتىپ.

كى تۈججار بار بەچچە ئاچمىش دوكان،
بۇ تارتىقنى بىزگە بىرىپ راي ئىكان،

قىلىپ پىش ـ كەشلەرنى ئىززەت قىلىپ،
زىياپەت قىلىپ، سىزىي ھورمەت قىلىپ.

مەلىكە بۇ ئىشقە چىنان بولدى خوش،
كى مەھزۇن بىلە دايە بولدى تانۇش.

باھانە قىلىپ دايە كۈندە كىلىپ،
كى مەھزۇننى كورماك بىلە كام ئالىپ.

ئۆتۈپ نەچە مۇددەت بۇ يەڭلىغ ئومۇر،
كىلىپ بىر كۈنى دايە تاپمىش ھۇزۇر.

كى مەھزۇنغە ئول دايە بولدى ئاداش،
ئاڭا قىلمادى ئەسلە سىرىنى پاش.

قازارا ئۆتۈپ نەچچە كۈن نەچچە ئاي،
جاھان بولدى ئىشق ئىچرە مىھنەت ساراي.

خەبەر بەردى بىركۈن كىلگۈرلەر كىيىۋ،
مەلىكەم بىلە ئىشرەت ئەيلەر ئىكىۋ.

كى مىھمان سەراينى قىلىپ خۋاستە،
نەدەيىسىن فىراش ئىچرە پىراستە.

بىرىپ بارچە قىزلارغە رۇخسەت پەرى،
كى مىھمان كىلگۈر كىرماگىنىز ئىچكەرى.

ھەمە ئوي قىزى چىققتى بولدى راۋان،
مەلىكە قاشىغە كىرىپ مىھمان.

ئىكىۋ مۇڭداشىپ مىھربانلىق قىلىپ،
تەكەللۇمدا شىرىن زەبانلىق قىلىپ.

كى بىر سائەت ئوتتى ئىكىۋ سوزلاشىپ،
بىرى بىرگە سالدى نەزەر كوزلاشىپ.

مەلىكە بولوپ ئولزامان تەشنەلەب،
كى چىرلاپ بىراۋنىكى، بەرگىل سۇ، دەب.

زامانى ئۆتۈپ ھىچ كىشى كەلمادى،
يەنە قىچقىرىپ خانەگە، سۇ، دىدى.

ھەمە خادىمى ئېردى ئاندىن يىراق،
مۇنىڭ ھۇكمىنى ئاڭلاماي ھېچ قۇلاق.

كى تەخت ئاستىدا بار ئىدى گۈلنىسا،
چىقىپ دەر مەھەل ئەيلەدى مەرھەبا.

قۇيۇپ كاسىگە سۇنى ئول دەر مەھەل،
ئاڭا ئەيلەدى شىر شەربەتنى ھەل.

ئەدەپ بىرلە تۇتماقغە جۇش ئەيلەدى،
مەلىكە ئالىپ ئانى نۇش ئەيلەدى.

يىگىت ئولزامان گۈلنىسانى كورۇپ،
چىكىپ ئاھلەر ھۇسنىگە تەلمۇرۇپ.

قاچىپ كىردى تەخت ئاستىغە ئولزامان،
پەرى ئولزامان بولدى كوزدىن نىھان.

مەلىكە كىيوسىغە ھەيرەت يېتىپ،
كۆرۈپ گۈلنىسانى ئۆزىدىن كىتىپ.

پەرىمۇ ئىدى ياكى بۇ ھورمۇ،
ۋە ياكىم جاھان يارۇتۇر نۇرمۇ.

ئانى كورمەگاندە بۇكىم خوب ئىكان،
بۇ ئەغيار ئىكان، ئولكى مەھبۇب ئىكان.

يىگىتنىڭكى ھالى بولۇپ ئۆزگىچە،
كى سوز قىلمادى جۇپتىغە ئول كىچە.

ئەلەمگە مۇبەددىل بولۇپ ئىشرەتى،
چىقىپ كەتتى ئول دەم چىكىپ ھەسرەتى.

مەلىكە ئۇرۇپ ئاھ، قىلدى غەزەپ:
نىدىن چىقتىڭ ئى گۇلنىسا بى ئەدەپ!

يىگىتكە ئۆزۈڭنى قىلىپ ئاشكار،
ئانىڭ كوڭلىنى ئەيلەدىڭ تار-مار.

سىنى كورمىسە ئول كىتارمۇ ئىدى،
مىنىڭ ئىشرەتىم تەرك ئىتارمۇ ئىدى.

دىدى ئول: چىقىپ مەنكى پەرمان تۇتۇپ،
تۇلا ئەيمىنىپ ھۆكمى جانان تۇتۇپ.

قىلىپ خىزمىتى سىزنى سىراپ ئىتىپ،
قاچىپ دەر مەھەل ئۆزنى ناياب ئىتىپ.

كى خالىس ئىدىم بى غەرەز بى خىيال،
پىقىرنىڭ ئىشىغە بولۇپسىز مالال.

مالالەت ئىشىنى خىيال ئەتمادىم،
يىگىت ئالدىدا قىلۇ-قال ئەتمادىم.



AltunOq

كى پەرمان تۇتتۇپمەن، ماڭا نى گۇناھ،
داۋا مۇكى خىزمەتنى قىلماق تەباھ،

تۇرۇپمەن نە قىلساڭ ساڭا ئىختىيار،
نە كەلسە ماڭا ھۇكمى پەرۋەردىگار.

مەلىكە دىدى: ئولتۇرۇڭلار مۇنى،
گۇناھىغە ئانىڭ ساچىلسۇن قانى.

دىدى دايەلەر: سەبرى قىلماق كېرەك،
تىرىك ئانى دەرياغە سالماق كېرەك.

ئانىڭ قانىنى توككانىڭ خوپ ئىمەس،
ئۆلۈغلەرغە بۇ كار مەرغۇپ ئىمەس.

كى ساندۇق بىلە تاشلىساق بەھرىغە،
بۇ سۇرەت بىلە چىقماسە دەھرىگە.

ئۇزى ئولسە دەريادە زۇلمەت بىلە،
ئاقىپ كەتسە يۇزمىڭ مەشەققەت بىلە.

كىشى تاپماسە گۇلنىسادىن نىشان،
ئالىپ كەتسە خوب ئانى ئابى راۋان.

مەلىكە دىدى: سوزنى مەئقۇل كورۇپ:
كى تەييار ئىتىڭ ساندۇقى كەلتۇرۇپ.

سەدەپ قارىدا جاي تاپتى گوھەر،
راۋان قىلدى دەرياغە ۋەقتى سەھەر.

چۈ ساندۇقدە ئۇن يىل يىگۈنچە غىزا،
قىلىپ ئېردى سوۋمۇ يىزى جابەجا.

ئاقىپ كەتتى دەريادا ساندۇق راۋان،
زامانى ئاقىپ بولدى كوزدىن نىھان.

مەلىكە يانىپ كوڭلىنى تىندۇرۇپ،
كىيو يادىدا بىر زامان ئاھ ئۇرۇپ.

دىدى دايەگە: كەلتۇرۇڭ ياخشى مال،
ئانى توھپە ئەيلەپ دىيىن ئەرز - ھال.

يىگىت كوڭلى مەندىن مالال ئولدىمۇ،
مۇھەببەتدە ئوزگە خىيال ئولدىمۇ.

بولۇپ زار مەھزۇن قاشىغە راۋان،
كۇرۇشتى بارىپ باي بىلە ئول زامان.

كى مەھزۇن خۇش ئامەد قىلىپ دايەگە،
قىلىپ فەرش توققۇز مەتائ پايەگە.

نەچە كەلسە مۇندا پەش ئامەد قىلۇر،
تېلىنماك ئىلە كوپ خۇش ئامەد قىلۇر.

تەئەججۈپ قىلىپ دايە بۇ ھالىنى،
كى فەھم ئەيلەبان سوردى ئەھۋالىنى.

دېدى: ئې يىگىت، بىر غەرەز سەندە بار،
ماڭا ئەرزى ھالىڭنى قىل ئاشكار.

قولۇمدىن كىلۇر ئىشنى قىلغۇم ساڭا،
كى ئىھسان بىلە لۇتپى قىلدىڭ ماڭا.

قىلىپ ئەرزى ھالىنى مەھزۇن بايان،
كوڭۇل سىررىنى ئاڭا قىلدى ئايان.

دېدى: گۇلنىسا تەندە كى جان ماڭا،
ئانىڭ يادىدۇر رەگدەكى قان ماڭا.

ئانىڭ ئىشقىدا بولدۇم ئاۋارە ئې،
كى جان ئاندادۇر قىلساڭىز چارەئې.

ئۇرۇپ باشىغە دايە قىلدى دەرىغ،
دېدىڭ سوزنى ئەمدى، يوق ئېرمىش ئېسىغ.

بۇ سوزنى دېساڭ نەچە كۈن ئىلگارى،
كى باشلار ئېدىم مەن سېنى ئىچكارى.

چۈ ساندۇق بىلە تاشلەدىم بەھرىغە،
فەرۇ كەتتى ساندۇق سۇنىڭ قەھرىغە.

چۈ مەھزۇن ئىنشتتى تۇرۇپ بۇ كەلام،
جاھاندىن ئۇمىددىنى ئۈزدى تەمام.

قۇپۇپ دايە بىرلە قىلىپ خەيرىباد،
بولۇپ ئول كۆنى ئاڭا يەۋمۇتتە ناد.

چۈ زىرەككە تاپشۇردى ئەمۋالىنى،
بىلىندۇرمادى ئاڭا ئەھۋالىنى.

ئۆزۈم تاشلايىن بەھرى خۇنخۇارغە،
يېتاي ئارقاسىدىن ئوشۇل يارغە.

ئاياقچى ماڭا جام تۇت بى گەران،
كى بەرسۇن ماڭا بەھرى غەمدىن ئامان.

كى مەي بەھرىدە چۈنكى غەۋۋاس بولاي،
كى مەقسۇد لۇئلۇسىغە خاس ئولاي.

جاھان بىۋاپادۇر بىرادەر بىلىڭ،
كى دۇن ئەھلى بىرلە كەم ئۇلپەت قىلىڭ.

چۈ مىھنەت بىلە ئەيش بولغاي ئەدەم،
فەنا دەھرىغە ئەسلە قويماڭ قەدەم.

بولۇر چەرخدىن يۈز تۈمەن ھادىسى،
بىر ئىشغە بولۇپ بىر نىمە بائىسى.

يىتار مۇندا ئەھلى ۋاپاغە جاپا،
ئەلەمگە گىرىپتار ئەھلى ۋاپا.

مەھزۇن بىچارەئى ئاۋارە گۇلنىسا كەيپىياتىن ئاڭ-
لاپ، تەرك خانىمان ئەيلەپ، ئۆزىنى دەرياغە تاشلاغانى،
ۋە ئانى نەھەڭ يوتۇب ئول نەھەڭ ماھى گەرنىڭ تو-
رىغە تۇشۇپ، بىپەرمان ئىلاھا ئانىڭ قارنىنى يارغاندا
مەھزۇن ئول بالىق قارنىدىن مەد ھۇش چىققاندا، ماھ-
گەر بۇرنىغە ئايىنە تۇتۇپ ھاياتلىغىدىن نىشان تاپىپ،
سەبەب بىرلە ھۇشىغە كەلتۈرۈپ پەرزەند قاتارىغە ئالغانى

رەپىقا ئىشتىكىل سۆخەن ياردىن،
كى ئىشق ئەھلى ئىچرە ۋاپاداردىن.

كى مەھزۇن بىچارە جاندىن تويۇب،
ھەمە دۇنيىۋىنى ئۆيىدە قويۇب.

فىرىفتە قىلىپ قۇلنى بىر كارغە،
ئۆزى دەرمەھەل باردى ئەبھارغە.

تاھارەت قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز،
ئادا ئەيلادى ھەققە ئەرزۇ - نىياز.

تەۋەككۇل قىلىپ سەكرىدى بەھرىگە،
چوموب غوت ئۇرۇب بەھرىنىڭ قەھرىگە.


Altun

خۇدا قۇدرىتى بىرلە يۇتتى نەھەڭ،
كىرىپ ھەلقىدىن بەدىنىگە بى دەرەڭ.

كى دەريا ئارا ئاقتى بالىق بىلە،
ياتىپ ئاندا ئول زىكرى خالىق بىلە.

بۇ دەريا قىراغىدا بىر ماھىگەر،
بار ئېردى، ئۇغۇل يوق ئىدى بى نەزەر.

بالىقچىكى پەرزەندگە تالىپ ئىدى،
ئاڭا ئارزۇ دىلدا غالىپ ئىدى.

خۇدا بېرماب ئېردى ئاڭا بىر ئۇغۇل،
بالا دەردىدە ئېردى بىھەد مەلۇل.

تەۋەككۇل قىلىپ ھەر كۇنى سالدى تور،
كى تورغە تۇشۇپ بىر نەھەڭ ئانچە زور.

ئەجەپ كۇچ بىلە تارتىبان زورئىتىپ،
چىقاردى ئانى ئوزنى رەنجۇر ئىتىپ.

بىباشادىمان بولدى ئول سەيدگە،
چۇ مەھزۇن تۇشۇپ ئاندا ھەم قەيدىگە.

بابادەر مەھەل قىلدى تەييار شاپ،
نەھەڭ بەدىنىنى تىز قىلدى شىگاف.

كى پارچە قىلىپ لەھمىنى تاشىغاي،
تەبەر بىرلە ئۇستىخانلارىن باشىغاي.

نە كوردىكى بىر ماھى تەلئەت جۇۋان،
بالىق قارنىدىن كوزگە بولدى ئايان.

بالىقچى كورۇپ بولدى ھەيرەتدە لال،
كى ھەيرەت بىلە ئەيلەدى بۇ خىيال.

ماڭا بۇ خۇدانىڭ ئاتاسى دۇرۇر،
ئاتا ئەيلىگەن مەرھەباسى دۇرۇر.

ئانى دەر مەھەل كەلتۇرۇپ خانەگە،
ئۇزى كوردى كورساتمايىن يانەگە.

تۇتۇپ بۇرنىغە ئايىنە ئولزا مان،
تىرىكلىك نىشانى چۇ بولدى ئايان.

قىلىپ ئول بابا ھەقغە ھەمدۇ ـ سانا،
يەنە كەلتۇرۇپ شۇكرى بى مۇنتەھا.

يۇگۇردى شەھەرگە داۋا ئىستابان،
مىزاجىغە لايىق غىزا ئىستابان.

تاپىپ رەۋغەنى كوھنە بادامنى،
كى پەيدا قىلىپ شەربەتى جامنى.

يۈگۈردى مۆھەييا قىلىپ ئۇل بابا،
ئىلاجسىز قىلىپ ئەيلاپ ئۇلدەم داۋا.

كى مالىش بىرىپ جۇربى بادامغە،
تەلا ئەيلادى ھەپت ئەندامغە.

مۆزاقىغە يەتتى سۈچۈك شەربىتى،
تۇرۇپ بىر زامانى قىزاردى بېتى.

دىماغىغە پۇركۈپ ئەبىرۇ ـ گۈلاب،
بابا تەلمۈرۈپ باشدا تۇردى قاراب.

زامانى ئۆتۈپ ھۇش بولدى پەيدىد،
كى مەھزۇن ياتىپ ئەتسە ئۆردى شەدىد.

كۆزىن ئاچتى كوردى بۇ ئەھۋالنى،
باشدا تۇرۇپ ئۇل قىبرى زالنى.

كىپلىپ ئەقلىغە ئۇل زامان چەكتى ئاھ،
ماكان بولغان ئىبركان ماڭا بەدنى ماھ.

قوپۇپ ئولتۇرۇپ يىغلادى دەمبىدەم،
ياقا تا ئىتەك ئەشكىدە بولدى يەم.

بابا سوردى: ئى نۇردىدەم بالام،
نىدىن بۇ بەلاغە قالىپسەن بۇتام.

چۈ ئوزنى بەلا چاھىغا تىققتىڭىز،
سالامەت بالىق قارىنىدىن چىققتىڭىز.

سەبەپ نى ئېكىن سىزگە بۇ ھادىسە،
كى غەرق ئولماقىڭغە نەدۇر بائىسە.

تەۋەككۇل قىلىپ تورنى سالغان زامان،
سۇنىڭ قەھرىدىن ماھ بولدى ئايان.

كىرىپ تورغە ئول بىزگە بولدى نىسىپ،
چىقاردىم ئانى پارچە قىلدىم كىسىپ.

ئانىڭ بەدىنىدىن سەنكى بولدۇڭ ئايان،
ئاتا قىلدى بىزگە خۇدايى جاھان.

تىلار ئېردىم ھەقدىن ھىمىشە ئۇغۇل،
قەرىغاندا بولدى دۇئايىم قۇبۇل.

بىبى بەدىنىدىن بەرمادى بىر خەلەف،
ماڭا رۇزكار ئېردى دۇرسىز سەدەپ.

بالىق قارىنىدىن سىزنى قىلدى ئاتا،
كى پەرزەند بولۇڭ سىز، بۇلايمەن ئاتا.

چۈ مەھزۇن بىلىپ ئۇشبۇ ئەسرارنى،
تۇرۇپ ئاڭلابان قەۋل گۇفتارنى.

دىدى: ئى ئاتا ئاڭلاغىل ھەسبۇ - ھال،
پەلەكتىن يېتىپ باشقە تۇرپە سىكال.

ئاتام بار ئىدى دەھرىدە نامدار،
كى دۇنياسى ئېردى ھەزاران - ھەزار.

ھەمە قافىلە باشى ئېردى ئاتام،
نە باشىكى زەرپاشى ئېردى ئاتام.

ھەلەپتىن كۆچۈپ نەچە يۈز كارۋان،
يەمەن جانىبىغە چۇ بولدۇق راۋان.

كىرىپ كىمەگە بولدىلەر جابەجا،
راۋان قىلدى چۈن كۈشتىنى نافەزا.

قازارا ئۇتۇپ نەچە كۈن ئەستى يەل،
شامالدىن يېتىپ بادبانغە خەلەل.

تەلاتۇم ئۇرۇپ سائىقە تابىپەرق،
بۇزۇپ كۈشتىنىڭ تەختەسىن قىلدى غەرق.

ئەدەم مەنزىلىغە كېتىپ كارۋان،
ھەمە شەيئى بولدى سۇ ئىچرە نىھان.

تۇشۇپ مەن ساڭا مۇندا بالىق بىلە،
نە بالىق بىلە ئەمرى خالىق بىلە.



AltunOq

بۇ موھلىك بالادىن خۇدا ساقلادى،
ساڭا بىزنى تەڭرىم ئاتا ساقلادى.

بۇ سوزنى دىدى يىغلادى زار - زار،
سوراپ: ئى ئاتا ئۇشبۇ قايسى دىيار؟

دىدى: ئول بابا: مىسىر شەھرى دۇرۇر،
ئەزىم بەھرىنىڭ ئۇشبۇ نەھرى دۇرۇر.

بۇ موۋزىئ ئارا پىرى سەيياد مەن،
كى سەييادلىق ئىچرە ئۇستاد مەن.

بۇ ئىشدا يىتىپ بىزگە روزانەئى،
نە بەرسە قىلىپ ھەققە شۇكرانەئى.

ياتىپ پىشە ئىچرە قانائەت قىلىپ،
بىلۇر بىلماس ھەققە ئىبادەت قىلىپ.

قارىغاندا بەردى خۇدا بىر خەلەپ،
جامالىڭ بىلە ئەمدى تاپتى شەرەپ.

چۇ مەھزۇن دىدى: ئاڭلاغىل ئى پەدەر،
تاماشا قىلايكىم ياۋۇقمۇ شەھەر.

دىدى ئول بابا: ئى بالام بارماغىل،
فىراقىڭ ئوتىن جانىمە سالماغىل.

يەنە ئۇلكى كورساڭ شەھەرنى بۇگۈن،
مالالەتتە تۇشكاي كوڭۇلگە تۇگۈن،

چىراكىم ساڭا بار ئىدى دولەتى،
كى دۇنيا بىلە ئەيلەگەن ئىشرەتى.

كۆرۈپ شەيئىلەرنى بۇزۇلغاي كوڭۇل،
مالالەت يىتىپ بەلكى سىنغاي كوڭۇل.

دىدى: ئۇلكى تەقدىرغە چارە يوق،
خۇدا ئەمرىگە ھىچ ئىنكارە يوق.

ساياھەت قىلىپ ئەيلەيىن ئىنتىقال،
كى بولسۇن ماڭا ئەمدى دەپئى مالال.

كى بەردى ئىجازە بابا ئول زامان،
شەھەر يولىغە بولدى مەھزۇن راۋان.

تۇتۇك ساقىيا بىزگە جامى ۋىسال،
ئانىڭ كەيپىدە زاھىر ئولسۇن جامال.

كى مەي زوقىدىن يارنى ئىستايىن.
تاپىبان ئانى ئەرزى ھالىم دىيىن.

دەرىغا جاھان كارىدا يوق ۋاپا،
ۋاپا ئەھلىگە يەتكۈسىدۇر جاپا.

جاياكارلار تاپقۇسىدۇر راۋاج،
ۋاپادارلارغە جاھان بولدى داج.

ئەزەلدە ئەبەد بەھر گەردۈن ئىشى،
بەقاسىز جاھاندا فەنا ۋەرزىشى.

بۇ ۋاقىئە ئانداغدۇركىم، ئۇل ۋەقتىكى گۈلنىسانى ساندۇق بىلە دەرياغە تاشلاغاندا بىر نەچچە كۈن ئاقىپ بەسرى شەھرىنىڭ كۈشتىبانلارىغە ئۇچراغاندا كۈشتىبانىنىڭ سەردارى مىڭ تەڭگىگە ساتىپ ئالىپ ساندۇقنى ئاچىپ گۈلنىسانى دېۋ شەكلىدە كۆرۈپ بازارغە ساتقالى چىقارغانىدا جۆھۈد ۋەزىر ئالىپ ئۇل ھەم بازارغە ئالىپ چىقىپ قويغانىدا مەھزۇن ساتىپ ئالىپ گۈلنىسا بىلە ۋەسلى بولغانى

بۇ ئەفسانەنى ئاڭلاگىسز مۇستەمەئ،
تەئەججۈپ قىلىڭ ئاڭلاغان مۇجتەمەئ.

ئۈشۇل ۋەقتىكىم گۈلنى قىلدى راۋان،
بۇ ئەسرارنى بىلمەگەن ھېچ جان.

چۇ ساندۇق بىلە كەتتى دەريادە ئول،
ئاقىپ بەھرىنىڭ يۈزىدە ئوڭ ۋە سول.

چۇ ساندۇق يۈرۈپ بەسرى دەرياسىغە.
يېقىنلاشتى ئول مۈلكى مەئۋاسىغە.

سەفىنە يورۇتۇر ئىدى ناخۇدا،
كى بىر قولدا گۇرجەك، بىرىدە خادا.

بۇ ساندۇقنى كوردى بىناگاھ بىرى،
كى زوروقچە بىرلە كېلىپ ئىلگىرى.

تۇتۇپ دۇرجىنى سالدى چۇن كىمەگە،
كى ھەيرەت بىلە قالدى ۋاھىمەگە.

ھەمە ناخۇدالەر چىقاردى سوزۇپ،
كىمە سۇ يۇزىدە شامالدەك يۇرۇپ.

چۇ دەريا قىراغىغە كەلدى كېمە،
چىقاردى بارىن قالمادى ھېچ نىمە.

نە كوردىكى ساندۇق مۇزەييەن ئىرۇر،
كى زەر ھەل بىلە، بارچە ئەھسەن ئىرۇر.

كۇرۇپ بىر سىپاھ ئۇشبۇ ساندۇقنى،
زىيادە قىلىپ زوق ئىلە شوقنى.

تالاشتى بۇلاردىن ئانى ئول سىپاھ،
ئاتا قىل ماڭا ھەققىدۇر پادىشا.

دىدى ناخۇدا: سودا كەلگەن مېنىڭ،
بۇ ساندۇق بىلە نى ئىشىڭ بار سېنىڭ!

ئىجازە بىرۈرمىزكى بىكار ئىماس،
يىراق بولكى، سەن بىزگە سەردار ئىماس.

كى مىڭ تەڭگىنى بىر يىلى بەرگۈمىز،
ئىجارە بىلە بىزگە بولدى تېڭىمىز،

سىپاھ ئېيدى: ئانداغ ئىسە، مەن ئالاي،
خازايىنغە مىڭ تەڭگىنى مەن سالاي.

كى بۇ دۈرجىنىڭ ئەيلاگىل بەيئەتىن،
رىزالىق بىلە مەن بىراي قىممەتىن.

بارى ناخۇدالەر قىلىپ ئىتتىپاق،
ساتىپ دۈرجىنى قىلدى ئۈزدىن يىراق.

ئالىپ بۇ سىپاھ ئۆيگە بولدى راۋان،
كىرىپ خالىغە قىلدى ئەلدىن نىهان.

بىلىپ گۈلنىسا ئانچىنان يىغلادى،
كىشىنىڭ قۇلغە تۈشۈپمەن، دىدى.

يايىپ ساچىنى ئۈزىنى يورگادى،
كى پەشمىنە بىرلە تېنىن چۇركادى.

نىمە بار ئىكەن، دەپ ئاشۇقتى سىپاھ،
ئاچىپ ئاغزىنى سوڭرە قىلدى نىگاھ.

نه كوردىكى بىر دىۋ سۈرەت بىلە،
نىمەرسە ياتىپدۇركى ھەيبەت بىلە.

يۈرەك ئاغدى قوقۇپ كورۇپ ئۇل مەھەل،
ئېتىپ ئاغزىنى ئەسلە قىلماي ھەيەل.

بىلەدۇر مۇنى ئوت ئارا ئور تاماك،
راۋادۇر مۇنى ئورنىدىن يوتكاماك.

بالانى ئىبارمىش بۇ دەريا ئارا،
خاراپ ئەتكۈسى چىقىپ ئۇشبۇ بالا.

يەنە كۆڭلىدە فەھم قىلدى شۇ ئان،
مۇنى ئورتەسەم ماڭا بولغاي زىيان.

كى مەندەك يەنە خام تەمەئ باردۇر،
مۇنى ئالغالى كىم خېرىدادۇر.

چىقارماك كىرەك ئەمدى بازارغە،
خەبەر ئەيلاماك يار ـ ئەغيارغە.

ئالىپ كەلدى بازارغە دۇرجىنى،
ئۈزى ئولتۇرۇپ ئالدى بىر بۇرجىنى.

دىدى: ئالماغان بارچە ئارماندادۇر،
كىشى ئالسا ئاخىر پۇشايماندادۇر.

يىغلدى ھەمە ئەھلى بازارلار،
چىقىپ ھەر تەرەپتىن خېرىدارلار.

چۇ مەھزۇن كېلىپ شەھىرگە ئول زامان،
قىلىبان تاماشا ئۇيانۇ - بۇ يان.

بىناگاھ كۆزى تۈشتى بۇ جەمئىگە،
ئەجەپ شور غەۋغا يېتىپ سەمئىگە.

كېلىپ كوردى مەھزۇن ئالاماتنى،
خۇدا لۇتپى قىلغان كاراماتنى.

كۆزى تۈشتى ساندۇقغە ئول يارنىڭ،
قۇلىغە تۈشۈپ يار - ئەغيارنىڭ.

بۇ ساندۇقدا ئول گۈلنى قىلدى گۇمان،
كى زاھىر بولۇر دايە بەرگان نىشان.

كى مىلك تەڭگىنى ئالغالى يوق دەرەم،
يانىپ ئارقاغە ئويگە قويدى قەدەم.

تەزەررۇئ قىلىپ يىغلادى زار - زار،
ئۇمىد ئەيلەبان لۇتپى پەرۋەردىگار.

ئىشىت سوز، بۇ ساندۇقنى ئالدى ۋەزىر،
بىرىپ قىممىتىنى قىلىپ دەستىگىر.

چۇ ساندۇقنى ئىلتىپ ئۆيىگە جوھود،
كى پىنھان تۇتۇپ قىلدى ئەلدىن ھۇسۇد.

ئاچىپ دۇرجىنىڭ ئاغزىنى ئول زامان،
نە كوردىكى بىر دىۋ بولدى ئايان.

كى ھەيبەت بىلە ھورمايىپ باقتى ئول،
ۋەزىر دەرمەھەل دۇرجدىن يىغدى قول.

يىقىلدىكى بىھۇش ئۆلۈپ ئول جۇھۇد،
كېتىپ تەڭگە ئەمدى پۇشايمان نەسۇد.

كېلىپ ئەقلىغە بىر زامانى ياتىب،
دىدىكىم: بالانى ئالىپمەن ساتىب.

دىدىكى: يوق ئەتسام زىيان بولغۇسى،
كى مىڭ تەڭگە بىزگە قاچان بولغۇسى.

كى بىر خام تەمەئ باردۇرۇر مەن كەبى،
گەزەر گاھدا چىققۇسى تالىبى.

چىقاردىكى بازارغە دۇرجنى،
بۇ ساندۇقنى قويدى تاپىپ بۇرجنى.

يىغىلدى خالايىق ئەلالا قىلىپ،
يىراقدىن كېلىپ ئەل تاماشا قىلىپ.

چۇ مەھزۇن دىلى ئەيلەدى ئىزتىراب،
ئۇرۇپ ئاھلارنى شەھەرگە قاراپ.

دىدى: ئى ئاتا ماڭا رۇخسەت بىرىڭ،
شەھەرغە بارىشغە ئىجازەت بىرىڭ.

بۇگۇن مەن بارىپ بىر تاماشا قىلاي،
بۇ ئۇلگەن كوڭۇللارنى ئەھيا قىلاي.

ئاتا ئول زامان بەردى رۇخسەت ئاڭا،
كىلىنىڭ تىز، دەپ بەردى موھلەت ئاڭا.

چۇ مەھزۇن يۇگۇردىكى ئاھۇ بولۇپ،
كى ھىجران ئۇتىدا بەدەن سۇ بۇلۇپ.

كىلىپ دەرمەھەل ئول گۇزەر گاھغە،
كۇرۇپ دۇرجنى تۇشتى دىل ئاھغە.

قارار ئەردى ساندۇقغە ئول دەمبىدەم،
ئالاي دىسە يوق كىسەسىدە دەرەم.

كى ھەيران ئولۇب ياندى ئول جايىغە،
ھەمئول ماھىگەر جاي مەئۋايىغە.

ئۇشۇلۋەقت مەھزۇن دىدى: ئى ئاتا،
سالاي دەرياغە تورنى مەن بى خاتا.

ئاتا قىلسا بىزگە خۇدايىم نەسىپ،
كىرەم بەھرى مەۋج ئۇرسا ئېرماس ئەجەپ.

بابا دىدى: بارمۇ سىلىقىڭ بالام،
قىلىپسەن ئۇلۇغ كارغە ئىھتىمام.

كى مەھزۇن دىدى: تۇرپە ئۇستاد مەن،
شىكارى ۋە تۇججارى، سەييياد مەن.

چۇ مەھزۇنغە بەردى تورىنى بابا،
ئېنىڭ ھەققىدە بابا قىلدى دۇئا.

تەۋەككۇل قىلىپ باردى دەريا سارى،
بارىپ ئارقاسىدىن ئاتاسى قېرى.

سالىپ تورنى ھەققە قىلىپ ئىلتىجا،
تەزەررۇئ بىلە دىلدا ئەيلەپ دۇئا.

تۇشۇپ ئول زامان بىر بالىق سەيدگە،
كىرىپ تور ئارا تۇشتى ئول قەيدگە.

يەنە بىر بالىق چىقتى بولدى ئايان،
كېلىپ كىردى ئول تور ئارا ئول زامان.

چۇ ئەۋۋەلقى بالىق ئاتام ھەققىدۇر،
ئىكىنچىسى كەپىر ئانام ھەققىدۇر.



AltunOq

ئۆزۈم ھەققىغە ئەمدى تورنى سالاي،
نە بەرسە خۇدايىم ئانى مەن ئالاي.

تەۋەججۇھ بىلە سالدى تورنى يەنە،
سۈزۈپ بىر زامان مەيسەرە - مەيمەنە.

بىناگاھ تۇشۇپ تورغە بىر چوڭ سەمەك،
تۇتۇپ ئول زامان ئۈچ بالىق يەكبەيەك.

بالىقلارنى يارماق بىلە قىلدى ساپ،
پىچاق بىرلە بەدىنىنى قىلدى شىگاف.

ئۈچۈنچى بالىق بەدىنىدىن چىقتى دۇر،
ئەدەتتە مۇنىڭ جەمئى ئونيەتتەدۇر.

چۇ مەھزۇن كۆرۈپ قىلدى ھەمدۇ سانا،
خۇدا لۇتپىغە شۈكرى بى مۇنتەھا.

چىراكىم بۇ دۇرلەر ئۈزىنىڭ ئىدى،
تانۇپ ھەققە ھەمدۇ سانالەر دېدى.

بۇ دەرياغە تاشلاپ ئىدى ئول زامان،
يۇتۇپ بۇ بالىق قىلغان ئىردى نىھان.

بالىق قارنىدا بۇ ئامانەت ئىدى،
كى مەھزۇنغە ھەقدىن كارامەت ئىدى.

قۇلىغە تۇشۇپ ئۈشبۇ دۇردانەئى،
قۇيۇپ باشىنى قىلدى شۇكرانەئى.

چۇ ئاندىن يۇگۇردىكى بازارغە،
دۇچار ئولماغاي دۇرجى ئەغيارغە.

كېلىپ دەرمەھەل كىردى چارسۇ ئارا،
كۇزىگە كورۇندى مۇزەييەن سەرا.

تۇرۇپ ئاندا بىر خۇاجە جەۋھەرفۇرۇش،
نە جەۋھەر فۇرۇش بەلكى گوھەرفۇرۇش.

ئانىڭ ئالدىغە باردى قىلدى سالام،
ھەم ئول ئاقساقال سوردى ئاندىن كەلام:

ئېيتغىل نىدۇر ھاجىتىڭ ئى ئوغۇل،
نە ئىش بۇيرۇساڭ مەن قىلايىن قوبۇل.

دىدى: ئۈشبۇ گوھەرنى بەيئ ئەتكامەن،
ئەگەر ئالماساڭ سەن، يانىپ كەتكامەن.

بۇ گوھەرنى كوردى جەۋاھىرفۇرۇش،
تەئەججۇپ قىلىپ ئەيلەدى كوپ خۇرۇش.

دىدىكىم: باھاسى نىدۇر، ئاڭلايىن،
ئالۇر، ئالماسىمنى كۇرۇپ چاغلايىن.

چۇ مەھزۇن دىدى بەيئى ئون مىڭ دەرەم،
بۇ قىمەتدىن ئولماس باھا ئەسلە كەم.

كى ئونىڭغە ئالدىم، ـ دىدى ئاقساقال،
ھېلى مىڭنى ئال، قالغانىن ئەرتە ئال.

كى مەھزۇن ئالىپ مىڭ دەرەم دەرمەھەل،
°دەرەملەرنى ساندۇقغە قىلدى بەدەل.

بىرىپ مىڭ دەرەمنى ئالىپ دۆرجىنى،
كوتاردى ئۆچاغە تۆتۆپ بۆرجىنى.

شەھەردىن چىقىپ جايىغە يۆردى ئول،
قىلىپ ئېھتىياتى باقىپ ئوڭۇ ـ سول.

ئۆزۆلدى خەلايىق ئالالاسىدىن،
قۆتۆلدى جاھان ئەھلى غەۋغاسىدىن.

ئۆتەر يولدا بىر گۆنبەزى بار ئىدى،
فەنا ئەھلىغە گۆيىيا غار ئىدى.

كىلىپ دەر مەھەل كىردى گۆنبەزغە ئول،
قىلىپ ئىزتىرابى ماڭىب جىستى يول.

تاپىپ ئاندا ئىستەپ خالا بۆرجىنى،
چۇ ئول خالى يەردە قۆيۆپ دۆرجىنى.

كى ساندۇقنىڭ ئاغزىنى قىلدى كۇشادە،
كۆرۈپ گۈلنىسانى چىنان بولدى شاد.

چىقىپ دۈرجىدىن يار جانانەسى،
سەدەپ قارىنىدىن چىقتى دۈردانەسى.

قوشۇلۇپ ئىكوۋ يىغلادى زار - زار
مۇرادىن تاپىپ ئول كۆنى ئىككى يار.

چۇ مەھزۇن دىدى: ئى كوزۇم رۇشەنى،
كوڭۇل باغىدۇر مەقدىمىڭ گۈلشەنى.

ئاتام باردۇر مۇندا بىر ماھىگىر،
پىقىر كارىدىن بىخەبەردۇر بۇ پىر.

قوپۇڭ تىزراق ئاندا ئەزم ئەيلالى،
كى ئازادە جاي ئىچرە بەزم ئەيلالى.

بۇ يەردە كىشى كورسە بولغاي يامان،
يىتار باشىمىزغە ئۇلۇسدىن زىيان.

چۇ مەھزۇن تۇتۇپ گۈلنىسا ئىلكىنى،
بەجا كەلتۈرۈپ راھبەر سىلكىنى.

كېلىپ بابانىڭ جايىغە ئول زامان،
ئاتاسى كۆرۈپ بولدى چۇن شادىمان.

بۇلار چىقتىلەر دۇرج ئاندا قالىب،
چۇ تاشلاپ سەدەپنى، گوھەرنى ئالىب.

كى مەھزۇن دىدى: سۇز بۇدۇر ئى ئاتام،
ئىشىت ئۇلتۇرۇپ ئەمدى خەيرىلىكەلام.

ھەمە ماھىشەۋلۋاقىئە بۇ دۇرۇر،
مىنىڭ كەلمىشىگە سەبەب بۇ دۇرۇر.

بابا ئاڭلادى يىغلادى زار - زار،
بۇلارغا قىلىپ خانىشمانىن نىسار.

بابا گۇلنىساغە قىلىپ ئىھتىرام،
چۇ كەمپىر سويۇپ قويدى، قىلدى سالام.

چۇ مەھزۇن دىدى: ئى ئاتا تىز بول،
نەچە كارنى بۇيرۇسام قىل قۇبۇل.

پالانى جەۋاھىر فۇرۇشغە بارىپ،
ئېيتغىل ئاڭا ئالدىڭە قىچقىرىپ.

كى ئوغلۇم ساڭا ساتمىش ئېردى گوھەر،
كى قالغان تۇمەننى ماڭا تىز بەر.

توقۇز مىڭنى بەرسە خىراجات قىل،
كى شاھانە ئەسباب - ئالات قىل.



AltunOq

مۇھەييا قىلىپ بارچىنى بۇ زامان،
بولۇك مىھمانغە كېلىپ مىزبان.

بابا ئۇغرادى دەر مەھەل ئاشۇقۇپ،
يۈگۈردى شەھەرگە يىقىلىپ ـ قوپۇپ.

جەۋاھىرفۇرۇشغە كېلىپ دەرمەھەل،
دىدى ئوغلىنىڭ سۆزىنى بى خەلەل.

توقۇزىمىڭنى بەردى جەۋاھىرفۇرۇش،
قىلىبدۇر بابا خەرج قىلماقغە جۇش.

نى دەپ ئېردى مەھزۇن ئانى ئالەى پىر،
سەرەنجاملەرنى قىلىپ دەستىگىر.

كۈتارتىپ كىرا بەردى هامالغە،
خالايىق تەئەججۇپ قىلىپ زالغە.

كېلىپ ئويگە سالدى مۇزەييەن بىسات،
بۇزۇق كۈلبەسى بولدى جايى نىشات.

نەچە قىسمى نىئمەت: كابابۇ، شاراب،
قىلىپدۇر مۇھەييا مەيى لەئل ناب.

قېرىغاندا بولدى بابا چۈن غەنى،
فەراغەت تاپىپ بەلكى كەمپىر زەنى.

جاھاننىڭ غەمىدىن فەراغەت تاپسىپ،
بولۇپ مۇندا ئەيش ئىچرە راھەت تاپسىپ.

بولۇپ ۋەسل مەھزۇن بىلە گۈلنىسا،
ناۋا تاپتى مۇندا ئىكى بىنەۋا.

نەچە كۈن ئۆتۈپ ئەيشى - ئىشرەت بىلە،
نە كىچە، نە كۈندۈز مۇھەببەت بىلە.

چۇ بىر كۈن بولار ئەيلەدى مەسلەھەت،
دىيارىغە يانماق ئۈچۈن مەشۋەرەت.

دىدى: ئى ئاتا، راست قىل زادراھ،
كى بىچارە پەرزەندىگە بول تەباھ.

سەپەر جابدۇغىنى مۇھەييا قىلىڭ،
كى بىزگە زامانى مۇۋاسا قىلىڭ.

ئېلىپ بىرسەمەندى بىرىڭ سىم زەر،
چۇ ئاڭلاپ بۇ سوز ئاھ ئۇردى پەدەر،

دىدى: ئى بالام، مەن سوزۇڭگە قۇلاق
سالىپمەن، كېلور بوي دەردۇ - فىراق.

مېنىڭ بىرلە قىلماق نىدۇر خەيرباد،
فىراقىڭنى قىلدىڭ ئاتاڭغە زىياد.

نه بولغاي نەچە ۋەقت تۇرساڭ بالام،
ئېلىپدەك قەدىمنى غېمىڭ قىلدى لام.

بۇلار ئېيدى: رازى بولۇڭ ئى ئاتا،
سەبەپ سىز بولۇپ، بولدى مەقسەد ئادا.

جاھاندا مېنىڭ ئىستىگىم بۇ ئىدى،
خۇدادىن داۋام تىلەكىم بۇ ئىدى.

سەبەپ بىرلە يارىمغە بولدۇم ۋىسال،
خۇدا لۇتفى ئەتىپ مۇندا كوردۇم جامال.

بۇلۇب ئارزۇ بىزگە ئەمدى دىيار،
كى ئوز شەھرىمىز ئىچرە تاپساق قارار.

مۇنى دەپ تەۋەللا قىلىپ پىرغە،
تىلىنى ئاچىپ ئوزر تەقسىرغە.

سەپەر جابدۇغىنى قىلىپ ئول بابا،
مۇھەييا قىلىپ بارچىنى جابەجا.

بابا بىرلە قىلدى بۇلەر خەيرباد،
چۇ يىغلاپ قالىپ بۇ فېقىر نامۇراد.

يۈرۈپ يولغە كىردى بۇلار خوبلاشىپ،
قۇيۇندەك كېتىپ ئارغادالدان ئاشىپ.

قىلىپ تەي بايابان نى سۈرئەت بىلە،
يۈرۈپ كىچە ـ كۈندۈز مۇھەببەت بىلە.

ئۆتۈپ نەچە كۈن كەلدى ئەبھارغە،
نە ئەبھار دەريايى خۇنخۇارغە.

بۇ دەريادە كۆشتى مۇھەييا ئىمەس،
كىشى كىمەسىز كىرسە ئەھيا ئىمەس.

كى ئوتمەك ئىلاجىغە قىلدى خىيال،
ياسادى هامانا قۇمۇش بىرلە سال.

ھەمە لازىم ئامەدنى سالغە سالىب،
بۇ دەريا قاراغىدا ئاتلەر قالىب.

ئاقىب يۈردى دەرياغە بۇ ئىككى يار،
كى لاھەۋلىنى ئېيتىبان بى شۇمار.

ئايا ساقىيا جام ئەبھار تۇت،
كىرەم بەھرىدىن مەيىنى بىسيار تۇت.

ئىچىپ بەھر مەي ئىچرە غەۋۋاس بولاي،
تاپىپ دۇررۇ مەقسۇد ئاگا خاس بولاي.

ئەگەر بولسە ئومرۇم هاياتى مۇقىم،
بولۇرمەن بۇ سال ئۈستىدە مۇستەقىم.

مەھزۇن بىلە گۈلنىسا ئۇل ماھىگەرنىڭ سەۋەبى بىرلە تاپىشىپ ئۆز ۋىلايەتىگە ئەزم قىلغانىدە نەچچە كۈن مەنزىل-مەراھىل تەي قىلىپ دەرياغە يېتىپ كېلىپ ئۇلاغلەرىنى دەريا ياقاسىدە قويۇپ سال باغلاپ دەرياغە تۈشكاندە نەھەڭ ئۆرۈپ بۇلار غەرق بولغانى، گۈلنىسا تەختە پارەدە قالىپ، ئۇل تەختە پارەنى سۇ چايقاپ تاشلاغاندە، گۈلنىسا سالامەت چىقىپ دەريا قاراغىدا ئولتۇرغاندە پادىشاھ مىسرى شىكار ھالىتىدە كېلىپ كۆ-رۈپ گۈلنىسانى پەرزەند قاتارىغە ئالىپ، مىسرغە پا-
دىشاھ قىلغانى

ئەجەب ۋاقىئە مۇندا تاپىش زۇھۇر،
يېتەر ئانچە غەم يەتسە بىر كۈن سۇرۇر.

پەلەك رەشك ئەيلەب ئىكى يارغە،
يەنە تۈردى دەريادە ئازارغە.

چۇ دەريا تەھىدىن چىقىپ بىر نەھەڭ،
ئۆرۈپ سالغە قۇيرۇغىن بى دەرەڭ.

قىلىپ پارە-پارە بۇلەر سالىنى،
كى دەرياغە غەرق ئەيلەبان مالىنى.

فۇرۇد كەتتى، ئەشيا توشۇپ قەئرىگە،
بۇلار ئاقتى تەختە بىلە بەھرىگە.


AltunOq

بولۇپ گۈلنسادىنكى مەھزۇن جۇدا،
جۇدالىقنى سالدى بۇلارغە خۇدا.

ئاقىپ گۈل سۇدا كەچغىچە دەرد ئىلە،
مۇناجات ئېتىپ چىھرەئى زەرد ئىلە.

بىناگاھ سۇ چايقاپ چىقاردى گۈزار،
كى دەريا قىراغىدا ياتتى نىگار.

كېلىپ ھۇشغە ئۆزنى ئالدى كېيىن،
ئېزىز جانغە ئانچە بولدى قېيىن.

ئۆتۈپ بۇ كېچە بولدى خورشىد پاش،
ساما ئەۋجىگاھىدا تۇردى قۇياش.

كى بىر خەشمىدە ئولتۇرۇپ ئېردى ئول،
ئەۋھەھۇم بىلە باقىبان ئوڭ ۋە سول.

كى مەھزۇن فىراقىدا كوپ يىغلادى،
كى خورشىد تابىدىن ئىسسىغلادى.

تۇرۇپ ئېردى ھەيرەتدە ۋادى ئارا،
كىلۇر بىر تەرەپتىن ئەجەپ ماجەرا.

تۇرۇپ گۈلنسا ئانچە ۋەھشەت بىلە،
ئىشتتى ئالالاكى سۇرئەت بىلە.

سوزۇلدى جاھاندىن ئالامات گەرد،
قاچىپ يىتراشىپ يىلباسۇن ئەھل دەرد،

ئىنىڭ كەيىندىن بولدى پەيدا جۇنۇد،
ئىتىپ كورد كوۋزەننى ئەيلەپ نەبۇد.

چىقىپ كەلدى ئولدەمكى بىر تاجدار،
كى سىينى سالاپەتتە ئول شەھرديار.

تۇشۇپ شاھنىڭ كوزىگە گۇلنسا،
تۇرۇپ ياخشى سۇرەت بىرلە فەتا.

ئوزىنى ياساپ ئىردى دىۋانەۋار،
كىلىپ لۇتفى قىلدى ئاڭا تاجدار.

دىدى: ئى ئوغۇل سەن نىچۇك ئادىمى،
يىتىبدۇر باشىڭغە جاھاننىڭ غىمى.

نىچۇك ۋاقىئە مۇندا بولدۇڭ غىرىپ،
بۇ دەريا لىبىدە تۇرۇپ سارغارىپ.

دىدى گۇلنسا: ئى شەھى كامكار،
يىتىپ بۇ فەلەكدىن ئەلەم بى شۇمار.

ئاتام بار ئىدى باي سوۋداگىرى،
كى بىسيار ئىدى نەقد سيمۇ - زەرى.

ھەمە كارۋان باشى ئېردى ئاتام،
ئىدى زىر دەستى قەۋافىل تامام.

كىرىپمىز ھەمە كارۋان كىمەگە،
كى ساكىن بولۇپ كىمەدە خىمەگە.

كى بەرپا قىلىپ خىمەئى شامىيان،
قىلىپ باشقە ئول خىمەنى سايەبان.

بىناگاھ ئېسىپ ئاندا بادى خىلاف
ئۇزۇپ كېمە بەندىنى قىلدى شىگاف.

قىرۇ كەتتى دەرياغە مەللاھلەر،
كى لۇقمە قىلىپ ئانى تىمساخلەر.

بولۇپ غەرق ئولدىكى مالۇ - مىنال،
خالايىقنىڭ ئومرىگە يەتتى زاۋال.

قالىپمەنكى بىر تەختە پارە ئۈزە،
كى سۇ تاشلادى سەنگپارە ئۈزە.

تۇرۇپ ئېردىم ھەيرەت بىلە سارغارىپ،
كى سىزنى خۇدا بىزگە قىلدى نىسىپ.

ھەم ئول شاھىغە يوق ئىدى بىر بالا،
كوڭۇلدە بالا دەردىگە مۇپتىلا.

كى شۈكرى ئەيلىبان ھەققە ئۇل پادىشا،
قەرىغاندا قىلدىلىڭ ئاتائى ئاگاھ.

كوڭۈلدە كەچۈردى بالا ئەيلەيىن،
كى ئول ھەر نەدىسە ئاتا ئەيلەيىن.

دىدى: بىزگە بولغىل ئوغۇل ئى جۇۋان،
شەھەرگە مىنىڭ بىرلە بولغىل راۋان.

ئىشىت ئى بالام، مىسىرىغە شاھمەن،
ۋىلايەتنىڭ ئەھلىدىن ئاگاھمەن.

يىتىپ ئومر ئاخىرغە يوقتۇر خەلەپ،
قىلىپ ھەق ۋۇجۇدۇمنى دۇرسىز سەدەپ.

دىدى گۈلنىسا: مەندە يوق ئىختىيار،
ھەمە ئىشنى خوبراق بىلۇر شەھرىيار.

يىتىمگە ئاتا بولسا ئالى جىناپ،
كى پەردا قىيامەتتە بىھەد ساۋاب.

بولۇپ شات خۇررەم شەھى باكىرەم،
شەھەر جانىبىغە قويۇبدۇر قەدەم.

شەھەرگە ئالىپ كەلدى ئىززەت بىلە،
ئاڭا پەرۋىرىش قىلدى ھورمەت بىلە.

ئۆتۈپ نەچچە مۇددەت بولۇپ شادمان،
بولۇپ شاھ بىچارىگە مېھرىبان.

كى پەرمان قىلىپ بىر كۈنى پادىشاھ،
يىغىلسۇن ھەممە ئادىمى نىكى خۇاھ.

شەھەر خوبلارى بىرلە بار مەسلىھەت،
كېلىپ ئەيلاسۇن بىز بىلەن مەشۋەرەت.

ئۇشۇل ۋەقتى كەلدى ھەممە فوج ـ فوج،
كى ئوردايى ئالى ئارا تۇتتى ئۇج.

كى ئىجلاس ئېتىپ شاھى ئالى مۇقام،
رىئايە ئارا ئەيلەدى جىش، ئام.

دېدى: ئى خالايىق خىيالىم بۇدۇر،
كى سىزلەر بىلە قىلغۇ ـ قالىم بۇدۇر.

خۇدا بىزگە پەرزەنت قىلدى ئاتا،
يېتىپ پىرلىق بولدۇم ئەمدى فەنا.

كى تەخت ئۈزرە ئولتۇرسا ئۇشبۇ خەلەپ،
ئېنىڭ مەقدىمىدىن يېتەر كوپ شەرەپ.

رىئايە ھەممە كوردى مەئقۇل ئانى،
قىلىپ بارچە شەھلىقغە مەقبۇل ئانى.


AltunOq

بولۇپ ئۇلزامان تەخت ئۈزە تاجدار،
ھەزىن گۈلنساغە بولۇپ بەخت يار.

كى بولدى ھەمۇل شاھ ئىززەت نشىن،
ئاڭا تاپشۇرۇپ تاج تەخت نگىن.

ئۈتۈبان بىر ئاي شاھ بولدى ۋاپات،
تىرىكلىكنى تەرك ئەتتى بولدى مامات.

ئېنىڭ جىسمىنى دەفن گە تاپشۇرۇپ،
كى تەخت ئۈزرە ئول گۈلنسا ئولتۇرۇپ.

ئاتا ماتىمىدىن فىراغەت تاپىپ،
كى مەھزۇن ئۈچۈن مىڭ خىجالەت تاپىپ.

تۇرۇپ گۈلنسا ئەيلادى يارلىغ،
ئانى كەلتۇرۇڭ كىمكى ئازارلىغ.

كى دەرۋازىغە ھەر مۇساپىر كىلۇر،
ئانى مۇندا كەلتۇر نە سوزلەر قىلۇر.

ئېنىڭ ھوكمىچە كەلتۇرۇپ ھەر كۈنى،
قىلىپ ئىلتىپات ئانچە چىقماي ئۈنى.

ئايا ساقىيا راھ قىلغىل كەرەم،
كوڭۈل شاھىدىن ئىرىسۇن دەرد غەم.

ھەمە دەردىدىن بىزنى قىلسۇن نىجات،
ئاتا ئەيلىگەي يار ۋەسلىنى پات.

**بۇ ۋاقىئە ئانداغ دۇركىم، مەھزۇن بىچارە مەجنۇن ئاۋارە دەريادە تەختە پارە ئۈزرە قالىپ يەتتە كۈندىن كېيىن سۇ ئانى بىر قۇملۇققە چايقاپ تاشلاپ مۇشەققەتلەر بىلە تاھىر ئەرەبگە مالاقات ئولۇپ، ئىرادە ئەزەلى بىلە مەنسۇر جانىبىغە ئەزم ئەيلەپ گۈلنىسا بىلە تاپىشقانى**

چۇ مەھزۇن قالىپ بەھردە يەتتە كۈن،
ئاقىپ سۇدا تىنماي نە كۈندۈز نە تۈن.

بىناگاھ سۇ چايقاپ چىقاردى ئانى،
چىقىپ قۇم يۈزىگە چۇ نازۇك تېنى.

چىقىپ خوشكىغە مىڭ مۇشەققەت بىلە،
جەزىرە ئارا كەلدى مىھنەت بىلە.

لىباسىنى سالدى قۇرۇتماق ئۈچۈن،
غىزا ئىستابان قۇت قىلماق ئۈچۈن.

غىزاسى بولۇپ ئاندا بىخۇ - گىياھ،
كىرىپ يولغە ئولدەم چىكىب ئوتلۇغ ئاھ.

تەۋەككۈل قىلىپ كىردى ئول دەشت ئارا،
يولۇقماي ئاڭا ھېچكىم گەشت ئارا.

قەدەم قويدى بىر ـ بىر باسىپ نەچە كۈن،
كى ئاچلىق بىلەن قەددى بولمىش نىگۈن.

چېكىپ ئاھۇ ئەفغان قىلىپ نالەر،
كى ئول ۋادىدا چىقتى بۇتخانەلەر.

نەچە كۈن يۈرۈپ كەلدى بىر جايغە،
ھەم ئول جاي تەئىيىن ئىدى بايغە.

ئەرەبكە قەبىلە ئىدى ئول ۋىساق،
يېتىپ كەلدى مەھزۇن ساھىب فىراق.

كى بىر ھويلا دەرۋازىسىغە كېلىپ،
زامانىكى ئولتۇردى باشىن سالىپ.

چىقىپ كەلدى ئۆيىنىڭ ئىچىدىن كەنىز،
قابايىل ئىلىدەك لىباسى كىگىز.

دىدى: ئى مۇساپىر كۇجا ئامىدى،
ئازىپ يولنى مۇندا كېلىپمەن، دىدى.

كەرىسنە بولۇپمەن غىزا قىل ئاتا،
ماڭا نەچچە كۈندۇر يېمايمەن غىزا.

دىدى ئول كەنىز: بار مىنىڭ ھاجىتىم،
كى مەغلۇبمەن، ئول ئېرۇر غالىبىم.

كىرىپ ئۇل كەنىز بايغە قىلدى خەبەر،
مۇساپىرنىڭ ئالدىغە چىقتى بەدەر.

ئانى باشلادى ئۆيگە ئۇل ئاقساقال،
كىرىپ ئاندا بىچارە مەھزۇن مالال.

خۇاجە سوردىكىم: ئى مۇساپىر يىگىت،
ھەمە سەرگۈزەشتىڭنى بىزگە ئېيت.

كى قايسى چەمەننىڭ گۈلى بولدىڭىز،
قايۇ باغنىڭ بۇلبۇلى بولدىڭىز.

نە دەپ كەلدىڭىز، مۇندا نى ھادىسى،
بۇ يەڭلىغ يۇرۇشنىڭ نىدۇر بائىسى.

چۇ مەھزۇن دىدى: نەسلى تۇججارمەن،
تومەن زار بىلە ئەھلى بازارمەن.

ئاتام بار ئىدى ئۆزى ئانچە غېنى،
يۇرۇر ئېردى ئالىپ سەپەرگە مېنى.

قازارا كىرىپمىز سەفىنە ئارا،
كىرىپ مال ئانداغ خەزىنە ئارا.

چۇ دەريا ئىچىدىن چىقىپ بىر نەھەڭ،
كى ئەژدەر بىلە ئۇل قىلىپ ئېردى جەڭ.

ئۈزۈپ پارە ـ پارە قىلىپ كىمەنى
كى غەرق ئەيلادى قويماي ھېچنېمەنى.

فۇرۇ كەتتى دەريا تېگىگە ھەمە،
كىمەدىن نىشان قالمادى ھېچنېمە.

كى بىر تەخت ئۈزرە كېلىپمەن ئاقىپ،
خۇدا يول بېرىپ ئاخىرىدىن چىقىپ.

كىزىپ دەشتلەرنى كېلىپمەن ھارىپ،
بۇ سوزنى دىبان يىغلادى يالبارىپ.

دىدى: ئى خۇاجە، كەلدىڭىز مەرھەبا،
بۇيان كەلتۈرۈپسىز قەدەمنى سەفا.

بۇدۇر شاھنىڭ ئۇلكەسى ئى ئوغۇل،
ئاتا مەن بولاي مۇندا قاشىمدا بول.

ئېيتىمدۇر مېنىڭ خۇاجە تاھىر ئەرەب،
بىرىپدۇر خۇدا مۇنچە فەزلۇ ھەسەب.

كى باردۇر ماڭا ئانچە مالۇ ـ مىنەل،
چۇ يايلاق ماڭا، ئۇشبۇ دەشتۇ جەبەل.

بۇ سوزلەرنى ئېيتىپ مۇۋاسا قىلىپ،
ئالىپ كەلدى نىئمەت مۇھەييا قىلىپ.

AltunOq

تاناۋۇل قىلىپ تونۇمەنى ئۇل ھەزىن،
بولۇپ سىيىر دەپ ھەمد جان ئافەرىن.

تۇرۇپ نەچە كۈن ئۇل غېرىپ قاشىدە،
كېچە - كۈندۈز ئۇل زار كوز ياشىدە.

چۇ تۇغىيان قىلىپ گۈلنىسانىڭ ئۆتى،
جاھان بولدى گويا كۈزىگە قۇتى.

چۇ يىغلاب دىدى بىر كۈنى: مەن كىتەي،
ئىجازەت بېرىڭ مەقسىدىمگە يىتەي.

خۇاجە ھەم ئىجازەت بېرىپ زارغە،
قىلىپ خەيردىباد، كىردى رەفتارغە.

شەھەردىن - شەھەرگە بولۇپ بىنەۋا،
چىكىپ ھەر زامان يار ئۇچۇن ئاھ - ۋاھ.

نەچە كۈن، نەچە ئاي ئۇتۇپ سائەتى،
رىيازەت چېكىپ خەم بولۇپ قامەتى.

بىناگاھ يىتىپ مىسىرنىڭ شەھرىگە،
كېلىپ تۇردى ئاندىن لەبى نەھرىگە.

ئۇشۇل ۋەقت ئىدى ئىككى خادىم كېلىپ،
ئېنىڭ كەينىدىن كوپ مۇلازىم كېلىپ.

دېدى: ئى مۇساپىر يۇرۇك شەھرىگە،
ئەگەر بارمىساڭ ئۇچراغۇڭ قەھرىگە.

كى مەھزۇن دېدى: بۇ نە يەڭلىغ ئۇمۇر،
ئەلەمكەش باشىمدا تاپىبدۇر زۇھۇر.

كى فۇرقەت كۇنىنىڭ بالاسىن مۇدى،
چۇ ھىجران تۇنىنىڭ جاپاسىن مۇدى.

پەلەكتىن نەلەر كەلدى بۇ باشىمە،
داغى ئىشق ئارا ئۇشبۇ پاداشىمە.

نە كەلسە كۇرەي بۇ فەلەكدىن ماڭا،
كى رازى بولاي شەكۋە قىلماي ئاڭا.

شەھەرگە كېلىپ بۇ خالايىق بىلە،
كىرىپ ئورداغا بۇ رىزالىق بىلە.

خەبەر ئول زامان يەتكۇرۇپ شاھغە،
غىرىبىنى كەلتۇردى دەرگاھغە.

خىرامان چىقىپ تەختىغە پادىشاھ،
كورۇنۇش بىرىپ ئاختۇرۇپ بارگاھ.

مۇساپىرنى ئالدىغە ھازىر قىلىپ،
كى باقتى ئاڭا كوزنى نازىر قىلىپ.

بىرى بىرگە سالدى نەزەر ئىككى يار،
گۇمان قىلدى ھەر ئىككى ئەيلەپ نەزار.

غېرىپتىن سوراپ شاھ ئەھۋالىنى،
پەلەكتىن يېتىشكەن يامان ھالىنى.

ئېيتىڭ نىدۇرۇر ئى مۇساپىر جۇۋان،
دىيارىڭ قەيەردۇر ماڭا قىل بايان.

نىدىن مۇنچە مىھنەتكە بولدۇڭ قەرىب،
ماڭا نى بولۇبدۇر فەلەكدىن نېسىپ.

ئېيتغىل ماڭا سەرگۇزەشتىڭ تامام،
قۇيۇپسەن فەنا ۋادىسى ئىچرە كام.

چۇ مەھزۇن تەھەييات ئادا ئەيلادى،
ھەم ئول شاھغە جان فىدا ئەيلادى.

دىدى: ئى شەھەنشاھ، مەھزۇن مىنەم،
كى بىر يار يادىدا مەجنۇن مىنەم.

كى پەرزەندىمەن خۇاجە مەسئۇدنىڭ،
يېتىم بەندىسى شاھ مەئبۇدنىڭ.

كى مەھبۇب ئېردى ماڭا گۇلنىسا،
ھەمە خوبلاردىن ئىدى دىلرەبا.

پەلەكتىن يىتىپ ئىگكىمىزگە ئەلەم،
ئانىڭسىز ماڭا يۈزلانىپ دەرد غەم.

ھەمە ۋاقىئەلەرنى ئېيتتى بايان،
بۇ ئەسرارلار شاھغە بولدى ئايان.

كى ئول شاھ ساچراپ قوپۇپ تەختىدىن،
تۈشۈپ يەرگە ئول تەخت ئارا رەختىدىن.

كورۇشتى كېلىپ يار مەھزۇن بىلە،
ئېنىگدەككى لەيلى مەجنۇن بىلە.

تۈتۈپ ئىلكىدىن ئىچكەرى باشلادى،
كورۇپ يارنى تەختىنى تاشلادى.

تانۇپ بىر ـ بىرىنى چىنان يىغلابان،
نىھان ئىشلىرىنى قىلىشىپ ئايان.

كى ئەركان دولەتكە بەردى خەبەر،
چۇ مەزلۇم ئىدىم كى يىتىپ كەلدى ئەر.

ماڭا ئارىيەت ئېردى تەخت نىگىن،
كى بۇ تەخت ئۇزرە بولۇر مۇتمەئىن.

قويۇپ باشىغە تاج شاھانەئى،
كى تاجىغە دۇرج ئەتتى دۇردانەئى.

تەئەججۇپ قىلىپ خەلق بۇ كارنى،
سوكۇتلار بىرىپ قىلدى ئىقرارنى.

مۇسائىد زاماندا چىقىپ تەختىگە،
ئۇلاندى ئەجەپ تەخت ئىلە بەختىگە.

كىرىپ گۈلىنسا ھوجرەئى خۇاسىغە،
نىھان گوھىرىن بەردى غەۋۋاسىغە.

قىرىق كۈن قىلىپ توي شاھانەئى،
كى ئەقد ئەيلىبان ئالدى جانانەئى.

خالايىققە ئەيلاب داغى جىش ئام،
ئادالەت بىلە قىلدى ئۈزىگە رام.

كى ئىھسان بىلە بارچەنى قىلدى شاد،
تۈمەن ھەمد بىرلە قىلىپ ھەقنى ياد.

جاھاندا مۇرادىن تاپىپ ئىككى يار،
بۇلارغە بولۇپ لۇتپى پەرۋەردىگار.

ئادالەت بىلە سوردى ئۇل دادخۇاھ،
بولۇپ ئاقىبەت مىسىرغە پادىشاھ.

تامام ئولدى بۇ قىسسە شىرىن كەلام،
مۇھەببەت سوزى بىرلە بولدى تەمام.


AltunOq

ئەزىزا، جاھان كارىدۇر بى سەبات،
ئەدەمگە چىكەر بارچە ھەسبۇ ھەيات.

يەتۈرسە ئەگەر زەررەئى شادلىق،
تۈمەن غەم بىلە قىلغاي ئابادلىق.

كىشىكىم مۇھەببەتكە ۋابەستەدۇر،
كى جانۇ-دىلى ئانچىنان خەستەدۇر.

ھەقىقەت مۇھەببەتكە قويغىل قەدەم،
مەجاز ئەھلىنىڭ ئاھ-زارى ئەدەم.

مەجازىدا چۈن بولسا كىم پاكراق،
ھەقىقەت ھىسابىنى قىلغاي دەرەك.

ئاياقچى ماڭا جامى گۈلگۈن تۇت،
ئانىڭ لامىئىدىن كوڭۈلنى ئاۋۇت.

ئانى سىبقارىب بارچەدىن فەرد ئولاي،
ھەمە دەرد ئەھلىگە ھەمدەرد ئولاي.

تاپاي چۈن فەنا قاپىغە شاھى راھ،
سەئادەت ھەرەمنى ئەيلەي فەناھ.

## لۇغەت

### ئا

ئابى رەۋان — ئېقىن سۇ
ئاسۇدە — تېنچ
ئالغە — ئالدىغە
ئاراستە — بىزىمەك
ئاشام — يىيىش
ئاشۇب — غەۋغا
ئاشۇقۇش — ئالدىراش
ئاشفتە — پەرىشان
ئاھۇ — كىيىك

### ب

باد — شامال
بادبان — كېمە چېدىرى، يەلكەن
بادىيە — چول، سەھرا، باياۋان
بائىس — سەۋەپ
بەيئەت — باھالىشىش، كېلىشىش
بەيئى — سېتىۋېلىش، سودىلىشىش
بەدھال — ھالى خاراپ
بەھرى — چوڭ دەريا

بي گەران — ھىساپسىز
بي مۇنتەھا — چەكسىز
بى سەبات — ئەبەدى بولمىغان
بي خىرەد — ھۇشىنى يوقاتقان، ئېقىلسىز
بۇھتەر — ئەزىز، ئارتۇق
بۇقئە — دىيار، جاي، ئەل

## س

سائىقە — چېقىن چاقماق
ساكىن —جايلىشىپ تۇرغان، ئورۇنلىشىپ تۇرغان، ئورۇن ئالغان
ساھىب — ئىگە
سەد پارە — يۈز پارە
سەمئى — قۇلاق
سەنگپارە — تاش پارچىلىرى
سەربەسەر — باشتىن ـ ئاخىر
سەرەفراز — خوشال، خۇرسەن
سەرفىگەندە — ئۇياتلىق، بېشى ئىگىلگەن
سەرمەدى — ئەبەدى، مەڭگۈ
سەرۋقامەت — قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن يار
سەرزىنىش — كايىش، تەنبىھ بېرىش
سەفا — يورۇقلۇق، مەئىشەت
سەفىد — ئاق
سەفىنە — كېمە

سەۋار — ئاتلىنىش، ئاتقا مىنىش
سەلاھ — ياخشىلىق
سىنن — ياش
سىپارىش — تاپشۇرۇش، بېرىش.
سىپاھ — ئەمەلدار، ئەسكەر
سىگال — خۇسۇمەت
سىلك — يىپ، قاتار، تىزىم
سۇد — پايدا، بەھرە، نەپ
سۇخەن — سوز
سۇخەندان — سوز سەنئەتكارى، سوز ماھىرى
سۇگ — ماتەم
سۇگۋار — ماتەملىك
سۇرۇر — شاتلىق
سومۇۋ — يۇقۇرى، يۇكسەك
سىيم — كۇمۇش
سيمتەن — كۇمۇش بەدەن، كۇمۇش تەن.

## د

دادخۇاھ — ئادالەتپەرۋەر
داج — قاراڭغۇ
دايە — ئىنىك ئانا
دەستىگىر — قوللىغۇچى، يارد ەمچى، قولغا چۇشۇرمەك
دەر ـ بەدەر — ئويمۇ ـ ئوي يۇرۇش
دەرەم — پۇل

دەفىن — ئۆلۈكنى يەرلىكتە قويۇش
دەھر — دۇنيا، ئالەم
دىنە — دۇنيا، مال ـ مۈلۈك
دىلرەبا — كوڭۈلنى تارتقۇچى، يار
دۇن — پەس، رەزىل، ناكەس
دۇرر — ئۈنچە ـ مەرۋايىت، گوھەر
دۇررى مەكنۇن — ياخشى ساقلانغان دۇر
دۇرج — قىممەتباھالىق تاشلار سېلىنىدىغان ساندۇق.

## ف

فاسىد — بۇزۇق، يامان
فاخىرە — ھەشەمەتلىك، گۈزەل
فەنا — يوقىلىش، بارلىقىدىن كېچىش
فەراغەت — خالاس
فەرد — يەككە، يالغۇز
فەتا — ياش يىگىت
فەۋق — ئۈستى، توپە
فەرش — سېلىش
فەزا — كەڭلىك
فەزلەھەسەب — زىيادە، شوھرەت
فىگار — جاراھەت، يارا، زەخىم
فىرۇ — چۈشمەك، غەرق بولماق
فىرىفتە — مەپتۇن

فىراش — كورپە
فۇتۇر — زەئىپ

## گ

گەشت — كېزىش
گەرد — چاڭ ـ توزان
گىرد — ئەتراپ، قىرغاق
گۇداز — قۇيغۇچى، يازغۇچى
گۇزەر — ئۆتۈش، ئۆتىدىغان جاي

## خ

خالا — خالى ئورۇن، خالى جاي
خۋاستە — ئىستىمەك، تىلىمەك
خەستە — زەئىپ، مەيۇس
خەددام — خادىم، خىزمەتچى
خەدەڭ — ئوق
خەلەف — ئەۋلات، ئىزباسار
خەم — پۈكۈلگەن، ئېگىلگەن
خەشم — ئاچچىق، غەزەپ
خەيرباد — خەيرلىشىش، خوشلىشىش
خىلاف — تەتۈر
خىمە — چادىر، كېمىنىڭ چادىرى
خىرامان — نازلىق مېڭىش، نازاكەتلىك يۈرۈش

خىرەد — ئەقىل، ھوش
خۇنخۇار — قانخور
خورشىد — قۇياش
خۇرۇش — ۋاقىراش، پەريات ـ پىغان قىلىش
خۇشنەما — كوركەم، خۇش سۇرەت، گۈزەل
خۇشك — قۇرۇقلۇق

## ئى

ئىجلاس — مەجلىس، يىغىلىش
ئىنتىقال — يوقىلىش، يوتكىلىش
ئىزتىراب — تاقەتسىزلىك
ئىھتىمام — تىرىشىش، ئەھمىيەت بېرىش

## ج

جابەجا — ئوز جايىدا، رېتى بىلەن
جاۋىدان — مەڭگۇ، ئەبىدى
جەبەل — تاغ
جەرراھ — تاشقى كېسەللەر دوختۇرى
جەۋھەر فۇرۇش — قىممەتباھالىق تاشلار ۋە گوھەرلەرنى ئېر-
لىپ ساتقۇچى سودىگەر.
جەيش ـ ئام — قوشۇن ـ ئاممە
جۇۋان — يىگىت
جۇش — قوزغالماق، قاينىماق

## ك

كام — تىلەك، مەقسەت
كامكار — قۇدرەتلىك
كامدىل — دىل ئىستىگى، دىلنىڭ ئارزۇسى
كامياب — بەختىيار، ئوز مەقسىدىگە يېتىشكەن
كەلام — سوز
كەرسىنە — ئاچلىق
كەرەم — ياخشىلىق
كىيسە — يانچۇق، چونتەك
كۇشت — كېمە
كۇشتىبان — كېمىچى
كۇھەن — قەدىمقى، دۇنيا

## ل

لال — تىلى تۇتۇلۇش
لامىئ — يالتىراش
لۇتف — مەرھەمەت، ياخشى مۇئامىلە
لۇئلۇ — مەرۋايىت
لەھمە — گوش

## م

مالىش — سۇركەش، ئىشقىلاش
ماھ — نۇرلۇق چىراي، سويۇملۇك، ئاي

ماھىگەر — بىلىقچى
مەدارىس — ئوقۇش يۇرتلىرى
مەخفىل — جاي، مەنزىل
مەللاھ — كېمىچى، قېيىقچى
مەلۇل — غەمكىن، خاپا
مەتائ — مال، رەخ
مەرغۇپ — لايىق
مەۋزى — جاي، يەر
مەشۇەرەت — مەسلىھەت، كېڭەش
مەيسۇرە — يەڭگىللەشكەن، قولايلاشقان
مەيمۇنە — بەختىيار، مۇبارەك، قۇتلۇق
مەيى لەئل ناب — ساپ قىزىل مەي.
مەزاق — تاڭلاي
مەھ — ئاي، گۈزەل، يار
مەھبۇب — دوست، يار
مەھمىل — توگىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان، ئىچىگە
ئادەم ئولتۇرىدىغان كاجىۋا
مەھى تابان — يارقىن ئاي
مەھزۇن — غەملىك، قايغۇلۇق، ئەلەملىك
مەقدەم — قەدەم قويماق، قەدەم تەشرىپ قىلماق
مەئۋا — تۇرار جاي
مىسباھ — چىراق، مەشئەل
مىئمار — بىناكار، ئارخىتېكتور
مىزبان — مېھمان كۈتكۈچى، ئۆي ئىگىسى
مۇھلىك — ھالاكەت

مۇسائىد — قۇلاي
مۇستەقىم — تۈز ۈك، توغرا
مۇستەمىئ — ئاڭلىغۇچى، تىڭشىغۇچى
مۇجتەمىئ — توپ، (توپلانغانلار، جەم بولغانلار)
مۇتابەئەت — كەينىدىن ئەگىشىش
مۇتمەئىن — تىنچ ،مەخپى
مۇۋاسا — ياخشىلىق
مۇزەييەن — زىننەتلەنگەن، بېزىتىلگەن
مۇھەييا — تەييار
مۇھتەر — ھۆرمەتلىك
مۇژدە — خۇش خەۋەر

## ن

نادىم — ئەفسۇسلەنگۈچى
نار — ئوت
ناياب — تېپىلمايدىغان، قىممەتلىك
نازىر — نازارەت قىلغۇچى
نەخل — كۆچەت
نەۋخۇاستە — ياش يىگىت، يېڭى ئۈچلىغان
نەزار — قاراش، نەزەر تاشلاش
نىست ـ ھەست — بار ـ يوق.
نىگىن — ئۈزۈك، تامغا
نىگۇن — ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن
نىگاھ — قاراش



AltunOq

نىگارىش — زىننەتلەش، بېزەش
نىيىش — نەيزە
نىشات — شاتلىنىش، سۈيۈنۈش
نىيام — غىلاپ
نىهان — يوشۇرۇن، مەخپىي
نۇردىدەم — كوز نۇرۇم
نۇكتەدان — ئاقىل
نۇكتە سەنج — يازغۇچى، سوزلىگۈچى.
نۇش — ئىچمەك.

# پ

پاداش — جازا
پايە — باسقۇچ
پەدەر — ئاتا
پەدرۇد — خەيرلىشىش، خوشلىشىش
پەدىد — پەيدا بولغان
پەيكان — كىرپىك
پەيمانە — ئەھد، ۋەدە
پەژمۇردە — پەرىشان
پىچۇتاب — قىينىلىش
پىسەر — بالا
پىراستە — زىننەتلىمەك، بېزىمەك
پىشرەۋ — ئالدىدا ماڭغۇچى
پىش ـ كەش — سوغا، توھپە

## چ

چەرخ — پەلەك
چىھرەئى زەرد — سارغايغان چىراي، سۇلغۇن يۈز

## ر

راۋى — رىۋايەت قىلغۇچى، ھىكايە قىلغۇچى
راز قىلماق — سىر ئېيتماق
راھ — يول
رەسەن — ئاغامچا
رەنجۇر — مادارسىز، كۈچسىز
رەئنا — گۈزەل
رۇستەخىز — غەۋغا
رۇزى — كۈندىلىك نەسىۋە
رۇزگار — دەۋر، زامان

## ت

تابان — يورۇق، يالتىراق، پارلاق، يارقىن
تاجدار — پادىشاھ، تاج كىيگەن
تالىب — تەلەپكار
تەئەب — مۇشەققەت، قىيىنچىلىق
تەئەسسۇپ — ئېچىنىش
تەباھ — ۋەيران

تەبەر — پالتا
تەجەسسۇس — ئىزلەش، ئاختۇرۇش، تەكشۈرۈش
تەلاتۇم — دولقۇنلارنىڭ بىر بىرىگە ئۇرۇلۇشى
تەلە — لاي توزاق
تەلقىن — ئۈندەش
تەنەئئۇم — راھەت ـ پاراغەتتە ياشاش
تەۋەججۇھ — يۈزلەنمەك، بۇرالماق
تەۋەللا — ئۈمىت قىلىش، يالۋۇرۇش
تەۋەھھۇم — ۋەھىمىگە چۈشۈش، قورقۇش
تەزەررۇئ — يالۋۇرۇش، يىلىنىش
تەھ ـ بىتەھ — قاتمۇ ـ قات
تەھەررۇس — ساقلاش، ھىمايە قىلىش
تەھىيات — سالام، دۇئا
تىگىرۇ — ... غىچە.... گە، قەدەر
تىفىل — بالا
تىر — ئوق
تۇججار — سودىگەر
تۇغيان — ھەددىدىن ئېشىش، قوزغىلىش
تومە — تاماق.

## ئۇ

ئۇشاق — پارچە، كىچىك بالا

## ۋ

ۋابەستە —باغلانغان
ۋەسىل — ئېرىشىش، يېتىشىش

ۋەرزىش — ئادەت
ۋساق — ئوي، خانە

## ش

شاب — ياش يىگىت
شامىل — تېگىشلىك
شەجەر — دەرەخ
شەرارە — يالقۇن
شەرەر — ئۇچقۇن، يالقۇن
شەۋق — ئوتكۇر ئارزۇ، زور ھەۋەس
شەھرىيار — بۈيۈك پادىشاھ
شىفتە — ئاشىق، بېرىلىش، گىرىپتار
شىكاف — چاك، يېرىق
شۇئائ — شۇلا

## ي

يەكتا — تەڭداشسىز
يەمەن — شەھەر ئىسمى

## ز

زاد راھ — يولنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى
زال — قېرى

زەلىل — خار
زەن — خوتۇن، ئايال
زەر — ئالتۇن
زەرفاش — ئالتۇن چاچقۇچى
زەھرى ئاشام — زەھەر يېيىش
زىندەگى — تىرىكلىك
زىب — بېزەش
زورۇقچە — قولۋاق
زوھۇر — پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك

## غ

غەنى — باي
غەۋۋاس — سۇ ئاستىغا چۈشكۈچى، شۇڭغىغۇچى

## ھ

ھەدەپ — نىشان
ھەسىب ھال — ئۆز ئەھۋالىنى بىلدۈرۈش
ھەفت ئەندام — يەتتە ئەزا
ھەلەب — شەھەر ئىسمى
ھەممال — مال توشىغۇچى
ھەنگامە — پاراڭ
ھەرەم — يات كىشىلەر كىرگۈزۈلمەيدىغان مەخسۇس خانە، خوتۇن


AltunOq

هەرپ — سوز
هەزاران ـ هەزار — مىلق ـ مىڭلىغان
هەزىن — قايغۇلۇق، مۇڭلۇق
هەيف — ئىسىت، ئەفسۇس
هەمد — مەدھىيىلەش
هىجران — ئايرىلىش، جۇدالىق، يېتىشەلمەسلىك

## ق

قاف — پۈتۈن يەر ـ يۈزىنى ئوراپ ئالغان دەپ خىيال قىلىنغان ئەفسانىۋىي تاغنىڭ نامى.
قافىلە — كارۋان، يولۇچىلار تۈركۈمى
قەۋافىل — سەپەرگە چىققان يولۇچىلار تۈركۈمى
قەۋل — سوز، گەپ
قەۋل گۇفتار — گەپ ـ سوز
قەيد — بەنت
قۇفلى — قۇلۇپ
قۇت — يىمەك، بەخت
قۇۋۋا — قۇۋۋەت، كۈچ
قيلۇ ـ قال — گەپ ـ سوز

## ئە

ئەبهار —
ئەدەب — ياخشى تەربىيە

ئەدەد — سان، ھىساپ
ئەدەم — يوقلۇق
ئەدۇ — دۇشمەن، رەقىپ
ئەسەر — تەسىر
ئەسەب — ئات
ئەسباب ئالات — كىرەكلىك ئەسۋاپلار
ئەسمار — مىۋىلەر
ئەسرار — سىرلار
ئەفئال — ئىش - ھەرىكەت، پىئىل
ئەفكەندە — تاشلاندۇق، خار
ئەجناس — جىنس، تۈر
ئەلالا — شاۋقۇن - سۈرەن
ئەمۋال — مال - دۇنيا
ئەلقاب — ئۇنۋان
ئەزەلى — ئەزەلدىكى، قەدىمدىكى، ئەسلىدىكى
ئەغيار — يات، بىگانە
ئەھباب — دوستلار
ئەھسەن — ياخشىراق
ئەھيا — تىرىك، ۋۇجۇتقا چىقىش.



# چاشموزا يوسۇپخان

## (داستان)

## موللا بىلال بىننى موللا يوسۇپ

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئۆمەر ئوسمان**

يىلى ئىدى ئات، ئاي ئىدى سەپەر (1)،
”غوجام كەلدى!“ — دەپ، خەلققە بولدى خەۋەر.
كېلىپتۇ غوجام كەنت كەتمەن ئارا (2)،
”غوجام كەلدى!“ — دەپ خەلق قىلىپ ماجرا.
تامام خەلق كېلىشىپ، تاۋاپ ئەيلىشىپ،
بېرىپ نەزرى، بىسيارى (3) ساۋاپ ئەيلىشىپ.
سوراپ ئاندا خەلقلەر: ”غوجام ئېتى كىم،
كى ئەۋلادى كىم، ئېتى كىم، زاتى كىم؟“.

(1) سەپەر — ھىجرى تارىخ يىلىدا 2 - ئاي
(2) كەنت كەتمەن ئارا — كەتمەن كەنتىگە.
(3) بىسيار — تولا، بىر تالاي.

دېدى: "ئىسىم — دەسىمىم يۇسۇپخان غوجا،
ئاتىمىزنىڭ ئېتى ئۇمەرخان غوجا".
بۇ سوزنى ئىشىتىپ تامام ئەبىد (1)
بۇچاڭ موزىغا بولدى شۇدەم مۇرىت.
خالايىق كېلىشىپ، قىلدى گىرىيە (2) زار،
خۇسۇسەن روزى مەزىن بىقارار.
بۇچاڭ موزىغا تۇرپە (3) ئىخلاس ئېتىپ،
ئۇزىنى بۇلار شاگىرتى خاس ئېتىپ.
ئېلىپ يۇردى چاڭ موزىنى ئوي-مۇ-ئوي،
جاھانغا سېلىپ شۇرشى (4) هاي-هاي.
ئاچانوقۇ (5) خەلقى "غوجام كەلدى!" — دەپ،
كى شۇڭقار ئېلىگە دۇئا بەردى دەپ.
كى داردامتۇ، غالجات، دولەتۇ ئېلى،
خونۇخاي، ئىككى بۇغرا خەلقى خېلى،
خوتۇن-قىزلىرىنى بېرىشىپ نىياز (6)،
بۇ چاڭ موزا بىرلە دىيىشىپ راز (7).
قاسىم شېيىخ بىلەن دەرۋا قۇلى،
باقى شېيىخ، مەمەكلەر بولۇپتۇ قۇلى.
جاۋاخۇن — تۇڭگانلار خەلپىسى

---

(1) ئەبىد — بەندە.
(2) گىرىيە — يىغى-زارە.
(3) تۇرپە — ئاجايىپ.
(4) شۇرش — چۇقان سېلىش.
(5) ئاچانوقۇ — يېزىنىڭ ئېتى.
(6) نىياز — تەقدىم، ھەدىيە.
(7) راز — ئىچكى سىر.

كى چاڭ موزىغا قىلدى ئىخلاس بەسى(1).
كى تۇڭگان، چانتۇ ئىشتىپ تامام،
بۇ چاڭ موزىغا خىزمەت ئەتتى مۇدام(2).
كى دولەت نەزەر شىيىخى باقى، شىيىخى مەمەك،
غوجام دەپ بۇلار قىلدى ئوقەتنى تەرك(3).
سەتى ئابۇلخەزىز، ھەمىردىن يۈز بېگى،
مىرغالىم شۇخۇلبەك(4)، ئىمىن يۈز بېشى،
غوسمان غەزنىچى بىلەن يولداش مىراپ،
"غوجام كەلدى!" — دەپ، كوزىدىن توكتى ئاب.
ۋەلى(5) "غوجا" دەپ، قىلدىلەر ئىھتىيات،
كى ئىخلاس قىلىپ، ئەيلىدى ئىنقىيات(6).
قىلىپ ئىھتىيات شىيىخى دولەت نەزەر،
تامامى خالايىققا قىلدى خەۋەر.
ئېلىپ يۈردى چاڭ موزانى ئويمۇ-ئوي،
كى خەلق نەزرى ئەيلەپ توگە، ئات، قوي.
تولۇپ بۇ خەۋەر بۇ ئىلى شەھرىگە،
توشۇپ غۇلغۇلە، چوڭ بىر ۋەقىئە.
كىچىك-چوڭ خالايىق تامام ئاڭلىدى،
بېرىپ تاۋاپ، ئىلىنى دىۋانە چا لىدى.

---

(1) بەسى — تولا، كوپ.
(2) مۇدام — ھەمىشە، دائىم.
(3) تەرك قىلماق — تاشلىماق.
(4) شۇخۇلبەك — تۇرمەگۈزەتچىلىرىنىڭ باشلىغى.
(5) ۋەلى — ئەۋلىيا.
(6) ئىنقىيات — ئىتائەت.



AltunOq

بىلال بۇ زاماندا ئىدىلەر كىچىك،
كىچىكلىكتە ھەم ئەيلەر ئىدى پۈتۈك(1).

چاڭ موزىغا خالايىقلار ئىخلاس قىلىشىپ، ھەر تەرەپتىن نەزىر-نۇزۇز ئېلىپ كېلىپ، دۇئالار ئالغان. چاڭ موزا ئۆيىنىڭ ئىچىگە پەردە تارتىپ، يۈزىگە نىقاپ تارتىپ، خالايىقلارغا ئۆزىنى كورسەتمەي يوشۇرۇنغان ئىدى.

خالايىقلار "بۇ كىشى ئۇلۇق غوجا ئىكەن" — دەپ، ئىخلاسى زىيادە بولغان ئىدى.

## نەزىم

رىۋايەت قىلۇر راۋى (2) نوكتەدان(3)،
كى چاڭ موزىدىن مەن قىلاي سوز بايان.
دىدى بىر كۈنى ئۈشبۇ چاڭ موزىڭىز:
"ماڭا راسلاڭىز خالىراق ئۆينى تېز؛
بۇ ئۆيگە كىرىپ مەن ئىبادەت قىلاي،
مۇرىت بولسا ھەركىم ماڭا، قول ئالاي".
بۇ سوزنى ئىشىتىپ تامام خاسى-ئام (5).
تېپىپ خالى ئۆينى، قىلىپ ئېھتىمام (5).

(1) ئەيلەر ئىدى پۈتۈك — يېزىش بىلەن شۇغۇللىناتتى.
(2) راۋى — بايان قىلغۇچى.
(3) نوكتەدان — ئىنچىكە ئىشلارنى بىلگۈچى.
(4) خاسى-ئام — كوپچىلىك مەنىسىدە.
(5) ئېھتىمام — بىر ئىشقا ئەھمىيەت بەرمەك.

قىزىل پەردە، تارتىپ بۇ ئۆي ئىچىدە تېز،
يۈزىگە نىقاپ تارتىپ چاڭ مىوزىگىز،
بۇ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرەلمەي كىشى،
ياساۋۇلغا ئېيتتۇركى (1) بولسا ئىشى.
بۇ ھەيۋەتنى كوردى تامام ئارۇ-خاس،
ئەدەپ ساقلاپ، كىرمىدى جۇملە-ناز (2).
ئەگەر ئەرزىسى بولسا دېيەلمەي ئاگا،
كى بەلكى قىلالماي، كى چۇن-چىرا (3).
ئېنىڭ ھەيۋىتىدىن بۇ خەلق قورقۇشۇپ،
سىپايىگەرلىكى بەلكى ھەددىدىن ئېشىپ،
خالايىق بۇ ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ،
ھەر ئايىاق-ئايىاق زىيارەت قىلىپ،
خالايىق قىلىپ بىر بىرىگە خەۋەر،
بۇ چاڭ موزىغا بەردىم سىم (4) بىلەن زەر (5).
بۇ چاڭ موزىغا بارچە ئادەم كېلىپ،
بېرىپ نەزرى بىسيار، دۇئالەر ئېلىپ:
"غوجام ۋە غوجام!" — دەپ، تامام خاس-ئام،
كى ئاھۇ-پىغانلار قىلىشىپ تامام.
ھەممە مال ھەم مۇلكىنى قىلدى پىدا،

---

(1) ئېيتتۇركى — ئېيتىۋەردى.

(2) جۇملە...ناز — بىر ئېغىز سوز.

(3) چۇن-چىرا — نىمە ئۈچۈن، نىمىشقا.

(4) سىم — كۈمۈش.

(5) زەر — ئالتۇن.

دېيىشىپ، بۇلار بىزگە، دەپ رەھناما (1).
قىلىپ خىزمىتىنى ئارمان بىلەن،
قاي ئىشنى بۇيرۇر، — قىلۇر جان بىلەن.
بولۇپ خىزمىتىدە تامامى كىشى،
بۇنىڭ خىزمىتىنى قىلۇر ئولدى ئىشى.
بىلال سوزنى ئاز ـ ئاز قىلىلىڭ، مۇختەسەر (2)،
ئۇتكەن ھەر ئىشتىن بېرىلىك تېز خەۋەر.

ئەلقىسسە (3)، ئىلى شەھرىدە بىر شېيىخ... مۇھەممەت گا ـ داي دىگەننىڭ بىر ئوغلى قالغان ئىدى. ئېتىنى ئابدۇشېرىپ ئاخۇن دەيدىغان ئىدى. بۇ ھەر دائىم زىكىرلەرنى (4) ئۇگىنىپ ئىسىم ئاشارن (5) بوش ئوتكەزمەس ئىدى. گايىدا تاۋارلىق (6) ھەم قىلار ئىدى.

## نەزىم

بار ئىدى ئىلى ئىچىدە ئەھلى سەلەپ (7)،
ئۇلاردىن قېلىپ ئىدى نىكۇ خەلەپ (8).

---

(1) رەھناما — يول كورسەتكۇچى
(2) مۇختەسەر — قىسقىراق.
(3) ئەلقىسسە — مانا شۇنداق قىلىپ، مانا شۇ.
(4) زىكىر — خۇدا ھەققىدە ئېيتىلىدىغان ناخشا، بېيىت
(5) ئىسىم ئاشار — دۇئالار.
(6) تاۋارلىق — سودا ـ سېتىق.
(7) ئەھلى سەلەپ — ياخشى ئاتىنىڭ باللىرى.
(8) نىكۇ خەلەپ — ياخشى ئەۋلاتلار.

خەلەپ ئىسمى ئەردىكى ئابدۇشېرىپ،
غەيرەتمەن ئىدى ھەر باپتا، ئىدى زەرىپ(1).
مادام يار ئېتىپ زىكىر ئاللانى،
داۋامەت ئوقۇپ قۇلھۇۋاللانى(2).
دىلدا خۇدايادىنى زەم قىلىپ(3)،
خۇدا خەۋپىدىن كىرپىگىنى نەم قىلىپ،
يانا گاھ ـ گاھى (4) تىجارەت ئۇچۇن،
قىلار ئىدى سودا خىراجەت ئۇچۇن.
بار ئىدى خانۇقايدا ئاشنالىرى،
خۇسەيىن خوجا دەپ دىل ئاگاھلىرى(5).
بۇ ئابدۇشېرىپ ئاخۇنۇم بىر كۈنى،
خەرىد ئەيلىدى نەچچە مىڭ دارىنى.
ئېلىپ: ئوت، ئامبىرى يۇپار، زاپىران،
لېچىن دانە دارىسىنى، سەدەپ، مامىران(6)
كى ئۇستا ـ خۇدۇس(7) بەگمەن تۇدۇرى(8)

(1) زەرىپ — ھۇشيار، ئېقىللىق.
(2) قۇلھۇۋاللا — ئايەت، سۈرە.
(3) زەم قىلىپ — تۇتۇپ، ساقلاپ.
(4) گاھ ـ گاھى — ئاقچا، پۇل.
(5) دىل ئاگاھلىرى — ھۇشيار.
(6) مامىران — دورا ئىسمى.
(7) ئۇستا خۇرۇس — چوپ ئېتى، بۇ يامان يارىلارغا دورا بولىدۇ.
(8) تۇدۇرى — چوپنىڭ قىزىل يىلتىزىدىن ياسالغان ئىچ سۈر ـ گۈزىدىغان دورا.

بىلە دورى(1)، راۋىنەت(2)، نىلپەر(3)، كۈن دورى،
سورانجان، خۇللەنجان كىبابە(4) سەلىخ(5).
گۈلبەنەۋشە، سانا، بىرىيان، تەبىغ(6)
كىبىر(7)، كىرەپشى(8) ۋە سەندال(9)، سەپىت(10)،
كى ئاسفىر(11)، زاك(12)، چانتىيانا(13)، خەدىت(14)،
دۈرىيا، تاۋار، بىقاسا، شايىلەر،
خوتەن زىلچىسى، رەخت چىراقپايلەر.
قۇلۇپ، قوبۇرغا زەڭجىر شىكال؛

---

(1) بىلە دورى ــ ئوسۇملۇكنىڭ قارا رەڭلىك مېۋىسىدىن ياسالغان بەزگەك دورىسى.

(2) راۋىنەت ــ دورا ئېتى.

(3) نىلپەر ــ بەزگەك دورىسى.

(4) كىبابە ــ قارىمۇش.

(5) سەلىخ ــ خەنزۇچە "گويخى" دەپ ئاتىلىدىغان ياغاچ ئۇرۇقىنىڭ مېيى.

(6) تەبىغ ــ خەنزۇچە "لوگۇئا" دەپ ئاتىلىدىغان قوغۇن ئۇرۇغى (بەزگەك دورىسى).

(7) كىبىر ــ مەيدە ئاغرىغىنىڭ دورىسى.

(8) كىرەپشى ــ خەنزۇچە "چىڭسەي"، بۇنىڭ شىرنىسىنى ئىچسە تاماق ياخشى سىڭىدۇ.

(9) سەندال ــ دورا ئېتى.

(10) سەپىت ــ دورا ئېتى.

(11) ئاسفىر ــ قوساق ئاغرىغىنىڭ دورىسى.

(12) زاك ــ چاچ بويايدىغان بوياق.

(13) چانتىيانا ــ پالەچ ئاغرىغىنىڭ دورىسى.

(14) خەدىت ــ تومۇر.

AltunOq

کی یىگنه، تومۇنه، سىلاسل(1)، غىلال(2)،
بۇلارنى ئالىبان(3) كىمدىن ئوتۇپ،
بارۇدى ئىدى ئاتقا بۇلارنى يوتۇپ(4).
کی ھەمرا بولۇپ يولدا ئىككى كىشى،
کی چاك موزىغا بارماق ئىدى ئىشى.
بۇ چاك موزىنىڭ ۋەسىيىتىنى سوزلۇشۇپ،
ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغىل كوزلۇشۇپ.
شىرىپ ئاخۇن ئەيدى: ئى(5) ئىككى تەن،
کی تەئزىپ قىلۇرسەن قايۇ تەننى سەن؟
بولار ئەيدى: "كەلمىش قوقاندىن غوجام،
ئېتىنى ئايايدۇر يۇسۇپخان غوجام.
ئىشىتىپ كورەي دەپ بارىمىز، دىدى.
غوجامنىڭ دۇئاسىنى ئالىمىز، دىدى.
شىرىئاخۇن ئويناپ دىدى: ھەي، كىشى،
مېنىڭ بىرلە باردۇر غوجامنىڭ ئىشى.
بېرىپ مەن غوجامنى تۇتارمەن! — دىدى،
کی ئەژدىھار سۇپەتلىك يۇتارمەن! — دىدى.
ئويۇنغا سېلىپ قىلغان ئىدى بۇ سوز،
غوجامغا ئەيتتى بېرىپ ئىككى دويۇز.
كىرىپ ئىككىسى چاك موزىنىڭ قېشىغا،

---

(1) سىلاسل — زەنجىر.
(2) غىلال — ئىشكەل.
(3) ئالىبان — ئېلىپ.
(4) يوتۇپ — ئارتىپ، تېڭىپ.
(5) ئى ئىككى تەن — ھەي ئىككى ئادەم.

قولىنى قويۇپ يىغلىدى بېشىغا.
چاڭ موزا ئېيتۇر: "نە يەردىن شەھەر،
شەھەر سارىدە(1)، نە ئىكەنمىش خەۋەر؟
دىدى ئىككىسى: ھەي، غوجام ئاڭلاڭىز،
دۇچار بولدى بىزلەرگە باتىمىز(2).
كى بىزگە "غوجاڭنى تۇتارمەن" دىدى.
مۇنى دەپ كى چوقۇردا(3) قالدى شۇ ئەر؛
كى تېز كېلىپ سىزگە بەردۇق خەۋەر.
بۇ چاڭ موزا دىدى: ئۇنىڭ ئېتى كىم،
كىم ئەۋلادى كىم، ئېتى كىم، زاتى كىم؟
دىدىلەر ئىمىش، ئېتى ئابدۇشېرىپ،
ئۇزى باماھارەت (4)، نوجىۋان(5) ھەم زەرىپ.
شېرىپ ئېتىنى ئاڭلاپ، بۇ چاڭ موزا تېز
يۈرىگى ئېغىپ، بولماق بولدى گۇرۇز(6).
چاداكى(7) شېرىپباي دىگەندىن بۇ مەرەز،
ئېلىپ قاچقان ئىدى بۇ چاڭ موزا قەرز.
شېرىپبايدىن ئالمىش تۈمەن تەڭگە پۇل،

---

(1) سارىدە — تەرىپىدە.
(2) باتىمىز — ئىدرەكلىك، پەم ـ پاراسەتلىك.
(3) چوقۇر — ئىلى دەرياسىنىڭ سول قانىتىدىكى قېيىقچىلارنىڭ يېزىسى
(4) ماھارەت — ئۇستا
(5) نوجىۋان — ياش.
(6) گۇرۇز — قېچىش.
(7) چاداكى — چۈنكى، سەۋەبى

مېنى تۇتقىلى كەلدى دەپ خەۋەر ئېيتىپ،
دېدى ئاھ ئۇرۇپ: ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم،
ئېنى قەتىل(1) قىلغان كىشىدۇر جېنىم.
ئېنى ئولتۇرۇر بولسا، ئۇ بەشىمىز،
دۇگامدا بولغاي قېرىندىشىمىز!
بۇنى ئاڭلىدىلەر باقى شېيىخ مەمەك،
بۇنى دولەتنازار شېيىخى قىلۇرغا ھالاك.
بۇ ئۇچ تەن دېدى ئەھدىسىدۇر ماڭا،
قىلۇرمىز شېرىپباي بېشىنى جۇدا.
بۇنى چاڭ مىزا ئاڭلاپ، بولۇپ تۇرپە(2) شاد،
دېدى: تېز ھالاك ئەيلەگىز، كەلسە پات.
شېرىۋاخۇن ئانداق قازاغا بېرىپ،
قوناق بولغان ئىدى مازاغا بېرىپ.
بۇ دولەت نازار شېيىخى، باقى شېيىخى بېرىپ،
ئابدۇشېرىپ ئاخۇن قېشىغا كىرىپ.
مەمەك بىللە كىردىكى، بەردى سالام،
كى بىر - بىر كورۇشتى، قىلىپ ئېھتىرام.
دېدى: ئاخۇنۇم تاغدا ماللار تولا.
ئېلىپ بارسا سودىنى تاقىقا بولا؛
كى مالدۇر كىشى سودىنى كوپ ئالۇر،
كى بىر پۇلغا ئون پۇلچە نەپئى(3)بېرۇر.
تاۋار - زىلچىلەرنى ئېلىپ، قوي بېرۇر،

(1) قەتل قىلغان — ئولتۇرگەن.
(2) تۇرپە — ئاجايىپ.
(3) نەپئى — پايدا، ئوسۇم.

شېرىۋاخۇن ئەيدى: يولۇدۇر قايان؛
بولۇپتۇ كېچە، ئەتە بولسەن راۋان.
بۇلار ئەيدى: بۇگۇندە بارماق كېرەك،
بىرسىمىز بېرىپ، سودا قىلماق كېرەك.
بۇ ئاخۇننى زور بىلە ئاتلاندۇرۇپ،
دىگەردىن ناماز شامغىچە يول يۇرۇپ؛
باقى ئات چېپىپ، سەت-زەمىن بەلەنت(1)
كى بىر تاسما ئارقاننى قىلدى كەمەنت(2)
كەمەنتنى سېلىپ ئاخۇن هالقىمىغا(3)
يۇگۇرتۇپ كى سودۇرەپ كېرەدۇر-كېرە(4).
كى بىرمۇنچە يەرگە بۇ سودرەپ بېرىپ،
يوغان تاش بىلەن باشلىرىنى يېرىپ.
بۇ ئۇچ نەكەسلەر(5) شېهىت ئەيلىدى،
ئادان باغنى تېز غارەت ئەيلىدى(6).
كى يەنچىپ بولار تاش بىلەن بېشىنى،
تېنى ئۇستىگە دۇگلاپ تېشىنى،
كى تاغنىڭ كامارىغا مەدبۇن ئېيتىپ(8)
ئۇچى مالنى تەخسىم ئەيلەپ كېتىپ.

---

(1) سەت زەمىن بەلەنت — ئويمان-دوڭ بىلەن.
(2) كەمەنت — سىرتماق.
(3) هالقىمىغا — گەدىنىگە، بوينىغا.
(4) كېرەدۇر-كېرە — چىقىپ كېتىپ باردۇ.
(5) نەكەسلەر — ياۋۇزلار، جاللاتلار.
(6) غارەت ئەيلىدى — تالىدى.
(7) كامارغا مەدبۇن ئېتىپ — ئوڭكۇرگە موكۇپ.

كى ئالماي خالايىق بۇ ئىشتىن خەبەر.
تاپالماي مۇھىبلار(1) خەۋەردىن ئەسەر.
بۇ ئابدۇشىرىپ ئاخۇن ئولدى ھامان،
يوق بولغىنى خەلقلەرگە بولدى ئايان.
"قايان باردى بولغاي بۇ ئاخۇن؟" — دىدى.
ئېنىڭ ئولگىنىنى كىشى بىلمىدى.
ئايام، نازىم، سىز بېرىڭ خەۋەر،
نېچۈك ئىش بىلەن تاپتى مۇندىن ئەسەر.
بولۇپ گوھەر سوزىنى مەن تىزغۇچى،
تىلىمدۇر بەگۇنا، قەلەم سىزغۇچى.
بۇ سوز گوھىرىنى ئېلان ئەيلەيىن،
مۇھىبلەرگە بىر - بىر بايان ئەيلەيىن.
يۈرگەن ئىدى نەچچە بالا قوي بېقىپ.
ۋە بەزىلىرى ئات، كالا - ئۆي بېقىپ،
كى پەيدا بولۇپ قالدى بىر شىرمەت،
يېشىل ئەڭدە(2) بىرلە ئۇرۇپ ئاھۇ - سەرت(3).
كى بىر تۆپە تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ،
كى بىر مۇنچە تۆپراق قولىغا ئېلىپ،
دەر ئىدى بۇ ئادەم قىلىۋانۇ پۇغان:
ئالاي بىر قېنىڭ ھەزەر قەترە(4) قان!
كېلىپ ھەر كۈنى يىغلار ئىدى بۇ كىشى،

(1) مۇھىبلار — يېقىن ئادەملىرى، يولداشلىرى.

(2) ئەڭدە — كىيىمدە.

(3) ئۇرۇپ ئاھۇ - سەرت — ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ.

(4) ھەزەر قەترە — مىڭ ھەسسە كوپ.

باللار قىچىپ كەتتى، ئەيلەپكى تەرس(1)
قىچىپ كەتتىلەر ئۆيلىرىگە تامام.
ئاتىلىرى دىدۇ: نىمە بالام؟
دىدىلەر: كى ھەر كۈن كىلۇر بىر كىشى،
كى ئاتمىش ۋە يەتمىشكە يەتكەن يېشى.
كى تاغنىڭ تۇۋىندە قىلۇر گىرىيەزار(2)،
ئىشىتكەن كىشلەر بولۇر بىقارار.
يىشىلدۇ كى كىيگەن ئىنىڭ جەندەسى،
قۇلاغى، يىتىلدۇركى ئاممامىسى(3)
بۇلار ئاڭلاپ دىدى: بارەي خۇداي(4)
بۇدۇر روھ ياكى مۇھەممەت گاداي(5).
بۇ شىپىخنىڭ كى پەرزەندى ئۇلگەن ئىكەن،
ئىنىڭ قىنى مۇندا توكۇلگەن ئىكەن.
دىدى ئاتلىنىپ چىقتى نەچچە تەنەن(6).
باللار بىللە بولدى تاققا راۋان.
شو توپە تۇپراغىنى ئاچتى هامان.
كى ئابدۇشىرىپ ئاخۇن بولدى ئايان.
بۇ كەلگەن كىشلەر تونۇدى كورۇپ،
كى قانلىق ساقلىنى كوزىگە سۇرۇپ.

---

(1) ئەيلەپكى تەرس — قورقۇپ، چوچۇپ.
(2) گىرىيەزار — يىغى.
(5) ئاممامىسى — سەللىسى.
(4) بارەي خۇداي — خۇدا بار.
(5) مۇھەممەت گادايىنىڭ تازا روھىدىن.
(6) تەنەن — ئادەم.

مۇھسىلەر ھەممە ئاندا تۇتتى قازا.
تۇتۇپ ماتەمنى كىيدى بارچە قارا.
مۇھسىلەر بۇ ۋەقەنى يېزىپ تامام،
بۇ يېزىقتا موردىن بېسىپ تامام.
بېرىپ نامىنى قاسدىغا(1) ھامان.
باقى ھاكىم بەگ سارى قىلدى راۋان.
يۇرۇپ قاسدى، تېز ئوتۇپ پەخردىن(2)،
كېلىپ باقى بەگ ئوردىسىغا يېقىن،
ياساۋۇلغا بەردى تۇتۇپ نامەنى،
مۇھسىلەر يۇ بەرگەن بۇ ھەنگامىنى(3)،
ياساۋۇل ئېلىپ نامىنى ناگىھان(4)،
بەنەزدەك ھاكىم بەككە بولدى راۋان.
تۇتۇپ بەردى ھاكىم بەككە بۇ نامىنى،
ئوقۇپ كوردى بەگ ئوشبۇ ھەنگامىنى.
بۇ بەككە يېتىپ تۇرپە ھەنگا مەغەم(5).
بۇ بەگ شاتلىقى بولدى ئەمدى غازام(6).
بۇ بەگ ئاتلىنىپ باردى جاڭ-جۇڭغا تېز،
ھەممە ۋەقەنى بايان قىلدى نېز(7).

---

(1) قاسىدىغا — چاپارمەنگە.
(2) پەخردىن — دەريادىن.
(3) ھەنگامە — ۋەقە.
(4) ناگىھان — دەررۇ، شۇ سائەتتە.
(5) بۇ يېڭى كەلگەن خەت — خەۋەر بەگنى بەك تەشۋىشلەندۇردى.
(6) بەگنىڭ شاتلىقى ئەمدى قايغۇغا ئورۇلدى.
(7) نېز — ھەم.

ئىشتىپ كى جاڭ ـ جوڭ بولدى دەر غەزەپ،
هوكۇم قىلدى چوڭلار ژىغىلسۇنكى دەپ.
خەنزۇ ـ ئامبال، دارىن، غالايدالىرى(1)،
كېلىشان كورۇندى كېرىپ هەر بىرى.
بۇ چاڭ موزا كارىن بايان ئەيلىدى،
خۇنۇخاي شەهەرىگە راۋان ئەيلىدى.
تۇتۇپ ئۇشبۇ چاڭ موزىنى دەر مەهەل،
ئاياقىغا كىشەن سالدى، قولىغا غەلال(2).
كى دولەتنازار، شېيىخ مەمەك، باقى،
بۇلارنى تۇتۇپ باغلىدىلەر تېخى.
قاسىم شېيىخ، دەرۋاقۇل شېيىخنى هەم،
تۇتۇپ قەددىنى غۇل(3) بىلەن قىلدى خەم(4).
سەكسەن يۈز بېشىنى تۇتۇپ باغلىدى،
بۇلارنى قىيىن قىلغىلى چاغلىدى.
غوسمان غەزىنچى بەككە يەتتى خەۋەر،
هەر ئاسان بولۇپ ئىچتى دەرهال زەهەر.
جۇۋاخىزنۇمىبۇ ئاڭلاپ زەهەر ئىچتى تېز،
خالايىق كى قورقۇپ، قىلىشتى گۇرۇز.
كى جاڭ ـ جوڭ بۇ چاڭ موزىنى كەلتۈرۈپ،
ئېنىڭ قول ئايىغىنى باغلاپ تېڭىپ.
ئىككى ئىلىكتىن بەنت باغلاپ ئېسىپ،

(1) غالايدا ـــ چىنوۋنىك
(2) غەلال ـــ قولىغا سالىدىغان كىشەن قۇلۇپ.
(3) غول ـــ ئىشكەل
(4) قىلدى خەم ـــ جازالىدى، دۇمبالىدى.

تىلىنى تۇۋدىن يىچاقتا كېسىپ،
پېشانىسىدىن تېرىسىنى سويۇپ،
كى خەنجەردە ئىككى كوزىنى ئويۇپ،
ئىككى ئىلكىنى جەينەكتىن كېسىپ،
كى چاڭگاك بىلەن ئەمچىگىدىن ئېسىپ.
كېسىپ ئاندا ئىككى ئايىغىنى ھەم،
ژۇرۇگىگە تىغ ئۇردى، بولدى غەدەم.(1)
كى دولەتنازار، شېيىخى باقى، شېيىخى مەمەك،
باشلىرىنى كېسىپ قىلىندىلەر ھالاك.
قاسىم شېيىخ، دەرۋاقۇل شېيىخنى تېز،
كى بېجىن شەھرىگە يۇبەردى تېز.
سەكسەن يۇز بېشىغا ئۇرۇۋان چىۋىق(2)،
بارىنىڭ بوينىغا سالدى قۇۋۇق(3).
ئابدۇ شېرىپ ئاخۇنىنىڭ تېنىنى ئېلىپ،
...................................
كوتۇرۇپ شەھەرنىڭ غەرپ سادىدا(4)
كى مەدبۇن ئېيتبان ئاتا يېنىدا(5)
بۇ غوغا ھەم ئاخىرى بولدى پەست(6)
...................................

(1) بولدى غەدەم — ئولدى، ئولۇپ قالدى، جان چىقتى.
(2) ئۇرۇۋان چىۋىق — چىۋىق بىلەن ئۇرۇپ.
(3) قۇۋۇق — ئەيىپكارلارنىڭ بوينىغا سالىدىغان تاختا.
(4) سادىدا — يېقىنغا، تەرىپىگە.
(5) قويۇلدى ئاتىسى يېنىغا.
(6) بو غوغىمۇ ئاخىرى پەسلىدى، تىنچ بولدى.

# «كۇللىيات(1) مەسنەۋى(2) خاراباتى» دىن تاللانمىلار

## — خاراباتىنىڭ مەسنەۋى دىداكتىك(3) شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئېزىز ساۋۇت**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ـ خاراباتى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، (تەخمىنەن 1638 ـ 1730 ـ يىللار) ئاقسۇ ناھىيىسىنىڭ چوغتال كەنتىدە تۇغۇلۇپ ياشىغان بىر ئۇيغۇر شائىرى. «خاراباتى» ئۇنىڭ تەخەللۇسى، بۇ سوز دەئۋايى ئىشىق بىلەن خاراپ بولغان دىگەن مەنانى بىرىدۇ.

چوغتال كەنتى (هازىرقى ئىگەچى گۈكشي 17 ـ دادۇي) دىكى «هاجى خاراباتى» خانىقارى ۋە مەقبەرىسىنى ساقلاپ ياتقان 96 ياشلىق مەتمىن شىيىخنىڭ ئېيتىشلىرى ھەمدە ئۇنىڭدا ساقلانغان باش ئايىغى يوقالغان «هاجى خاراباتى» تەزكىرىسىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خاراباتىنىڭ ئوز دەۋرىدە يېتىشكەن ئالىم ۋە شائىر سۇپىتىدە خېلى كوپ كىتاپلارنىڭ



AltunOq

ئاپتورى بولغانلىقى مەلۇم. بولۇپمۇ تەزكىرىدە شائىرنىڭ ئاقسۇ چوغتاللىق بولۇپ، بۇخارادا بىلىم ئالغانلىقى، 92 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى ئېنىق يېزىلغان.

مۇھەممەت بىننى ئابدۇللا ـ خاراباتى، ئۇز دەۋرىدە ئۇز يۇرتىدىن چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدىنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا بېرىپ بىلىم ئالغان، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇز مەھەللىسىدە دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، ئۇنىڭ بىلىم ۋە نەزەر دائىرىسى تەدرىجى ھالدا كېڭىيىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام قانۇنلىرىغا دائىر يىرىك مۇنازىرىلىرىگە قاتناشقان، ھەمدە مۇشۇ جەھەتتىكى مۇھاكىمە ۋە كوز قاراشلىرىنى شەرھىلەيدىغان بىرقانچە ئەسەرلەرنى ئىجات قىلغان.

تەزكىرە ۋە ئەسلىمىلەردە يەنە خاراباتىنىڭ ھاياتىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا، شۇ دەۋردىكى دىنىي مەزھەپ ۋە گورۇھلارنىڭ پىكىر ـ مەسىلەكلىرىدە يۈزبەرگەن نىزاھلىرىدا، ئوزىگە خاس كوز قاراش ۋە يول تۇتۇپ، باشقا مەزھەپ ۋە گورۇھلاردىن ئايرىلىپ چىققانلىقى، ئاخىرىدا ئۇ مەزھەپ ـ گورۇھلارنىڭ چىرىك، جاھىل، نادان، چۈشكۈنلەشكەن ئىدىيىۋى پىكىر ئېقىمىنىڭ ئىسكەنجىسىگە تاقابىل تۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ، ئوز بىساتىدىكى بارلىق پۇل ـ ماللىرىنى كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ ئوزىنىڭ تەركى دۇنيا بولۇپ ئىبادەتكە بېرىلگەنلىكى سوزلىنىدۇ.

شائىرنىڭ كوپلىگەن ئەسەرلىرى ئىچىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسىرى — «كولليات مەسنۋى خاراباتى» بولۇپ، [بۇ ئەسەر ئوز ۋاقتىدىكى قول يازما ھالىتىدىن پەقەت 1327 ـ ھىجرىيىدە (1907 ـ يىللار) مولla مىر مەخدۇم بىن شاھ

يۇنۇس ئوغلى دېگەن كىشىنىڭ خىراجىتى بىلەن تاشكەنت
ئارىپ جانوف مەتبەسىدە بېسىپ چىقىرىلغان. ھازىر بىز نەشرگە
تەييارلاشتا ئاساسلانغان باسما نۇسخىسى ئاقسۇ بازار ئىچى
كوممۇنا سەيچىلىك ئەترەتتىكى سەمەت قارىمنىڭ قولىدا ۋە
شىنجاڭ داشۆينىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا] 1300 مىسرادىن
ئارتۇق شېئىردىن تۈزۈلگەن. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىر-
يىتىنىڭ مەسنەۋى تۈرىدە يېزىلغان ھەرخىل تېمىلاردىكى چوڭ-
كىچىك 112 پارچىدىن ئارتۇق شېئىردىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا
دىنىي ئېتىقادچىلىقتىن باشقا، كوپىنچە جەمىيەتكە باپ كىشىلىك
ئەخلاقى، ئىنسانپەرۋەرلىك، ياخشى پەزىلەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مېھنەت-
كار-سەنئەتكارلىق، ئىلىم-مەرىپەت، ئالىملار، ئەدىلى-ئادالەت، ھاكى-
مىيەت ئىدارە ئىشلىرىدا شاھ ۋە ھوكۇمەت مەمۇرلىرىنىڭ ئەمەل
قىلىشقا تېگىشلىك مىزانلىرى، كەمتەرلىككە ئوخشاش تېمىلاردا
جۈملىدىن، ئوغۇرلۇق، ھورۇنلۇق، پارىخورلۇق، مەمەدانە-پوچىلىق،
ئاچكوزلۇك، زالىملىق، دۇنياپەرەستلىك، يېتىمخورلۇق......ۋە باش-
قىلارغا ئوخشاش كىشىلىك ئەخلاقىغا نامۇناسىپ، جەمىيەت ئۈچۈن
يامان دەپ قارالغان سەلبى ھادىسىلەرنى ئەيىپلەش تېمىلىرىدا
يېزىلغان.

ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدىكى، نى ھىساپ ئەيلىدىم تارىخقە،
مىلىڭ ۋە يۈز يانە قىرىق ئالتىغە، دېگەن مىسرالاردىن بىز بۇ
ئەسەرنىڭ 1146-ھىجرىيىدە (1726-مىلادىيە) دە پۈتكەنلى-
گىنى بىلەلەيمىز.

«كولليات مەسنەۋى خاراباتى» 17-18-ئەسىرلەردىكى
ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنەۋى ئۇسلۇبىدىكى نادىر نەمۇنىسى
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ خاراباتى ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزىگە

خاس ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىي تۈس ئالغانلىغىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شېئىرلار ساددە، ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. بۇ كىتاپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 17 - 18 - ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائى ئەھۋالى، ئەدەبىياتى، پەلسەپە ئىدىيىلىرى ۋە باشقا ئەھۋالاتلارنى تەدقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە. بىز بۇ قېتىم شائىرنىڭ بىر قىسىم مەسنەۋىلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق.

## دەربايان سالىھ(4) ۋە مۇناپىق

### (سالىھ ۋە مۇناپىقلار ھەققىدە بايان)

نەچچە ئىشلەر باركى رەھمانى(5) ئىرور،
نەچچە ئىشلەر باركى شەيتانى ئىرور.
ئابىدى(6) بولغىلكى پاسىق بولمىغىل،
سالىھى بولغىل مۇناپىق بولمىغىل.
نەچچە ئىشلاردۇر بىل مۇناپىقلار ئىشى،
قەست ئىلە گەر ئېيتى قىلسا ھەركىشى.
ۋەدىسىغە ئەۋۋىلا قىلغاي خىلاپ،
ئاغرىتىپ كوڭۇلنى ئول قىلغاي خاراپ.
ۋەدىسىگە قىلمىغاي ھەرگىز ۋاپا،
كوڭلىدە يوقتۇر ئۇنىڭ سىدىق(7) ۋە ساپا(8).
كىم مۇناپىق بولسا ئول مورداردۇر(9)،
بىل مۇناپىقتىن خۇدا بىزاردۇر.
يوتقىلى پەريات ئىتەر روھى زېمىن
بولغۇسى مەھشەر(10) كۈنى شەمرى لەئىن(11)

كىم مۇناپىق بىرلە گەر ھەمراھىدۇر،
ئاقلاغىل ھەر ئىككىسى گومراھىدۇر(12)
گەر مۇناپىق بولسا ھالىدۇر چىنىن(13)
بولمىغاي ھەرگىز جەھەننەمدىن ئىمىن(14).
غاپىلا ئۆمۈر ئۆتتى دائىم بى خەبەر،
قىلغايسەن ھەرئان مۇناپىقتىن ھەزەر.
مەن نىچوك ئەيلەي كوڭۈلنى شادلەر،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلەر.

# دەربايان پەزىلەت ئولىما

## (ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بايان)

ئەي قاياشىم ئىستە ئالىم سوھبەتىن،
جان ۋە كوڭلۈڭ بىرلە قىلغىل خىزمەتىن.
كىمكى كورسە ئەھلى ئالىمنى ھەقىر(15)،
ئول كىشىنىڭ بىگومان ئۆمرى كەمىر(16).
ھەر كىشىكىم ئالىمغا كولپەت قىلماغاي،
كىمكى قىلسا تەڭرى رەھمەت قىلماغاي.
گەر كىشى ئالىم كىشىنى شاد ئىتەر،
بىر ئۆمۈر ئۆز قەلبىنى ئازات ئېتەر.
پەندى ئالىم كورغا گوياكى ھاسا،
روھىغا ھەم بولغۇسىدۇر كوپ غىزا.
ھىچ لەززەت ئىلىمدىن خوشتىر(17) ئەمەس.
ئىلىمسىزلەر خەلق ئارا بەھتىر(18) ئەمەس.

ئىلىمسىزلەر خەلق ئارا ئادەم ئەمەس،
ئىلىمسىز ئىككى جاھان مەھرىم(19) ئەمەس.

ئىلىمدىن، ئەئمالدىن(20) بولغاي تېقىن(21)
ئىلىمسىز، ئەئمالسىز بولغاي لەئىن.

ھەر دىيارنىڭ چىراغىدۇر ئالىمى،
ھەر قارا تۈننىڭكى ماھى(22) ئالىمى.

ئىلىم بىرلە سەيىر ئېتەر ئەرشىن(23)ۋە ئىبلى(24)،
ھەم فەلەك(25) ھەم يەرو ـ تەھتە سارى(26).

ئىلىم بىر ئاتدۇركى خوش رەفتارلىق(27)،
كىمكى مەرگەپ(28) بولسا كورمەس خارلىق.

ئىلىمسىز ھەسرەتتەدۇر پىرو ـ جۇۋان،
ئىلىم ئىستەپ كۈنۈ ـ تۈن يۈرگىل راۋان.

ھەر دىيارنىڭكى باغى ئالىمى،
ھەر دىيارنىڭكى شاھى ئالىمى.

ئىككى قىسمى ئادەمى ھورمەتتەدۇر،
مۈندىن ئۆزگە پارچىسى ھەسرەتتەدۇر.

ئىستىسە ئىلمى ۋەھىم(29) قىلسا ئەمەل،
كوڭلىگە ئىككى جاھان قىلماس خەلەل(30).

ھەر كىشىنىڭ ئىلمى يوق نادانىدۇر،
قىلغان پىشەلى ئۈنىڭ ھايۋانىدۇر.

ئىلىمغە قىل ئەي قاياش ئۆمرۈڭنى سەرپ،
بەھرە ئالغىل ئىلىمدىن بىرنەچچە ھەرپ.

غاپىلا(31) ئۆمىر ئۆتتى دائىم بىخەبەر،
ئىلىمسىز ـ ئەئمالسىز تاپقاي زەرەر.


Altunoq

ئەلمىسىز ئۇتكۈزمە ئۇمرۇڭ ئەي خاسۇ - ئام(32)
ئىرتەنىد (33) قىلغىل تۈن - كۈن بىر داۋام.
مەن نىچوك ئەيلەي كوڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## بۇ پەسىلدە كوپ سوزلىمەكنىڭ قەبىھلىگىنى ئېيتۇر

ئەلھەزەر(34)، يا ئەلھەزەر، يا ئەلھەزەر،
ھەركىشى كوپ سوزلىسە قىلغىل گەزەر(35)
بىنەزەردۇر ھەركىشى كوپ سوزلىسە،
مەنىسى يوق سوزنى ھەركىم كوپ دىسە.
ھەركىشىلەرنى ئول ۋەسۋاس(36) ئىتەر،
ئول كىشىنى ئوزىدەك خەنناك(37) ئىتەر.
قايسى ئەلدە گەپ تولادۇر بەرىكە ئاز،
قايسى ئەلدە ئىش تولادۇر بەرىكە ساز.
ئەي قاياشىم سال قۇلاق بۇ پەندىغە،
گەپنى ئاز قىل ئېرىشات(38) ئېرىسەڭ قەندىغە.
مېھنەتىڭنى جىلۋە قىل خامۇش ئولۇپ،
سەنئەتىڭنى گەرېھان(39) دىلجوش(40) ئولۇپ.
سەنئەتىگە قۇل بولغان خامۇش ئۇلۇر،
زېھنى گەر ئەيلەپ ئول دىلجوش ئۇلۇر.
ئەي بىرادەر ئوتتى ئۇمرۇڭ بىخەبەر،
ھەركىشى كوپ سوزلىسە تاپقاي زەرەر.

مەن نىچوك ئەيلەي كوكۇلنى شادلار،
قايىسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## بۇ پەسىلدە پادىشاھى ئـادىل ۋە پادىشاھى زالىملەرنى ئېيتور

ئەي مەلەك سورغىل رەئىيەت(41) ھالىنى،
ئىنىسى، ئىلپەت (42) بىرلە پەرھەم(43) دادىنى.
ئول رەئىيەت ھالىدىن ئاگاھ بول!
ئەدلى(44) قىل ئىككى جاھاندا شاھى بول!
زۇلۇمنى كوپ قىلسا دولەتتىن بوشار،
بى مېھنەت كوپ كولسە غىررەت (45) دىن بوشار.
ئەي مەلەك ئەندىشە قىل پالادپەست(46)
يەتمىگەي مولكۇڭغە ھەر ياندىن شىكەست.
شاھى ئادىل شەھرىغە نىغمەت ياغۇر،
شاھى زالىم شەھرىغە لەنەت ياغۇر.
شاھى ئادىل شەرئى(47) نى پەيدا قىلۇر،
شاھى جاھىل فىسقىمنى(48) پەيدا قىلۇر.
ئەي مەلىك شەرئىدە بول سابىت(49) قەدەم،
يەتمىگەي ئىككى جاھاندا ھىچ غەم.
يوق شاھىغا ئەدلىدىن ياخشى ئەمەل،
شاھىغا ھەم لازىمدۇر چەندان ئەمەل.
مەن نىچوك ئەيلەي كوكۇلنى شادلار،
قايىسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

# ھىكايەت

بىر كۈنى ئۈچ دۇنيا تەلەپ بولدى راۋان،
بىر خىشت (50) ئالتۇن تاپتى ئاخىر شادمان.
تەشنە ۋە ئاچ ئەردى مۇددەتتىن بېرى،
مەسلىھەت قىلىدىلەر ئول يەردە ھەر بىرى.
بىرى كىچىك ئەردى ئارادا ياشىغا،
بۇيرۇدى ئۈنى شەھەرغە ئاشىغا.
بەردىلەر ئۈنىڭ قولىغا ئۈچ دەرەم(51)
"ئاشۇ ـ نان يەتكۈر بۇ سائەت دەم ـ بەدەم".
يۈلنى ئالدى شەھەرغە بولدى راۋان،
گويا يول ماڭدى ئۇ ئېشىپ داۋان.
ئىككىسى بۇ يەردە قىلدى ئىتتىپاق،
ئاشقا بارغان كەلسە ئۇرغايمىز پىچاق.
ئول بىراۋ يولىدا ئويلاپ مەسلىھەت،
بىر خىش ئالتۇن يالغۇز ئالساك مەنپەئەت.
ئاش ۋە نان گوشىنى سالدى بىر ساغۇ(52)،
سالدىلەر ھەم ئول ئاش ـ نانغا ئاغۇ (53).
تېز تەنىد كەلدى بۇلەرنىڭ قاشىغە،
بۇ ئىككۈيلەن ئۇردى ئەنىڭ باشىغە.
ئاخىر ئالامەرد(54) ئۈنى ئولتۇردىلەر،
كوگۇلنى جەمئد ئەيلەبان ئولتۇردىلەر.
يېدىلەر بىر ـ ئىككى لوقما شادناك(55)
شول زامان ھەر ئىككىسى بولدى ھالاك.

بۇ مىسال: مالو - چامان ئەي خاسو - ئام(56)
بىر خىش ئالتۇن قالدى ئۇل يەردە تامام.
بىر بىرى بىرلە قېرىنداش ئەردىلەر،
غەم بىرلە مېھنەتتە مۇڭداش ئەردىلەر.
بىر - بىرىغە ئەردى مۇشپىق - مېھرىبان،
ئەھدى ھەم ئەردى دوستلۇق چاۋىرأن(57).
تاپتى ئۈچ تەن بىر خىش ئالتۇن ناگىھان(58)
پىتنىلەر ھەم بولدى پەيدا شۇل زامان.
پىتنىدىن ئولتۇردى ئۈچ تەن بىر - بىرىن،
نەفسى شەيتان بىرلە بولدى ھەم قېرىن.
بارچە ئەخلاق باشىدۇر رەھمەت - ۋاپا،
قېرىنداشقا پولنى دەپ قىلما جاپا.
مەن نىچوك ئەيلەي كوڭۇلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## بۇ پەسىلدە خەلق ئارا غوممازلارنى ئېيىتۇر

**(خەلق ئىچىدە گەپ توشۇغۇچى ۋە غەيۋەتخورلار ھەققىدە سوزلىنىدۇ)**

ھەركىشىكىم خەلق ئارا غومماز(59) ئىرۇر،
دىۋە، شەيتان بىرلە ئۇل ھەمراز ئىرۇر.
ھەر كىشىكىم خەلق ئارا شەككاكىدۇر،
ھىچ شەك يوقكى ئۇل ناپاكىدۇر.

ئاڭلاغىل بۇ سوزنى ئەي پىرو-جوۋان،
بولما بۇ ئالەمدە ھەرگىز غومازان.
ھەر كىشىكى ئىككى كىشىنى قىلسا زىد
ئول كىشىنىڭ دىلى بولغاي ناپەدىد(60)
بولسا گەر شەھرى ئىچرە بىر غوماز ئوغۇل،
ئىتتىپاقلىق ئول شەھەردە بولماس قوبۇل.
بولسا گەر خەلق ئىچرە بىر شەككاكى شىر،
تەڭرى ھەرگىز ئول تەرەپ قىلماس نەزىر.
ئەي بىرادەر، ياخشى ئەخلاق نە تۇگۇر،
ياخشى ئەخلاق، راستلىق، پاكلىق تۇرۇر.
راستلىق ياخشىلىقنىڭ ئالاماتىدۇر،
راستلىق ئەرنىڭ كاراماتىدۇر.
مەن نىچۇك ئەيلەي كوڭۇلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## ھەشەم، ئابروپەرەستلىكنىڭ يامانلىغى ھەققىدە بايان

ھەشەمى ئادىمى گويا بىر دودىدۇر(61)
ھەشىمگەر كوپ بولسا ئول نەمرودىدۇر(62).
فىسقى-پاساد(63) ھەشەمدىن پەيدا بولۇر،
كوپ ئوقۇبەت ھەشەمدىن پەيدا بولۇر.
ئاڭلىغىل بۇ سوزنى ئەي نادان قاياش،
ئادىمى بىر كوزا بولسا، ھەشەم تاش.



AltunOq

يوك ئېغىر بولسا كىشىنى تىندۇرۇر،
كوزىدا تاش بولسا بىركۈن سۇندۇرۇر.
تېز قىلما ھەشەمنىڭ ئانداغكىم تۇتۇن،
كوزا سۇنغاندىن كېيىن بولماس پۇتۇن.
ھەشەمنى تەرك ئەت ئەي نادان جۇۋان،
بولغايسەن ئوتلۇق جەھەننەمدىن ئامان.
ھەشەملىغدىن پارچە دىل ئازارىدۇر،
ھەشەملىغىدىن پارچە ئەل بىزارىدۇر.
ئەي خاراباتى ھەشەمنى بەرباد قىل،
ھەر نەپەس خەلقىڭنى دائىم ياد قىل.
مەن نىچوك ئەيلەي كوڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## مەرىپەت (مائارىپ) ھەققىدە بايان

ئەي بىرادەر، مەرىپەت ئېيتاي ساڭا،
بولغايكى بۇنىڭدىن بىر ئاقىل ساڭا.
بولمىسا ھەر كىمدە ئىلمى ـ مەرىپەت،
قويىسا ھەر سارى قەدەم بولغاي غەلەت.
ھەر تومۇر بولغان بىلەن ئالماس ئەمەس،
ھەر كىشى بولغان بىلەن ئول خاس ئەمەس.
ئېيتاي ئەي تالىپ ساڭا چەندان سۇخەن(64)
مەرىپەتسىز جىسمىدۇر جانسىز بەدەن.

چەشمە(65) كور كور مەس جاھاننى ئەي ئەمەك(66)
ئىلمى دىل كورگەي جاھاننى يەك ـ بى يەك.
ئەيىپ ئەمەستۇر نەچچە بولسا گاچا تىل،
ئىلمسىزلىك ئەيپى دىلدۇر، ئەيپى دىل.
ئەي بىرادەر، تەندە يوقتۇر ئېتىبار،
مەرىپەت يوق بولسا بولغاي مورديۋار(67).
جىسمى ئادەم گوياتى بىرديۋارىدۇر(68)،
مەرىپەت ديۋار ئىچرە گۇلزارىدۇر.
جىسمى ئارىپ(69) گوياكى بىر ۋەيرانە،
مەرىپەت كوڭۇلدە بىر دوردانە(70).
تالىبى جىسمىڭنى ئاباد ئەيلىمە،
مەرىپەت گەنجىنى(71) بەرباد ئەيلىمە.
ئەي بىرادەر گەنجى ۋەيران ئىچرەدۇر،
مەرىپەت ئىلمى ئەريان(72) ئىچرەدۇر.
ئىستىسەڭ گەنجىنى بار ۋەيران ئارا،
ئىستىسەڭ بۇ ئىلىم بار ئەريان ئارا.
گەر كىشى بىرىشتە ئول ئەريان ئىرۇر،
دائىما زاتىغا ئول ھەيران ئېرۇر.
قىلما تەننى تەربىيەت ئەنداق زامان،
تەن پەرەستلىك بۇت پەرەستلىكتىن يامان.
ھەر كىشىگە مەرىپەت بىر يارىدۇر،
كىمكى بىلمەس قەدرىنى مورداردۇر.
ئەي ئوغۇل ئولمەسنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلمنى قىلغىل ئىختىيار.

ئەي ئوغۇل راھەتنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلىمنى قىلغىل ئىختىيار.
ئادەمى بولماقنى قىلساڭ ئىختىيار،
مەرىپەت ئىلىمنى قىلغىل ئىختىيار.
كىمدە بولسا مەرىپەت ئىنسان تۇرۇر،
بارچە مۇشكۇللار ئاڭا ئاسان تۇرۇر.
كىمدە بولسا مەرىپەت ئالىمدۇر،
مەئرىپەتسىزلەر بەلكى زالىمدۇر.
مەرىپەت ئول گوباكى ئابى ھايات(73)،
ئىچسە كىم ئولمەكتىن تاپقاي نىجات.
ئەي بىرادەر ئول سۇ زۇلمەتتىن نېرى*
ئىستىگەيسەن ئۇنى ئىسكەندەر كەبى**.
تاپمىغى ھەركىم ئۇنى ئاسان ئەمەس،
ئىچمىسە ھەركىم ئۇنى ئىنسان ئەمەس.
ئىستىدى ئومرىدە ئىسكەندەر ئۇنى،
باشلىدى ئول يەرگە ھەربىر ھەجرىنى(74)
كىم قويار ئول يەرگە ھەجرىسىز قەدەم،
يەتكەي ھەر سائەت بالالەر دەم ـ بەدەم.

* زۇلمەت ــ رىۋايەتلەردە كوپىنچە شىمالىي مۇز ئوكيان كوزدە تۇ ـ تۇلىدۇ. بۇيەردە بۇ سوز ناھايىتى جاپالىق، يېتىپ بېرىش قىيىن بولغان بىر جاي مەنىسىدە ئىشلىنگان.

* * ئىسكەندەر ــ ئالېكساندىر ماكېدونىسكى، ئۇدۇنيانى ئىستىلا قىلىش جەريانىدا، مۇشكۇللەردىن قورقماي ئاي ھايات (ئولمەسلىك سۈيى)نى ئىزلەپ زۇلمەتكە كىرگەن ئىمىش.

ئەي ئوغۇل بۇ يولغا بىر رەھبەر كېرەك،
ئەلكىدە بىر شەمئى(75) پىرانۇر(76) كېرەك.
قىلما پىرسىز ئابو - ھىرۋاندىن(77)خىيال،
پىرسىز ئول سۇنى تاپماقلىق مەھال.
شەمسى تەبرىزى* ئەردى مەۋلاناچە پىر،
مەرىپەتتە بولدى ئاندىن بى نەزىر.
قىلدى ئول بىر ئەمرىغە جانىدىن نىسار(78)
ئول سوپەتدىن ئەرشىغ ئۈستىن تاپتى قارار.
ھېچكىمى ئۆز ئالدىچە بولماس كىشى،
گەرچە بولسۇن نوھ، لوقماندەك(79) كىشى.
گەر كىشى پىرسىزكى گويا بى پەدەر(80)،
بى پەدەر يول يۈرسە كوپ كورگەي خەتەر.
ئەھلى ئارىپ(81) موررىنى قىلغاي ھايات،
بەلكى دوزاخدىنمو قىلغايكى نەجات.
ھېچكىمى بۇ يولدا سەنئەتسىز ئەمەس،
كىمدە سەنئەت بولمىسا ئادەم ئەمەس.
كىم كى بۇ ئالەمدە بى سەنئەتىدۇر،
روزى مەھشەر(82) ئىچرە بى رەھمەتىدۇر.
خەلق ئارا ھەر كىمكى سەنئەتلىقدۇر،
ھەر كىشى ئالدىدا ئىززەتلىكدۇر.
مەرىپەتلىك ئادىمى خەيرولبەشەر(83)،
مەرىپەتسىز ئادىمى ئىتىدىن بەتىر.

* شەمسى تەبرىز — ھازىرقى ئىران ئازار بەيجانلىق ئاتسىپت، ئۆز ۋاقتىدىكى ئىلغار پىكىرلىرى تۈپەيلى ئىسلام قانۇنى تەرىپىدىن ئوتتا كويدۇرۇلگەن.

مەرىپەتلىك ئىلمى گەر قىلساڭ خىيال،
ئەلبەتتە ئۇل دائىمارسىقى ھالال.
غاپىلا ئۇمىر ئۇتتى دائىم بى خەبەر،
مەرىپەتچۈن قاينىغىن ئەي گورىگەر(84).
مەن نىچوك ئەيلەي كوڭۈلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## دانالىق ھەققىدە بايان

بولسا ھەر كىمكى دانادىن يىراق:
ھىچ شەك يوق بولغاي نوسرەتدىن يىراق.
ئەھلى دانا مەشئالى روھى - زىمىن،
كىمدە مەشئەل بولسا تون خەۋپىتىن ئىمىن.
كىمكى دانا بىرلە مەشئەللىقدۇر،
كىمكى داناسىزدۇر مەشئەلسىزدۇر.
بۇ جاھان گوياكى بىر يەلداتۈنى(85)
ھىچكىمى بىلمەسكى داناسىز ئۈنى.
ئەي بىرادەر بولما داناسىز بۇگۈن،
بولمىغىل ھەرگىز مەشئەلسىز بۇگۈن.
ھەركىشى داناغا گەر تابىئىدۇر،
ئۇل كىشى ياخشى شەمسى تالىئىدۇر(86).
ئۇل شەھەر كىم ئاندا بىر داناسى بار،
ئۇل قاراڭغۇدا دەر يەكتاسى (87) بار.
ئەي ئوغول بول دائىما دانا تەلەپ،
قىلغاي جەھلىڭنى(88)دانا بىر تەرەپ.

گەر كىشىنىڭ ئۆمرى بى دانا ئۆتەر،
ئۇل كىشىنىڭ چەشمى نابىنا(89)ئۆتەر.
تەبلى دۇر(90) ئالەمدە داناسىز كىشى،
تاپمىغاي رۇناق ئۇنىڭ ھەممە ئىشى.
ئەھلى دانا ئۆزىن مەنتەينا(91) قىلۇر،
كوردىل بولغاننى ئۇل بىنا(92) قىلۇر.
ئەھلى داناڵەرنى بىلگىل ئەي ئىزىز،
جىھد(93) ئىلە ئالغىل دانادىن لەزىز.
ئەي خاراباتى پاراسەت ئەيلىگىل،
داناڵەر ھورمىتىن ئادەت ئەيلىگىل.
مەن نىچوك ئەيلەي كوڭۇلنى شادلار،
قايىسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## دەربايان ئىشق

(ئىشق ھەققىدە بايان)

ئاشىقى ئۇلدۇر تەبەريان(94) ئەيلىسە،
تەننى ئەريان(95) كوزنى گەريان(96) ئەيلىسە.
ئاشىقى ئۇلدۇر ماۋى دەئىۋاسى يوق،
ئىككى ئالەمدىن بىلىڭ سوداسى يوق.
ئاشىقى ئۇلدىر چىھرەسى بەرگى خازان،
بولمىغاي بىر سائىتى غەمدىن ئامان.
گاھ-گاھ ئۇل بادە ئىشق ئەڭگىز(97) قىلۇر،
يۇز تۈمەنمىڭ جاننى ئۇل خۇنرىز(98) قىلۇر.

ئىشقىنىڭ يولىدا بولما بىئەدەپ،
ئاشىغى ئىرسەڭ ئال زىلەيخا(99)دىن ئەدەپ.
ئول زىلەيخا ھوسنىن ئارا يەكتا ئىدى،
ئول پەرى ۋە ھورىدىن رەئنا ئىدى.
بولدى ئول يۈسۈپكە ئاشىق بىقارار،
يادىدە بولدى ئۈنىڭ لىل ۋە نىھار(100).
ھەر كىشىكىم يۈسۈپتىن قىلسا خەبەر،
توشقازىپ قوينىغا سالدى لەئلى، زەر.
ھەرزامان يۈسۈپنى ئول ياد ئەيلىدى،
خانىمان(101) ئولدەمدە بەرباد ئەيلىدى.
ئېيتايىن ئول ئىشقى-مېھرىنى ساڭا،
سەرف قىلدى ھوسنى مالىنى ئاڭا.
تۈن-كۈن يوللاردا بولدى ئىنتىزار،
مۇھەببەت ۋە ھەيرەتتە دائىم خار-زار.
ئورتىدى شەمئىغە دائىم پەرۋانىۋار،
يىغلار ئەردى چونكە ئەبىر-نوبىھار(102)
ھەر كىشى كويدۇرسە ھەرنە بارىنى،
سالغاي ئول مەشرىققە ئىشقى تارىنى.
ھەر كىشىكىم خانى-مانىدىن كىچەر،
ئول كىشىكىم بادە (103) ئىشقىدىن ئىچەر.
ئىشىق ئوتىنىڭ قەستى جان كويدۇرگىلى،
كېلىدۇر بۇ جاننى جانان كورگىلى.
بادە ئىشق ئىچرە ئول ئەريان بولۇر،
ھەم يورەك باغرى كى بەريان بولۇر.

ئاھىڭىم ئۇل بادەدىن نوش(104) ئەيلىسەم،
"باسىۋىللا"(105)نى پارامۇش(106) ئەيلىسەم.
چىقمىسام ھەرگىز ئۇشۇل مەيخانىدىن،
بولمىسا ئىلكىم جودا پەيمانىدىن(107).
قوي لەبا ـ لەب ساقىيا جامىم غىمى،
رىزلار(108) بەزمىدە قىلغىل مەردەمى(109).
ئەي بىرادەر ئىشق ئاسان ئەۋۋىلا،
كەلگەي ئاندىن باشىڭغا يۈزمىڭ بالا.
كىمكى ئاشىق دوركى يەنە بۇدۇر دىلىل،
بولغاي ئۇل مەجنۇن كەبى خارۇ ـ زەلىل(110).
ھەر نەپەستە قىلسا مىڭ جاننى پىدا،
قىلغۇسىدۇر مەشۇقى ئاندىن ندا.
چىان دەرىخ(111) قىلسا كىشى چانانەدىن،
ئۇل كىشى مەھرۇم قالۇر چانانەدىن.
ئەي بىرادەر ياخشى پەند ئىبىتاي ساڭا،
سەھىل(112) ئىشتۇر جان نىسار(113) ئەتمەك ئاڭا.
ئەي ئوغۇل بىھۇدە ئاشىقمەن دىمە،
بادەئى ئىشقىقا لايىقمەن دىمە.
كەلمىگەي بويى(114)ساڭا ئۇل موشكى ـ ناب(115)،
راست كەلمەس ئىشقى يولىدا لاف ـ قاپ.
ئەي ئوغۇل زاھىرنى(116) مەجنۇن قىلمىساڭ،
دەرد بىرلە سىنە(117) پىرخون(118) قىلمىساڭ.
راست ئەرمەس بەندەكى دەئۋايى ئىشق،
يوق ئىرور كوڭلۈڭدىكى سوۋدايى ئىشق.

خاراباتى ئەگەرچەن ئاشىق ئەمەس،
ئومست ئوزمەك سىنىڭدىن لايىق ئەمەس.
مەن نىچوك ئەيلەي كوڭۇلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## بۇ پەسىلدە خاتىمە تارىخنى بايان قىلۇر

تا مۇنىڭسىز ئادا ئەمەس شەرىھى(1 1 9)،
ۋاجىپ(1 2 0)ۋەپەرىز(1 2 1)ۋە سوننەت(1 2 2)نەفلى(1 2 3).
ئوقۇغاي ھەم بولەردىن ياد ئالغاي،
ئىككى ئالەمدە ئانچە شاد ئولغاي.
چۈنكى ئۇ ئەقلىنى فاراموش قىلغاي،
ماڭا بىر پاتىھە(1 2 4) دۇئا قىلغاي.
بىل بۇخەت مەنىسىدە يوق نۇقسان،
نۇقسان گەر بولسا ئەيلىگىل ئاسان.
كىم بو شەرىھنى ئەلگە تەككۈرگەي،
تەڭرىم ئۇنى بىھىشكە تەككۈرگەي.
نى ھىساپ ئەيلىدىم تارىخقا،
مىڭ ۋە يوز يانە قىرىق ئالتىغا.
قىلغۇلۇق شەرھىنى كىتابۇ ئېتىم،
بىلمىگەنلەرگە مەندىن خىتاپ ئېتىم.
گەر خاتا بولسا مەندىن ئەي ئالىم،
رەھىم ئەيلە لەتەپ(1 2 5) قىل كورۇپ ھالىم.
ئەي ئوغۇل نەچچە سوزۇم بار ئاڭلاغىل،
ئادىمى بولساڭ ھەقىقەت ئۇيلاغىل.

ئۆمرىنى ئۆتكەزدى دىل رىشلىق بىلەن،
خاراباتى يۈردى دەرۋىشلىق بىلەن.
قىلمىدى ھېچ جايدا ھەرگىز بەرقارار،
تۈن - كۈن قان يىغلادى زار - زار.
ئەي بىرادەر بۇ جاھان زەندان ساڭا،
بولماغىل زىنھار شاد خەندان ئاڭا.
ھەممىسى بىر - بىرسىنىڭ قەسىدىدەدۇر،
تىغ - زەھەر ئالود(126) ھەم دەستىدەدۇر.
تۈن - كۈن ئوغلى ئاتاغا مۇددىئا،
ھەم قىياس دەختەر ئاناغا مۇددىئا.
ئەي دەرىخا ھەممە غەپلەت ئىچرەدور،
دائىما كوپرى(127) زالالەت(128) ئىچرەدور.
ھېچكىمى قورقماس كىشىنىڭ ھەققىدىن،
يادىغە كەلمەس ھەقىقەت قەھرىدىن.
خاھى باي، خاھى گاداي ۋە شاھ ھەممە،
خان شىيىخ، خاھى سوپى ۋە موللا ھەممە.
خاھى قازى، خاھى موپتى، خاھى موھتەسەپ(129)،
ئىستىمەس ھەرگىز ھالالەتتىن نەسىپ.
ئەي ئوغۇل جىسمىڭنى قىلدىڭ پەرۋەرىش،
قىلمىدىڭ رەھبەر تەلەپ يازۇ - قىش.
ئۆتتى ئۆمرۈڭ بىھودە سودا قىلىپ،
مەنىسىز، ھەسەت بىلەن غوغا قىلىپ.
ھەركىشىكىم بولمىسا ئەخلاقى زەر(130)،
بۇ جاھاندىن نامۇ - نىشانىسىز كېتەر.


Altun Oq

غاپىلا ئوتۇر ئوتتى دائىم بىخەبەر،
ھەلقىڭنى(131)پاك ئەيلەگىل شامۇ ـ سەھەر.
مەن نىچوك ئەيلەي كوڭۇلنى شادلار،
قايسى بىر غەمدىن قىلاي پەريادلار.

## لۇغەت

(1) كوللىيات — بىر يۇرۇش، بىر پۈتۈن.
(2) مەسنىۋى — ئارۇز ۋەزنى شېئىرىيىتىنىڭ ئىككىلىك شەكلى.
(3) دىداكتىك — نەسىھەتنامە، مەسلىھەت.
(4) سالىھ — ئىخلاسمەن.
(5) رەھمانى — مېھرىۋان.
(6) ئابىد — ئىبادەت قىلغۇچى.
(7) سىدىق — راستچىل.
(8) ساپا — پاك.
(9) موردار — ئولۇكسىمان.
(10) مەھشەر — قىيامەتتە ئولۇكلەر يىغىلىدىغان جاي.
(رىۋايەت بويىچە)
(11) شەمرى لەئىن— ئىمام ھوسەيننى كەربالادا ئولتۇرگەن ئادەم.
(12) گومرا — يولدىن ئازغان.
(13) چېنىن — شۇ تەرىقلىق.
(14) ئىمىن — تىنىچ، خاتىرجەم.
(15) ھەقىر — كەمسىتىلگەن.
(16) كەمىر — كەملەپ كەتكەن.
(17) خوشتىر — خۇشۋاق.

(18) بەھتىر — ياخشىراق.

(19) مەھرىم — يات، غەيرى، ياكى ئىگە بولالماسلىق.

(20) ئەئمالدىن — ئىش ـ پىشەلىدىن، ئىش ـ ئەمەلىدىن.

(21) تېقىن — جەزىم، مۇتلەق.

(22) ماھى — ئېيى.

(23) ئەرش — ئىگىز، يۇكسەكلىكتىكى بۇيۇك تەخت.

(24) ئېلى — بەلەن مەرتىۋىلىك.

(25) فەلەك — ئاسمان.

(26) تەھتە سارا — يەر ئاستى.

(27) رەفتارلىق — مېڭىش، يولى ئوچۇق، راۋانلىق.

(28) مەرگەپ — مىنىش، مىنىدىغان ئات ـ ئۇلاق.

(29) ۋەھىم — قورقۇش، ئەندىشە.

(30) خەلەل — شىكەست تاپقان.

(31) غاپىلا — قارام، غەپلەت باسقان.

(32) خاسۇ ـ ئام — يەككە ۋە كوپچىلىك.

(33) تىز ـ تەنىدە — تېز ئاچچىقلىنىش.

(34) ئەلھەزەر — پەخەس بولۇش.

(35) گەزەر — ئوتەك، ئوتكۇن جاي.

(36) ۋەسۋاس — ئازغاشتۇرغۇچى.

(37) غەنناك — مەسخىرە.

(38) ئېرشات — يول باشلىغۇچى، ئېرىشمەك.

(39) نىھان — مەخپى.

(40) دىلجوش — يۇرىگى جۇش ئۇرغان.

(41) رەئىيەت — پۇقرا، خەلق.

(42) ئىلپەت — ھەمتاۋاق، يار ـ دوست.

(43) بەرھەم — رەددىيە، شكەست.

(44) ئەدلى — ئادىل.

(45) غىررەت — مەغرۇرلۇق.

(46) پالاد پەست — كىچىك قەلئە ـ شەھەر.

(47) شەرئى — يول.

(48) فىسقى — گۇنا.

(49) سابىت — مەھكەم، مۇستەھكەم.

(50) خىشت ـ خىش

(51) دەرەم پۇل— ئۇلچىمى.

(52) ساغۇ — سوغا.

(53) ئاغۇ — زەھەر.

(54) ئالامەرد — نىشان.

(55) شادناك — خوشاللىق.

(56) خاسو ـ ئام — يەككە ـ كوپچىلىك.

(57) چاۋىران — ھەمىشە.

(58) ناگىھان — بىرە ـ بىرە، ئاندا ـ ساندا.

(59) غوممار — غەيۋەتچى، پىتنەخور، مازاقچى.

(60) ناپەرىد — يوقالغان.

(61) دود — ئىس، تۇتەك.

(62) نەمرود — جاھىل (ئىراقتا ئوتكەن، خۇدالىق دەۋاسى قىلغان زالىم شاھنىڭ لەقىمى).

(63) پاساد — مەغلۇبىيەت، قاملاشماسلىق.

(64) سۇخەن — سوز.

(65) چەشمە — بۇلاق، كوز.

(66) ئەمەك — قېرىنداش، دىمەتلىك.

(67) مۇردىۋار — ئولۇكسىمان.

(68) دىۋار — تام.

(69) ئارىپ — بىلگۈچى.

(70) دوردانە — مارجاندەك.

(71) گەنج — توپلىغان پۇل - مال.

(72) ئەريان — ھەيرانلىق.

(73) ئابىھايات — ھايات سۈيى.

(74) ھەبرى — دانا، (ئەبىر بولسا قاش مەنىسىدە).

(75) شەمئى — يورۇتقۇچ.

(76) پىرانور — نۇرانە قېرى كىشى.

(77) ئابۇ - ھىرۋان — رەھمەت سۈيى.

(78) نىسار — بېغىشلاش، قۇربان قىلىش.

(79) نوھ — رىۋايەتتىكى پەيغەمبەر. لوقمان — رىۋايەتتىكى ئاتاقلىق تىۋىپ.

(80) بى پەدەر — ئاتىسىز.

(81) ئەھلى ئارىپ — بىلىم ئەھلى.

(82) مەھشەر — قىيامەت.

(83) خەيرولبەشر — ئىنساننىڭ ياخشىراقى.

(84) گورىگەر — گوركار، گور كولىغۇچى.

(85) يەلدا تونى — شامال خالتىسى (كىنايە گەپ).

(86) تالئىدور — تەلەيلىكتۇر.

(87) يەكتا — نوۋەت.

(88) جىھىل — جاھىل.

(89) نابىنا — يوقالغان.

(90) تەبلى — دۇمباق.

(91) مەنتەينا — كەلىمەسىلىك، كەلىمگەن.
(92) بىنا — بار، پەيدا.
(93) جىھىد — تىرىشچانلىق.
(94) تەبەريان — خوشال - خوراملىق.
(95) ئەريان — ساراسىمە.
(96) گەريان — يىغلىغۇچى.
(97) ئەڭگىز — قوزغاتقۇچى.
(98) خونرىز — قاتىل.
(99) زىلەيخا — رىۋايەتتىكى يۇسۇپ پەيغەمبەرگە ئاشىق بولغان
ۋاپادار گۈزەل ئايال.
(100) نىھار — كۈندۈز.
(101) خانىمان — ئۆي - سەرەمجان.
(102) ئەبىر، نوبىھار — قاش، يېڭى گۈلدەك.
(103) بادە — مەي، شاراپ.
(104) نوش — ئىچمەش، سۈمۈرۈش.
(105) باسۇللا — ئاللادىن غەيرى.
(106) پارامۇش — ئۇنتۇلۇش.
(107) پەيمان — ئۆلچەم، قاچا، چارەك.
(108) رىز — توكۈش، قويۇش.
(109) مەردەمى — خالايىق.
(110) زەلىل — خار.
(111) دەرىخ — ھەسرەت، «ۋاي ئىسىت!».
(112) سەھىل — ئاسان، بوشراق.
(113) نىسار — بېغىشلاش.
(114) بويى — پۇرىقى.



AltunOq

(115) مۇشكى ناب — تېپىلماس پۇراقلىق نەرسە، ئەپار.

(116) زاھىر — ئاشكارە، پەيدا.

(117) سىنە — كوكرەك.

(118) پىرخون — خونى توشقان.

(119) شەرىھى — چۈشەندۈرۈش، مەناسىنى يېشىش، ئىزاھلاش

(120) ۋاجىپ — لازىم، زورۈرىيەت.

(121) پەرىز — بۇيرۇق، بۇيرۇلغان.

(122) سۈننەت — رەۋىش، خۇي - پېئىل، ئادەت.

(123) نەفلى — زىيادە.

(124) پاتىھە — ئاچقان. يول ئاچقان،

(125) لەتەپ — مەرھەمەتلىك.

(126) ئالود — سۇركىمەك، سۇغارغان.

(127) كوپرى — نائىنساپلىق.

(128) زالالەت — تاماخورلۇق.

(129) موھتەسەپ —

(130) زەر — ئالتۇن.

(131) ھەلقە — گال، بوغۇزى.

# ئىسمايىل ھاجى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەھەممەت چاۋار**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

ئىسمايىل ھاجى (1867—1950) گۇما ناھىيىسىدە ئۆتـ-كەن تالانتلىق شائىر ۋە ماھىر خەتتات بولۇپ، ئۇ ئۆز ئۆمرىدە سانسىزلىغان شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن. يېقىندا تېپىلـ-غان شائىرنىڭ بىر بولۇك قوليازمىلىرىدىن قارىغاندا ئۇ، ئەرەپ پارس تىللىرىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگەنگەن، ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىنى پارس تىلى بىلەن يازغان.

شائىر ئىسمايىل ھاجى خەلقپەرۋەر، ئادالەتنى سۆيگۈچى مەرىپەت ئەربابى بولۇپ، ئۇ ئۆز زامانىسىدا تەجەللى، غېرىبىگە ئوخشاش داڭلىق دېموكراتىك شائىرلار بىلەن ئىنتايىن يېقىن ئۆتكەن. ئىجادىيەتتە ئورتاق ئۆگەنگەن. شائىر ئىسمايىل ھاجىنىڭ ئەمگەكلىرىدىن تەجەللىمۇ بەك مەمنۇن بولغان. ئىسمايىل ھاجى ئۆز ھاياتىدا يازغان شېئىرلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنى رەتلەپ دىۋان قىلىپ چىققان.

شائىرنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرى خېلى كۆپ سالـ-

ماقنى ئىگەللىسىمۇ، لىن بياۋە "4كىشىلىك گۇرۇھ" ئالەمنى مالىمان قىلغان يىللاردا ئۇنىڭ يەنە خېلى زور بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ "ئاپەت"كە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق، شۇڭا كەڭ كىتاپخانلارنىڭ، يۇرتداشلارنىڭ داۋاملىق ئىزلىنىپ كورۇشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

بۇ يەردە شائىرنىڭ قولىيازمىلىرىنى ئۈزۈندىن بېرى ئەتىۋالىق بىلەن ساقلاپ، بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن گۇما ناھىيە قوشتاغ گۇڭشېسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا سەممىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

## غەزەللەر

مىلك جاھان خورراملىق بىر مەھىتىگە ئەرزىمەس،
سەرۋىنىڭ بىغەملىغى خۇن دىتىگە ئەرزىمەس.
چەرخ يۈز تەزىن ئىلە دەۋران قەۋمىن تەردىز ئېتەر،
تەربىئەت مادىر پەدەر جان قۇربىتىگە ئەرزىمەس.
لۇتپى شەپقەت يۈزدىن تەركىپ قىلىنغان كوز قاراق،
خوپتۇر ئەمما لۇتپى مېھرىلفىتىگە ئەرزىمەس.
باغ رىزۋان كوشەسى قەدەر بەلەند فورخەنت سەدەر،
سەدرەئى سەفئلجىمىل رەيھان خىتىگە ئەرزىمەس.
ئەي سالامىنىڭ بائىسى ۋارىس پەلەكنىڭ مۇلكىتى،
مەملىكەت تارىم سەھىر خوش دەۋتىگە ئەرزىمەس.
شات بول شەمشاددەك ئەدەلنە ئىمدە مۇستەقىر،
رەنجۇ ـ مىھنەت غەملىرى بوربور راھەتىگە ئەرزىمەس.
بەدەر ئار سوزلىرى ئىسمائىل ئىلە بەرقارار،
پەيكىلىرى روئىلئەمىندىن ھرجىتىگە ئەرزىمەس.

دام ئەمەس يارىمنىڭ ھىجرانىدا قانلار يۇتاي،
قان تۆكۈپ، كۆز ياشلە سەيياد يەڭلىغ گۈل تۇتاي.
سەيد ئولماس خاتىرى كۆڭلۈمنى قىلسام چاك-چاك،
خەيلىنى سىنەم ئۈزە خال ۋە خىتلە ئوينۇتاي.
زولپى سوداسى تۇتۇپ مىھرىمنى ئوت چوغ مەسەللىك،
كۆيدۈرۈپ باغرىمنى ئوت ھىجرەتنى دۇت ئىلە قاتاي.
تاق ئەبروسلە بويئە كامانىم نەقش ئىتار،
شەمئى روخسارىلەر بۆرەنگىم قاراسىن يورىتاي.
ئاپتاپ ئانداغكى بو دەۋراننى ئەيلەر تابىناك،
تابى ئەختەر سارىدىن توبە دەرەختىگە پاتاي.
ئەي جاھانغا پاتمىغان ئىنساپ ئىلە شەرمىڭ قېنى،
كىم دىدىڭ جانىمنى مەن مىينا بازارىدا ساتاي.
سەن كىمۇ ئەل كىمدۈرۈر پەم ئەيلە ئەي ناقىسلىغىڭ،
مەن دىدىڭ مەنلىكنى مەن بىر دىلرەباغا ئوخشىتاي.
ئوخشىماس ئول نازىن رەئناغا ھېچ بىر شاھىدى،
شاھىدىكىم شەھىدىدىن مەغرۇپىدۇر ئويناقلىتاى.
مىھرىئىسمايىل پەلەك شاخىلەر ئەپغانىم چىكار،
ئەي فىغانىم مەن سىپنى دوزاخ ئوتىدا چوغلىتاي.

× ×

قەلەم سوزلەگىل ئوتكەن ئەل ھالىدىن،
كىلۇر ئەل ئارا بولمىش ئەھۋالىدىن.
سوزۈڭ بارچە غەپسەند بولغۇدەك،
ئوزوڭ سوز كەبى ئەرچىمەند ئولغۇدەك.
دىسون ئاپرىن بارچە تەھسىن ئېتىپ،

قاراغىغا قول قويسۇ ئۆزدىن كىتىپ.

قۇچۇپ بىر ـ بىرىدىن پەقەتئى ھور ئەيىن،
سىينى كورگىلى كەلسۇ ماھ موئەيىن.

توروپ كەبىئتۇللا كەبى ئوترادا،
دىگىل ئەمدى ئىسمايىل، ئەتكىل نادا.

مىنى پىراقتا كۇيدۇردى ھىجرەت قاراقاش،
ئەلەمدە غەمزە قىلدى مۇھەببەت قاراقاش.

باھار گۇلشىنىم يەلپۇنۇردە بادە سەھەردە،
سىتەمدە قويدى مىنى قەدرۇ ـ قىممەت قاراقاش.

ھاۋاي ئەنجومىنى، ئەندىلىپ — بولبولنى،
قارارسىز قىلىپ ئولتۇردى نىگھەت قاراقاش.

تەبسەمى قىلشور ھورئەيىن ۋە ئىنوپرى،
ئانىڭ ئۇچۇنكى چىرايلىقتۇر ئىشرەت قاراقاش،

تامام يىل ئانىڭ ئوساپىدىن سىپات ئولساھ
ئاداسى ئاخىر ئىمەس ئالى ھىممەت قاراقاش.

ئاللا ھەسەردە بول ئىنتىقامىغە ۋالى.
گىنەسىز ئەيلىدى رەنجىدە زىننەت قاراقاش،

ئۇممەت ـ ئىستەك ئىلە كەلتۇردى يۈزتامام كىشى،
قىلورمۇ دەپ نىگاھ چەشىم دولەت قاراقاش.

قاتارى كىرپىكىدىن ئوق ئاتاردا ئەبرو كامان،
ھالاك ئىتەر ھەمەنى تيىر ھەزرەت قاراقاش.

× ×

جاراھەت ئەيلىدى داغىڭ مىنىڭ دىماغىمنى،
دىماغىم ئىچرە ئورۇنلاتتى كوز قاراغىمنى.
ۋۇجۇدۇم ئولدى ئەدەم داغ ئىشتىياقىڭدىن،



AltunOq

راۋانىم ئەيلىدى ھىجرىڭدە توھپە داغىمنى.
باھار مەۋسۇمى گۈلگۈن يۈزۈڭنى سەيىر قىلۇر،
ئاچىلدۇرۇپ ماڭا كورسەت ھاۋاي باغىمنى.
قاچانغىچە سىنىڭ ئاسودە كوڭلۇڭ ئالمىشىدۇر،
مىنىڭ بوزار بوزوق خەستە قول ئاياغىمنى.
يولۇڭغا كىرپىك ۋە قاشىمنى رىھگۇزار قىلاي،
كىلۇر ئىپىساڭ ئەگەر ئالماققە شاخ-پۇتاغىمنى.
ماڭا نەسمى سەھەردىن قاچان كىلۇر قەدىمىڭ،
جانىم چىقارغا ياۋۇتىنى يارۇت چىراغىمنى.
خوداغا دات قىلۇرمەن قىيامەت ئولغاندا،
ئەگەر تەرەھھۇم ئىتىپ بەرمىسەڭ قۇلاغىمنى.
ساڭا مۇيەسسەر ئىرۇر مەقسود زىمنۇ-زامان،
ئىنايەت ئەيلە ماڭا ئۇشبۇدەم سوراغىمنى.
راۋان ئىرۇر مىلكۇت ئالىمى جانابىڭدىن،
كۇيۇڭدە شەرھى قىلاي سىنەئى قۇچاغىمنى.
ناۋا قىلۇر چىمەن ۋە ئەندىلىپ ھوسنىڭچۈن،
فىدايىڭ ئەيلىسەم ئەردى ساداي زاغىمنى.
فىغان بۇلبۇل ۋە گۇل تەلئەت ئىلە ھەجرىڭدۇر،
نىچۇككى چىھرەئى ئىسمايىل ئالدى چاغىمنى.

بولۇپ مەن خۇي-پەيلى خوش بىرنەۋ جۇۋانغا ئاشنا،
باغرى قاتتىق تاش يۈرەك ئوتى يامانغا ئاشنا.
كورمىدىم مىھرى-ۋاپا بىر زەررىچە ئول ياردىن،
ھالىتىمدىن بىخەۋەر كۇيدۇرمە جانغا ئاشنا.
سورمادى ھالىمنى ئىستىغنا قىلىپ ئول دىلبىرىم،

بولماسۇن ھەرگىز كىشى نامېھرىبانغا ئاشنا.
خاتىرىم ئاسۇ دەلىكىدىن زەررىچە خورام ئىدى،
غەم بىلە كۆلپەتتە قويغان كامىرانغا ئاشنا.
ئۆمۈر ئەپسوس ئەيلەدى ھەسرەت چېكىپ نالەن قىلىپ،
بولماقچۇن جانىلە ساھىپقىرانغا ئاشنا.
ئۆمۈر ئەپسوس ئەيلەدى ھەسرەت چېكىپ نالەن قىلىپ،
بولماقچۇن جانىلە ساھىپقىرانغا ئاشنا.
لۇتپى قىلسا كاشكى مەن خەستە دىلغا بىر كۈنى،
بولسام ئالدىدا مۇسەخخەر قەھرىمانغا ئاشنا.
خايىق ئول سائەتكى كوردى باغدىكى گۈلدەستىنى،
گۈل دىدى ئەي ئەندىلىپ ئول باغبانغا ئاشنا.

## تەجەللىنىڭ ئىسمايىل ھاجىغا يازغان خېتى

### كېرامى بورادەر، جان بىرلە باراۋەر ئىسمايىل ھاجى جاناپلىرىغا، دەرتمەن دوستلىرىنىڭ سەرگۈزەشت ھېكايىتى ۋە شىكايىتى

غەمخار دوستلاردىن كەلدى ماڭا ئىنايەت،
بىر جۇپتى بەدتەكلىم ئەل باستى شەكلى ۋەسرەت.
ئۈچ كۈن تەھەممەل ئەتتىم ئەھباپ كوڭلىن ئىستەپ،
ھەر ـ كۈن چېكىپ موشەققەت ھەركىمچە رەنج ۋە كۈلپەت.
بۇ شۇم ۋە نىجىس ئۈچ كۈن تۇشتى ماڭا ئوتتۇز يىل،
يوق، يوقكى باشىم ئوزرە ھەر سائىتى قىيامەت.

كوڭلۈم بولۇپ مۇكەردەر ئىشىم بولۇپ مونغەسەن،
ئاخىر بۇكۈن قۇتۇلدۇم تەڭرىمغە شۈكرى ۋە مىننەت.
كەلتۈردى چەرخى ئەييار بىر جۈپتۈ تاق لەئىن،
كىم جۈپتۈم ئۆلدى ئاندا ھەم تاق بولدى تاقەت.
گۈيا ئەزلى كۈندە بولمىش ئەيدى مۇقەررەر،
ئىنسانغا خەيىر سۈپەت زىن شەيتانغا توف لەنەت.
ناساز تائىمدىن قىسمەت ماڭا بو ئەردى،
يوقسە مەھبوپلىرىما رەھمەت ھازار رەھمەت.
خاموش بول تەجەللى① بىھۇدە قىلما نالەش،
گاھى ئۈتار مۇقام، گاھ ئوتتورۇرىتىپ لەت.

## زاۋا(2) ھەققىدە پارچە

ئاندا دەرتلەرگە داۋادۇر، مۇندا ھاجەتلەر راۋا،
ياخشىراقتۇر كابىلۇ، بەلخى، بۇخارادىن زاۋا.

(1) مەشھۇر شائىر تەجەللى (ھۈسەيىن) (1850-1928)
تۇغۇلغان تەجەللى گۇما ناھىيىسىنىڭ كوھتام (ھازىرقى قوشتاغ گۆڭشى-
سىنىڭ كوتام) دىگەن يېرىدە ماكانلىشىپ ئولتۇرغان. تەجەللى كوھتامدا
تۇرغان مەزگىللىرىدە ئىسمايىل ھاجى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان.
(2) زاۋا، كابىل، بەلخ — جاي ئىسىملىرى.

## «رەۋزەتىلزوھرا» دىن پارچە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئىمىن سەيپۇللا**

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

شائىر ئەخمەت خۇجام نىياز ئوغلى 1717 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇن رايونى شەھەر ئىچىدە بىر موللا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 110 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ 1827 - يىلى لۇكچۇندە ۋاپات بولغان (شائىرنىڭ قەبرىسى تۈيوق ئەسهابولكەھپنىڭ يېنىدا ھىلىمۇ بار). شائىر كىچىك ۋاقتىدا لۇكچۇن مەدرىسىدە ئوقۇغان، كېيىن شۇ مەدرىسىگە مۇددەررىس بولغان. شۇڭا بۇ كىشىنى ئەخمەت ئەلەم ئاخۇنۇم دەپمۇ ئاتايدۇ. شائىر 20 نەچچە ياشلىرىدىن باشلاپ شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ئۆز زامانىسىدا نۇرغۇن غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىي ۋە داستانلار يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەپ تىلىدىكى «تارىخى ئەسهابولكەھپ»، «قەسىدە بۇردىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شائىر 1788 - يىلى (ھىجرى 1202 - يىل) «رەۋزەتىلزوھرا» دېگەن چوڭ ئەسىرىنى يېزىپ تۈگەتكەن. بۇ ئەسەردە مۇھەببەت

تېما قىلىنغان بولۇپ، يەنە ئىلىم ئىزلەش، ياخشى ئادەم بولۇش، بالىلىرىغا نەسىھەت، جەمئىيەتتىكى يامان ئىشلارنى پاش قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەر 1966 - يىلىغا قەدەر لۈكچۈندىكى مەمۇرخان دىگەن كىشىنىڭ قولىدا ساقلانغان ئىدى، لېكىن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن كويدۇرۇپ تاشلاندى.

مەن 1963 - يىلى 6 - ئايدا بۇ كىتابتىن 400 مىسرادىن ئارتۇق پارچىنى كوچۈرۈپ ئالغان ئىدىم. بۇ قېتىم شۇ پارچە نۇسخىنى نەشرگە تەييارلىدىم.

شېئىرىدا گەر يوق پەساھەتتىن نىشان،
بى تەكەللۇپ نەزمىنى قىلدى ئايان.

تاكى يات بولغاي دەپ ئاسان نەزمىدە،
ئوقۇبان بىر بىرگە ياشلار بەزمىدە.

ئەيلىدىم چۈن باغ بۇ ئەبىيات ئاگاه،
رەۋزەتىلئىزوھرانى قىلدىم ئات ئاگاه.

## ئىشقىيات

ئىشتىياقىم مېنىڭ كوڭلۇمدە بار،
ھېچكىمدە بولمىغاي ئەي يار - يار.



AltunOq

خاس ئۇلكىم بولسا دىلبەرنامىسى،
يازغان ئاندا ئىشقىنىڭ ھەنگامىسى.

ئىشق دەردى ئۆزگە غەملەردىن جۇدا
ئىشقنىڭ دەردى ئېرور چەكسىز بالا.

ئاشىقى مەھبۇبىدىن ئىستەر تۇمار،
ھىجرى دەئۋاسى ئۇچۇن ئۇل بى قارار.

چۇن يېتىشتى بىر شاراپەتلىك خېتى،
ۋەسلى باغى نەغمەسىنىڭ بىر بېتى.

ئاشىقى بىچارە تاپتى بۇيى يار،
غۇنچە ياڭلىغ كوڭلىغە بارى باھار.

جايى قىلدى كوڭلى بىرلە قوينىدا،
بولدى ئۇل مەھبۇبى ئىلكى بوينىدا.

بول ئەجەپ تۇمارى ئاستى بوينىغە،
ئىككى ئالەم توشتى گويا قوينىغە.

نەچچە قىلسام ئىشقىنى شەرھى بايان،
يوقكى مىڭدىن بىرگە ئاجىزدۇر زىبان.

لەيك قانماس تەشنە بولغان تىرەروز،
دىل قانارمۇ ساپ سۇ تاپسە بىر قوبۇز.

ئىشقى تەنها بولمىغاي دىدارىدىن،
كويدۇرۇر پەيدا بولۇر گۇپتارىدىن.

خەلقنىڭ تەكبىرى - تەسبىھى سۇجۇر،
ئىشقنىڭ تەكبىرى دۇر تەركى ۋۇجۇر.

ئىشقى كوڭلۇمگە تېمىز بىر قەترەئى،
قەترە يوقكىم قەترىسىدىن چەكرەئى.

ئىشتىياق ئوتىدا كويگەن يارلار،
پىل پىراق ئىلكىدە بولغان زارلار.

ئوتتا كويگەن جۇملە ئاشىقتەك ئىرىق،
يۈزگە تەغيىر بولۇپ بولغاي سېرىق.

ھەر بىرىدە نەقش چەككەن زار ئىشق،
جۇش بوق - بوق زاھىر ئەيلەر ساز ئىشق.

سوز ئۇزالدى داستان قالدى يىراق،
بارچىدىن ئەرمىش نەسىۋىم ئەلپىراق.

× ×

خوش ناۋا قۇش ھەر تەرەپتە نەغمە ساز،
نالەئى داۋۇت ياڭلىغ دىل نەۋاز.

ساپ ئېرىقلەر ئىشق ئېلىنىڭ جانىدەك،
ئېقىزىپ سۇ كوزلىرى گىرىيانىدەك.

جارى ئاندا ئىشق شورىدەك شاراپ،
كاسە ئەتراپىدا ھەربىر دۇررە ناپ.

بولدى ئاندا بەزمىلەر يۈزمىڭ زىبان،
ئەيلىيالماس مەدھى ئەۋساپىن بايان.

ھور - غۇلمان ئوينىدى بى خۇدرمەست،
دىسە بولغاي ئىشق ئېلىدەك مەيپەرەست.

شادى خەندان بولدى گۈلدەك ئاچىلىپ،
تىشلىرىدىن نۇر ھەريان ساچىلىپ.

چېھرەسىدىن ئاپتاپ بولدى خىجىل،
پەيكىرىدىن ھور - جەننەت مۇنپەئىل.

ھوسنى قىلغاچ لالە كوڭلىن داغلىق،
تەرك ئېتىپ شەھر ئولدى دەشتى تاغلىق.

لەرزە تۇشتى قەددىدىن. شەمشادىغە،
لالە تىللىق سەۋسەنى ئازادىغە.

قاشى يا، كىرپىك ئوقىكى ياكى تىغ،
قان توكۇرگە ئاشىق ئەلدىن بى دەرىغ.

كوزىدىن نەرگىس كوزى ھەيران بولۇپ،
زولفىدىن سۇمبۇلغە سەرگەردان بولۇپ.

قان يۇتۇپ لەئلى لەبىدىن لەئلى ناپ،
سوزىدىن دۇرغە سەدەپ ئىچرە ھىجاپ.

نۇقتە ھەم ئاغزىدىن ئولغاندىن ئۇيات،
يوشۇرۇپ زۇلمەت ئارا ئابى ھەيات.

× ×

لايىق ئەرسە گەر ماڭا قىلماق ئازاپ،
قەيد بىلەن زەنجىر ھەم ئوتتىن ئىتاب

ئورتە گۇنچ ئاندا دەۋزەختە مېنى،
ئىشقىنىڭ ئوتىدا كويدۇر ئەي غەنى.

زۇلفىنىڭ زەنجىرى بىرلە ئەيلە قەيد،
نەرگىسى خۇمارى سەييادىغە سەيد.

ئىككى قىبلە ئاشىق ئەلگە سەددى راھ،
ئىككى قاش مىھرابىن ئەتكىل قىبلەگاھ.

كىرپىك ئوقىدىن قىلىپ ئازۇردە جان،
لەئلى لەبدىن ئەيلىگىن كوڭلۇمدە قان.

سەرۋ قەددىن ئەيلە ئاھمنى تۇتۇن،
گۇل چەبىنى غۇنچەددىن ھەم غەرقى خون.

كوزنى يەتكۇز دەردمەنلەر گەردىغە،
قىل دەۋا بى دەردلىغ نىڭ دەردىغە.

يەتكۇسى ھەر رەنجىغە سەندىن شىپا،
دەردسىزلىغ دەردىغە ھەم بەر دەۋا.

بۇ دەۋادىن تەنغە يەتكۇز تازە جان،
ئىشق مەجۇنىدىن ئەيلەپ رەگدە قان.

يەتكۇزۇپ دۇشمەن ھۇجۇمىغە شىكەست،
يارىنىڭ ئىشقىدا قىلغىن مەيپەرەست.

مەقسىدىم ئاچسام جامالىڭغە كوزۇم،
يوقسە سۇرسەم خاك پايىڭغە يۇزۇم.

مۇغبەچە رەھىم ئەتسە ھالى زارىمە،
باقمايىن مەي تۇتسا يوقۇ ـ بارىمە.

تا بولۇپ ياتسام جاھان ئازادىسى،
دەيرى پىرى كويىنىڭ ئەفتادەسى.

ئىشق شەھرىنى دىمىش بىر دەردىمەند،
ھەرگىز ئانداق كورمىدىم شەھرى بەلەند.


AltunOq

مىنى يەتكۈز رەھمە ئەيلەپ شەھرىغە،
شەھرى يوقكىم ماھى روي لار مىھرىغە.

ماھىروي لار ئەكسىدىن ئول شەھرى ئارا،
گاھى قىل بوستاندا گاھى بەھرى ئارا.

شەھرىلەر كەزدىم تىلەپ دانالىقىم،
تۇتى ياڭلىغ ئىستىيان گويالىقىم.

پەردە ياپىپ ھوسنىگە ئول تىركامان،
ئەيلىسۇن ھەيران كوڭۇلنى تەرجىمان.

ئاڭلىبان ھەيرەت بىلەن ياردىن نىدا،
ھەر سوزىگە خان ـ مان ئەتسۇن پىدا.

زارلار گاھى بەلەند گاھىيۇ پەست،
ئەيلەپ ئول ۋالەھنى قىلغاي لال مەست.

گاھى ۋەسلى شەرھىگە ھىجران قىلىپ،
گاھ زۇلەيخا بىرلە گاھ كەنئان قىلىپ.

گاھ تۇتۇپ ئەسكى ساپال ئىچىدە مەي،
گاھ قولاقىغە چالىپ ئاۋازى نەي.

مەي ئىچىدە گاھى ئەيلەپ جىلۋەلەر،
ئەيلەپ ئانى جامى مەيدىن بىخەۋەر.

جام مەيدىن بولماي ئۇل بىخۇد رەڭ،
بەلكى ساقى ھوسنىدىن مەستۇ ـ مەلەڭ.

ئىشقىنى رەھزەن دىدىم ھەر تىركامان،
نە ئۇچۇن كىم ئىشق ئېرور مەھبۇبى جان.

گەر دىسە مەشۇقىنى بۇت يا پەرى،
يا دىسە ھەر بىر كوزۇڭدۇر كاپىرى.

كەلدى بۇ سۇرەتكە نەيرەڭ شىۋەسى،
جىلۋىسىنىڭ ئاشىقى ھەم جىلۋەسى.

قايدا مەجنۇناۋق بىلەن ئەيلەر زۇھۇر،
لەيلى ئۇل بولغاي ئاڭا ئەيلەرگە جۇر.

قايدا كىم پەرھادلىق قىلسە ئايان،
توككۇسى شىرىن لەبدىن ئاندا قان.

ئاندا كىم قىلسە تە ئەررۇز بىرلە ناز،
باغلاغاي مەھمۇدىنى زۇلفى ئەياز.

نازىرىغە دىلبەرى ھازىر بولۇپ،
ئىككىلىك كەتتى ئارادىن بىر بولۇپ.

شوقىدىن جانىمغە تۇشتى قوزغۇلان،
ئەيلىدى كوڭلۇمدىكى سىرنى نىھان.

ئىشقىدىن سوز ئەيلەمەككە بى ئىبا،
تۇتتى باشىمنى مىگەر كىم خولىيا.

## نەسىھەتى پەرزەند

نەسىھەتنى سىنىڭ غەيرىڭغە مۇنداق قىلمىدى ئەخمەت،
جاۋاھىرنى تونۇر سەرراپ، كى زەر قەدرىنى زەرگەرلەر.

نەسىھەتلىك سوزۇمنى قەدرىنى بىل قويماغىل يەردە،
قۇلاق تۇتقىل ئىيرور ھەر بىر سوزۇم مەقسەتكە رەھبەرلەر.

كەل نەسىھەتكە قۇلاق سال ئەي ئوغۇل،
سوزلىرىمنى ئاڭلىغىن ئەتكىن قوبۇل.

مىھرىبان بولسا غەنى بەرزەندىغە،
كوپ جاۋاھىر سەرپ ئىتەر دىلبەندىغە.

يوق پىقىر ئاجىز داداڭنىڭ جەۋھىرى،
لەيك باردۇر ئاغزىدا سوز گەۋھىرى.

دۇر كەبى سوزلار ساڭا ئەيلەر نىسار،
ئال ئۇنى گوھەردەك ئەتكىل ئىختىۋار.

ھەم ئوزەڭگە، ھەم خالايىققا تامام،
ياخشى ئەپئالىڭدىن ئولغاي نەپئى ئام.

بولسا ئادەم، ئات، ئىت ھەمراھ ئەگەر،
كار تاپشۇرماق ئاڭا دىلخاھ ئەگەر.

قايسى نىڭ قولىغا بەرسەڭ ئىختىيار،
چارپاغە بەرمەك ئالماس سازۋار.

ئىتنى ھاكىم ئەيلىسەڭ قالماس ئوزۇق،
ئەيلىگەي بىردەمدە خورجوننى قۇرۇق.

تاشلىغاي مەشغۇل بولۇپ مۇردارىغە،
ئات بىلەن ئادەمنى خارۇ ـ زارىغە.

ئات ئەگەر بولسە ھېكىم بولماس راۋان.
قايدا سۇ، يايلاق ئىسە تۇتقاي ماكان.

ئىتنى ئاچقا ئولتۇرۇر ئادەمنى ھەم،
ھەم ئوزىن دەررەندىلەر قىلغاي ئەدەم.

ئادىمى ئىلكىدە بولسە گەر جىلاۋ،
ئوزى ھەم بولغاي سالامەت ئول ئىكاۋ.

ھىچ بىرگە ئىستىھالە يەتمىگەي،
ئات ئوزۇق ئىت بىرلە زايە كەتمىگەي.

رەنجىمىز كىمدۇركى تاپقاي گەنجىنى،
گەنجى تاپماقلىقغە چەككىل رەنجىنى.

بى تەكەللۇپ كىرمىگەي ئاغزىڭغا نان،
بى تەسەررۇپ قامىتىڭ كەيمەس چاپان.

نە لىباسىڭ توقۇماق سوزماق سىز،
نە غىزايىڭ تېرىماق ئورماق سىز.

پايدا قىلماس كوزگە سۆرسەڭ ئوسمىنى،
روشەن ئەتمەكلىككە سۈرگىل سۈرمىنى.

ھەر ئىشتىكەننى دىمەك تەھقىق سىز،
ئوشبۇ بەس يالغانچىلىققا ئەي ئەزىز.

ھەر ئەجەپكە ئەيلىمە ھەم خەندە كوپ،
بولما ھەر بىر ئىشقا خوش نازەندە كوپ.

مەدھىڭغە مەغرۇر بولۇردىن ھەم يىراق،
بولغايۇ تاپقاي ئۇنىڭىم ياخشىراق.

بىر دەرەم بەرسە ساڭا بىر زىشتى خوي،
دىمىگىن يۇسۇپ مەسەللىك خوبروي.

گەر تاپار خورشىد چۇش ۋاقتى كامال،
شۇل زامان ئەيلەر يەنە مەيلى زاۋال.

گۈلى تەر ئوتتىن چەمەندە ئاچىلۇر،
نەچچە كۈندىن سوڭرە يەرگە ساچىلۇر.



Altun Oq

ئۆمرى ئاخىردىن بولۇرلەر ياخشى كار
قىشنىڭ ئەسبابىن قىلۇرسەن نەۋ باھار

ئىككى قوناق نائىدىن قالساڭ قۇرۇق،
ئىككى كوزدە ئول كۈنى قالماس يورۇق

رۇزا گەر تۇتساڭ مالالەتلەر بىلەن،
يوق قىلىپ غەيبەت ـ شىكايەتلەر بىلەن.

ياخشى ئىش ۋاختىدا سەن بىلمەس بولۇپ
يامان ئىش قىلوردە چوڭ يولۋاس بولۇپ.

ياخشى ئىش ۋاقتىدا مورى ناتاۋان،
يامان ئەيلەردە ىىچۈككىم ئارسلان.

ياخشىدىن توشقان مەسەللىك بىخەۋەر،
يامان ئىشقا تۈلكىدىن ھەم ھىلگەر.

× ×

ھەر كىشى بولسا ئۈنىڭ يارى يامان،
كورگۈسى كىم ئول ياماندىن مىڭ زىيان.

يانا ئەي پەرزەند ئىشت بىر مۇددىئا
ياخشىلاردىن ھەم نەسىپ ئەتسۇن دۇئا.

بىركۈنى يەتسە داداڭغا گەر ئەجەل،
ئارىغە چۈشكەي جۇدالىق ئول مەھەل.

كوتارىپ رويى سىيامۇي سەپىد،
دەردى ھەسرەت زەئۇ ھالى تەن پەلىد.

سەن بوشۇكتە مەن غەمىگدە قان يۇتۇپ،
مەن ئولۇپ لەھەتتە ياتسام ئونۇتۇپ.

مەن تۇتۇپ قويغۇم قولۇمدا ئالمىدەك،
نارا يەرگە تاشلىماس سەن چالمىدەك.

دىمىگىن بۇ كىم ئاتام موللا ئىدى،
ئىلىم ئوقۇپ ئەلگە مەسائىللار دىدى.

ماڭا ئوخشاش موللىنى كوردى جاھان،
ھەر ياماندىن بەك يامان موللا يامان.

ئولكى تائەت قىلدى گەرچە بىلمىدى،
موللا ياخشى بىلدى ھەرگىز قىلمىدى.

بار ئىدى كونە پالاسىم ئوي ئارا،
رەڭگى ئاسى نامەسدەك قاپقارا.

سىينەئى ئاشىق مەسەللىك چاك ئىدى،
ئوزى ئەمما ياخشى يۈزدەك پاك ئىدى.

سەن دىققەت قىل مۇندا بىھەددۇر كەلام،
مۇنچە بىرلە سوزنى مەن قىلدىم تامام.

× ×

ياخشى ئىشتىن قايدا ئاچىلسە گۇلى،
بولدۇم ئاندا سايرىماقغە بۇلبۇلى.

تاكى باقىدور جاھاندا بۇ كىتاپ،
ئوقۇماقتىن بولسا كىمكى بەھرە ياپ.

ساقىيا خۇمارى بولمىش مەن بۇگۇن،
جامى مەي تۇت قوش ماڭا توققۇز بۇگۇن.

رەھمىم قىل ئەخمەت قۇسۇرى ئامى غە،
لەب بەلەب قىل بادە ئەھمەر جامى غە،

(سىنەھ ھىجرىيە 1202 - يىل)



# ئۇيغۇر شائىرى سېيت مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ «شەرھى شىكەستە» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە

## ھەبىبۇللا ئېلى ھېلىم ھاجى ئوغلى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ۋە خەلقپەرۋەر شائىرى سېيت مۇھەممەت تەخمىنەن مىلادى 1820 - يىللىرى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قاش دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ مەشھۇر تارىخىي ئەدەبىي مىراسىمىز — «شەرھى شىكەستە» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورىدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت تولۇق ماتېرىيال بولمىغانلىقتىن، بۇ ھەقتە ھازىرچە تەپسىلى توختىلىش تەس.

شائىر سېيت مۇھەممەتنىڭ «شەرھى شىكەستە» ئەسىرى ۋە بۇ ئەسەردە قەيت قىلىنغان مۇھىم تارىخىي پاكىتلار ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگەنگۈچى ھەم تەتقىق قىلغۇچى خادىملارنىڭ، ئەدىپ-لەرنىڭ تەتقىقات ئىشلىرىدا ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي مەنبە شۇنداقلا مۇھىم تارىخىي يادىكارلىق بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇ ئەسەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر بويى تارتقان ئازاپ - ئوقۇ-بەتلىرىنى، قىلغان مۇڭ - زارىنى، قان - ياشلىق تارىخىنى بايان قىلىش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئۆز ئازاتلىقى - ئەركىنلىكى ئۈچۈن

باتۇرلارچە كۆرەش قىلىپ، بۇ كۆرەشنى توختاۋسىز رەۋىشتە قەتئى ئېلىپ بارغانلىقىنى روشەن كورسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ ئەسەردە ئاساسەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتەسۇغا كوچۇشكە مەجبۇر بولۇش دەۋرىگىمۇ توختىلىدۇ.

مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر خەلقى ئۇدا 200 يىلغىچە مانجۇ ئىستىبدات هاكىمىيىتىنىڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقى، ئېغىر جەۋرى-زۇلۇملىرى ئاستىدا ياشىدى. ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئازاتلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى يارىتىپ، بۇ ئازاتلىقنى ئۆز قوللىرىدا تۇتۇپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى بۇنداق رەھىمسىزلەرچە ئېزىشكە قارشى مۇشەققەتلىك كۆرەشلەرنى ئېلىپ باردى. 1864 - يىلقى ئۇلۇغ ئازاتلىق خەلق قوزغىلىڭى — مانا مۇشۇ تالاي قېتىملىق ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ نەتىجىسى ئىلىدا ”ئىلى سۇلتانلىقى“ نى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇ ھەقتە سىيىت مۇھەممەت مۇنداق دەپ يازدى:

..................................................

كى پۇرسەت تاپتى بۇزدى ئىلەنى تۇڭگان بىلەن يەرلىك،
قىرىپ ئۆلتۈردى دۈشمەننى بولۇپ ئاندا يىغاكەرلىك.
تېپىپ نۇسرەت تارانچى ئۆل مانجۇلارغا قىلىپ ئەرلىك،
كوتەردى ھەق تائالا جىملەر مومىندىن موھىم كەرلىك.

..................................................

ئارامىزدىن قىلىپ سۇلتان بولۇپ بىر نەچچە يىل ئىسلام،
شەرىئەت جارى بولغاچ تۇتتى خەلق ئەركانە-ئىھكام.
نەچچە ئاجىز-پىقىرلارغە كى سۇلتان قىلدىلەر ئىنئام،


AltunOq

پېقىرلەر باي بولۇپ تاپقان ئىدى ئاندىقكە سەرەنجام.

........................................................................

شۇ قېتىملىق قوزغىلاڭلارنىڭ نەتىجىسىدە يەنە ئالتە شەھەر (جەنۇبىي شىنجاڭ)دىمۇ ئۇيغۇرلار ئازاتلىقى ئەمەلگە ئاشتى. لېكىن خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى ئاز سانلىق فېودال ئاقسوڭەكلەر تارتىۋالدى. ئالتە شەھەردە ياقۇپ بەگ (مۇھەممەت ياقۇپ پىر مۇھەممەت مىرزا، 1838 - يىلى تاشكەنتنىڭ پىسكەنت دىگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ 1877 - يىلى كورلىدا ئۆلگەن) 1864 — 1865 - يىللىرىنىڭ قىش پەسلىدە قەشقەرنى ئالغاندىن كېيىن، كوپ ئوتمەي يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچارلارنى ئىشغال قىلدى، ئالتە شەھەرنى بىرلەشتۈرۈپ، قارا شەھەرنى قوشۇپ يەتتە شەھەر دىگەن نامنى بەردى. ئوزىنى "بەدەۋلەت"، "ئاتالىق غازى" دەپ ئاتاپ، جەمى 14 يىل هوكۇم سۈردى. ياقۇپ بەگ ئالتە شەھەردە هوكۇم سۈرۈپ تۇرغان دەۋردە، ئىلىدىكى ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق تەشكىل قىلىدىغان يەرلىك ئاهالىلەر بىرلىشىپ مانجۇلارغا قارشى قوزغىلاڭ كوتىرىپ، 1863 - يىلى ئىلى ئۇيغۇر سۇلتانلىقىنى قۇردى. سۇلتانلىق قۇرۇلۇپ رەسمى ئىشقا كىرىشكەندە، سۇلتانلار خەلق مەنپەئەتىنى چەتتە قالدۇرۇپ، ئەيشى - ئىشرەت، كەيپ - ساپا ۋە نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ، ئوز ئارا خانىلىق تالىشىپ، بىرقانچە يىل ئىچىدىلا ئورۇن ئالمىشىپ تۇرغان ئۇچ سۇلتان، يەنى— مەئزەم بەگ هېكىم، موللا شاۋكەت ئاخۇن ۋە ئەلا سۇلتان ئۇبۇلخانلار ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ تەختتە ئولتۇردى، ئىلى سۇلتانلىقى ئەمىلىي ئىشلاردا يەككە -

يىگانە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئالتە شەھەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھەققىدىكى تەكلىپ-لىرىنى رەت قىلدى. نەتىجىدە خەلق ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە مېۋى-لىرى ئىچكى نىزاھلار تۈپەيلى جاھانگىرلارنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ كەتتى. 1871 - يىلى گېنىرال كولپاكوۋىسكى قوماندانلىقىدىكى چارروسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى ئىلىغا كەڭ كولەمدە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، قوزغىلاڭچى خەلقنى قانلىق باستۇرۇپ، ئىلى سۇلتانلىقىنى يوق قىلىپ تاشلىدى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبى شۇكى — ئەينى دەۋردىكى روسىيىنىڭ ھەربىي كۈچى ناھايەت دەرىجىدە غالىپ ئورۇندا تۇرغان بولسا، ئىككىنچىدىن يەرلىك مەمۇرلەر ئىتتىپاقسىز ئىدى؛ ۋەتەن ساتقۇچ، مەنسەپپەرەس بۇشۇر بەگ جېلىلىغا ئوخشاش ئىپلاسلارنىڭ رۇس ئەسكەرلىرىنى ئارقا تەرەپتىن باشلاپ كىرىشى بەلگىلىك رول ئوينىغان ئىدى.

ئىلىنىڭ چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنىشى ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن زور بالايى - ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. روسىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئىلىغا كىرىش بىلەن ئىلى خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. شۇنداق قىلىپ ئىلى 1871 - يىلدىن 1881 - يىلغىچە توپ - توغرا 10 يىل رۇس مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئاسا-رىتى ئاستىدا بولدى. بۇ 10 يىل ئىچىدە ئىلى خەلقى روسىيە ئاقسوڭەكلىرىنىڭ مىللىي زۇلمى، دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە يەرلىك (مىللىي) ساتقىنلارنىڭ، قورچاق ھاكىمدارلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىدى ھەم روسىيىنىڭ مۇستەبىت مۇستەملىكىچىلىك سىيا-سىتى ئىلىدا كاپىتالىزم تەرتىپلىرىنى ئورنىتىش مەقسىدىدە ئېلىپ بارغان زوراۋانلىق بېسىمى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدىكى

مۇناسىۋەتلەردىكى زىددىيەتنى كۆچەيتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يەر-لىك خەلق قوش زۇلۇم ئاستىدا قالدى. سېيىت مۇھەممەت بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كورۇپ، بىتاقەت بولۇپ مۇنداق شەر-ھىلەيدۇ:

......................................................
باھادىر كوپ ئاتانىغانلاركى جەڭ قىلماي قاراپ تۇردى،
ئۇلۇغلار چارە تاپماي كۆنلىكى بىرلە ھەممە ھايال بولدى.
......................................................

زۇلۇم - سىتەم دەستىدىن سەۋرى - تاقىتى قالمىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇشمەنگە قارشى ھەر دوقمۇشتا ئېلىپ بارغان مىللى ئازاتلىق ھەركەتلىرى، خەلقارادىكى ئېچىلىقپەرۋەر ئەللەرنىڭ قاتتىق بېسىمى ۋە مانجۇلاردىن مەنپەئەتدار بولۇپ كېلىۋاتقان غەربىي ياۋروپا دولەتلىرىنىڭ ئارىغا قىسىلىپ كىرىشى ئارقىسىدا 1881 - پېتىربۇرگتا ئىمزالانغان رۇس - مانجۇ كېلىشىمگە بىنائەن رۇس پادىشالىغى ئىلى ۋىلايىتىنى مانجۇ مۇتلەق ھا-كىملىقىدىكى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بەردى. ئىلى خەلقى ئەمدىلىكتە يەنە مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ فېودال فاشىستلىق تېرورلۇق سىياسىتىنىڭ زۇلۇم كۆلپىتىنى چېكىشكە باشلىدى.

ئىلى خەلقى مانجۇ ئىستىبداتلىرى يۈرگۈزگەن فاشىستىك فېودال - قۇللۇق سىياسىتىنىڭ جەۋرى - زۇلۇملىرىغا چىدىماي، يەتتە سۇ رايونىغا كوچۇشكە مەجبۇر بولدى. بۇ توغرىدا سېيىت مۇھەممەد يەنە تۆۋەندىكىلەرنى يازدى:

تۇغۇلغان يەردىن ئاجراپ چولگە كەتمەكلىك بېسى مۇشكۇل،
مانجۇ قولدا قالساق زۇلمى قىلسا ئول بېسى مۇشكۇل.
ئارادەتىنىڭ بولۇپ مەھجۇرى غېرىپلىق ئول بېسى مۇشكۇل،
يىقىلدى باشىمىزگە كوھىقاپ تاغى بېسى مۇشكۇل.

..................................................................

پۇتتۇم بۇ مۇخەممەس سىيىت مۇھەممەت بۇ باشىم غەملىك،
بۇ سوز مەزمۇنغە يەتىمەك مۇڭا بولغاي كىشى پەھىملىك،
ھەممە خەلقى - خالايىق كوچ غېمىدا جىمىلەر ماتەملىك،
كىچىك چوڭنىڭ قالمايىن بۇ يەردىن ھەم ئۇزۇم دەملىك.

ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئۇزىنىڭ تۇرالغۇلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا جايغا كوچۇش ئوڭاي ئەمەس ئىدى، كوپچىلىك نامرات خەلقتە كوچۇش ئۇچۇن يېتەرلىك كۇچ - قۇۋۋەت يوق ئىدى. بىچارە خەلق چوڭقۇر غەم قايغۇغا چومىدۇ:

..................................................................

ئاھ دەرىخا، بىزنى بۇ يۇرتتىن جۇدا قىلدى پەلەك،
يۇرت بولۇرمىز دەپ بارۇرمىز كورمىگەن يەرلەر چىلەك.

..................................................................

زۇلۇمدىن قورقۇپ بارۇرمىز خانەنى ۋەيران قىلىپ،
ئوي - ئىمارەت ئاندا يوق لەيلى نىھاردا غەم يىمەك.

..................................................................

قۇۋۋىتى بار ئادەملەر تىنتىماس ئاندا بارىپ،
قىلغۇسىدۇر ئوي - ئىمارەت، باغۇ - بوستان تېرەك.

..................................................................

پېقىرى پۇقرالەر خىجالەت، تەڭگەسى يوق قولدا،
ئايلانىپ باش قاتىپ ھەر كۈندە يۈز مىڭ غەم يىمەك.

.................................................

ئۆمرىنى پېقىرچىلىق - يوقسۇزلۇقتا ئۆتكۈزگەن شائىر سېيىت مۇھەممەتىيۇ باشقىلار قاتارىدا يەتتە سۇغا كوچۇش غېمىنى يەيدۇ، ئۇ مانجۇ مۇستەبىتلىرىنىڭ ئاياق ئاستىدا قېلىشنى خالىمايدۇ. لېكىن ئۇ يوقسۇزچىلىقتىن غەم - غۇسسىگە چوكىدۇ. سېيىت مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى شەرھىلەپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:

.................................................

دوستلار باشىم قاتىپ ھەيران بولمىش مەن بۇگۈن،
ئاقىۋەت تەغدىر نە ئىكىن غەمگە قالمىش مەن بۇگۈن،
دەرت - ئەلەم مېھنەت پىراقى ئىچرە قالمىش مەن بۇگۈن،
ئۇشبۇ غۇربەت دەستىدە چوللەردە قالمىش مەن بۇگۈن.

.................................................

يەتكۈزەلمەي پىكرىنى يۈز مىڭ ئەگەر قىلسام خىيال،
ئاقىۋەت نە بولغاسىنى بىلمەس ھىچكىم ئېھتىمال،
ياخشىلىقتۇر خاھى يامانلىق بارچەسى ئۆزدىن قائىل،
بۇ پەلەك قىلغۇسىدۇر مەن پېقىرنى پايىمال.

.................................................

بارساق ئاندا نە قىلۇرمىز ئۆي - ئىمارەت بولماسا،
سۇ چىقارىپ يەر تېرۇرغا مەندە قۇۋۋەت بولماسا،
كەلدى كۆلپەت كۆنلىرى مۇندىن مۇشەققەت بولماسا،


AltunOq

بارچە ئەل مەرداندۇر مېنىڭدە غەيرەت بولماسا.
.................................................

ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ۋە خەلقپەرۋەر شائىر سىيىتمۇھەممەت ئوز ۋەتىنىنى، خەلقنى چىن دىلدىن قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەن ۋە خەلق ئۇچۇن جان پىدا قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان مىللى قەھرىمان ئىدى. ئۇ ئوزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ۋە خەلقپەرۋەر شائىر ئىكەنلىگىنى يۇرتى ۋە يۇرتداشلىرى بىلەن مەجبۇرەن ۋىدالىشىپ يازغان تووەندىكى شېئىرلىرى ئارقىلىق ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ:

.................................................
ئەلۋىدا دەپ بىز كېتەرمىز ئىلى شەھرى ياخشى قال،
مۇلۇك ـ ئىمارەت، جايى ـ مەنزىل ئەرز بەھرى ياخشى قال.
.................................................
ئىلدە ياتقان مازالار بىزگە قىلغايسىز مەدەت،
ھەر دۇئادا ياد ئېتەرمىز ئەۋلىيالار ياخشى قال.
ھەم غېرىپ قالدى يەنە قېرىنداش روھلار،
ئاتا ـ ئانا تۇپراغى قەبرى ـ گورىستان ياخشى قال.
.................................................
كىندىك قانىنى توكۈپ تۇققان ئانىمىز قايدا سەن،
ھەممە دەپ قەلئەنىڭ روھ ـ راۋانلار ياخشى قال.
.................................................

ئىلدىن يەتتە سۇغا كوچۇش 1881 ـ يىلى كەچ كۈزدە

باشلىنىدۇ. قىش كېلىش بىلەن كوچكەن خەلق ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالىدۇ، خەلق يول بويى داللاردا، چۆل - جەزىرىلەردە قىشلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ قېتىمقى كوچۇش 1883 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تامام بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىن 45373 كىشى، خۇيزۇلاردىن 4682 كىشى ياركەنت، ئالمۇتىنىڭ كەتمەن، ئاقسۇ، چارىن ۋە قارا سۇ، قورام، مالباي دېگەن جايلىرىغا؛ يەنە بىر قىسمى ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ بەيرەم ئەلى مەنزىلگە يېقىن ئاختام دېگەن يېرىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى، 7 - 8 مىڭ ئۇيغۇر كەتمەن دائىرىسىدىكى رۇسلار تەۋەسىدە قالىدۇ. چارۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئازىيادىكى بېسىۋالغان زېمىنلىرىدا تېرىقچىلىق قىلىش ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئاھالە يوتكەشكە رۇخسەت قىلغان ئىدى.

ئىلى ئۇيغۇرلىرى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ جەۋرى - زۇلمىدىن قۇتۇلالماي يەتتە سۇ رايونىغا كوچكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا ھېچقانداق ياخشىلىق بولمىدى. ئەكسىچە ئۆي - ماكانسىز قۇرۇق يەرلەرگە، چۆل - جەزىرىلەرگە ئورۇنلىشىپ، 3 - 4 يىل تولىمۇ ئېغىر ئەھۋالدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردە ئىدارە قىلىش ئىشلىرى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلاردىن ئاقساقاللار، ئەللىك بېشى ۋە قازىلار تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار پەقەت مەھەللىي ئىشلارنىلا باشقۇرۇپ، باشقا ئىشلاردا ئۆيىزدىناي، ناچالنىكلار بىلەن پىرىستوفلارغا بويسۇناتتى، بۇلارسىز ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ھېچقانداق ئارتۇقچە ئىش قىلالمايتتى، كوچۇپ چىققان خەلقلەرگە يەر بولۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كوپچىلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ئېغىر ھالەتتە قېلىۋەردى، چۈنكى، بېرىلگەن يەرلەر قۇملۇق ياكى

شورتاڭ يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەردە سۇ كەم بولۇپ، يامغۇر-يېشىن بولمىغان يىللىرى ئاشلىق بولمايتتى. روسسيە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا يەر، سۇ مەسىلىسى يىلدىن-يىلغا ئېغىرلىشىپ، كەمبەغەل ئۇيغۇر دىخانلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلاشتى، ئات-ئۇلاقلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك قوراللىرى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، نامرات دىخانلار يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىشكە مەجبۇر بولدى. "سۇ بولۇپ تۇرغان يەرلەردىمۇ نۇرغۇن ئىگىلىكلەر كەمبەغەللىكتىن يەرلىرىدىن تولۇق پايدىلىنالمايدۇ، زېمىندارلار يەرلىرىنى تولۇق تېرىپ ئالىدۇ. كەمبەغەللەر بولسا يەرلىرىنىڭ ئازلا قىسمىنى تېرىپ ئالالايدۇ." (پ، پ، رومەنتسوپ «تارانچى» كىتاۋى 51-بەت) مانا شۇنداق كەمبەغەللەر ناھايىتى كوپ ئىدى، "بىر ياركەنت بولۇسى بويىچە يېزا ئىگىلىك قوراللىرى يوق دىخانلار 67، 78 پىرسەنتنى، ئات ھارۋىلىرى يوق دىخانلار 67، 62 پىرسەنتنى ۋە ئىشچى ماللىرى (ئات، ئوكۇز) يوق دىخانلار، 79، 76 پىرسەنتنى تەشكىل قىلاتتى." (رۇمەنتسوپ «تارانچى» 1-قىسىم 27-بەت) زور كوپچىلىك كەمبەغەل دىخانلارنىڭ يەرلىرىنى زېمىندارلار ئەرزان باھادا ئىجارىگە ئېلىپ، ئاستا-ئاستا ئوز قوللىرىغا توپلىۋالاتتى. خەلقنى يەرلىك فېئودالاردىن تاشقىرى يەنە رۇس پادىشالىغىمۇ ئېزىپ كەلدى، يەر سېلىغى، زېمىنسكى سېلىغى، مەمۇرلار ئىش ھەققى سېلىغى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۇگىمەس ئېلىق-سېلىقلار خەلقنىڭ بويىنىغا چۇشۇپلا تۇراتتى. رۇس پادىشالىغى ئوزىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى ئاستىدا خەلقنى قۇللۇقتا-نادانلىقتا تۇتۇش مەقسىدىدە ئېزىلىشلەرنى كۇچەيتتى. پادىشالىق يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىلىدىكى فېودال

مۇناسۋەتلىرىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى. بۇ ھەقتە رومەنتسوپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئومۇمەن، تارانچىلار (ئۇيغۇرلار) كوچۇشتىن ئىلگىرى قانداق بولغان بولسا، بىزگە كوچۇپ چىققاندىن كېيىنمۇ شۇ قېلىپتىلا قالدى."

(«تارانچى» 1 - قىسىم 12 - 13 - بەتلەر)

ئەينى دەۋرنىڭ بىلىملىك، تەرەققىپەرۋەرلىرىدىن ھېساپ-لانغان سېيىت مۇھەممەت تارىختىن خەۋىرى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا دۇنياغا نىسبەتەن ھورىيەتپەرۋەرلىك بىلەن قاراش كۈچلۈك ئىدى. ئۇ:

..................................................

شاھنشاھلىق ۋاپا قىلسا قىلۇر ئەردى سۇلايمانغە،
يەنە جەمشىت ئىسكەندەر فىرىدىن ئول نوشىرۋانغە؛
سەبەبى ھازىرقى سوقرات ھەركىم بىرلە لوقمانغە،
باھادىرلىقتا پەرزور رۇستەم كى زال داستانغە.

..................................................

بۇ ئالەمنىڭ ئىشى بەزى تۈۋەن، بەزى بەلەند قىلماق،
بىرونى رەنج مېھنەتتە بىرونى تەربىيە قىلماق،
بىرونى ناز ئىشرەتتە بىرونى دەرتمەند قىلماق،
بىرونى خار ئەيلەپ بىرونى غەمدە يىغلاتماق.

..................................................

دەپ يازىدۇ.

خەلقپەرۋەر شائىر سېيىت مۇھەممەت خەلقنى قىزغىن سۆيگەن؛ خەلق ئۈچۈن دائىم قايغۇرغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «شەرھى شىكەستە» دىگەن ئەسىرىنى تۆۋەندىكى شېئىرلار بىلەن تاماملىدى:

بۇ كىتابەتغە قويۇپ شەرھى شىكەستە خامە ـ ئات،
تىڭلاغاي ئول دەرتمەنلەر قايداغ ئادەم بولسا زات،
ھەرنە ئىش بولسا كورەرمىز تاكى بىز بولساق ھايات،
راھى چولدە ئاسراغىل يارەب مېنى قىلماي ۋاپات.

..........................................................

ھەم ئۆزەمنىڭ دەردى بار پۇقرالار ئۈچۈن غەم يېدىم،
پاندا قالۇر ئاتىم دەپ سوز تىزىپ پەھىم ئەيلىدىم.
بۇ بېيىت بىرلە مۇخەممەسلەر قىلىپ نەزىم ئەيلىدىم،
بىر نەچچە كۈن پىكىرلەپ دىل يولىنى ئەزىم ئەيلىدىم.

..........................................................

ئاسى جاپىي سىيىت مۇھەممەت سەن ئۆزەڭ ھۇشيارى بول،
توبە دەپ ئۇشلاپ ياقاڭنى ھەرسەھەر بىدارى بول،
بىر نەچچە مىسكىن پېقىر ئادەملەرنىڭ دىلدارى بول،
باخشىلەرنى ئىزلەگىل تاپماق ئۈچۈن ئاۋارى بول.



# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەتتارجان مۇھەممەدى

### نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

قەھرىمان ئىنقىلابچى، تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 1896 - يىلى تۇرپان يېڭى شەھەردە چوڭ سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. شائىر بالا ۋاقىتلىرىدا دەسلەپ تۇرپاندا دىنىي مەكتەپتە، ئۇندىن كېيىن خەنزۇ مەكتىۋىدە ئوقۇغان. بۇ مەكتەپلەرنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شائىرنى ئاتىسى ئابدۇراخمان قاراشەھەرگە ئاپىرىپ مۇڭغۇل مەكتىۋىدە ئوقۇتقان، شائىر مۇڭغۇل مەكتىۋىدە ئاساسەن مۇڭغۇل تىلىنى ئۆگەنگەن. شائىرنىڭ ئاتىسى تۇرپان ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى سودا شەھەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى زاماندىكى تۈركىستان شەھەرلىرى، ھەتتا شەرقىي ياۋروپادىكى چوڭ شەھەرلەرگە دائىمى يوسۇندا قاتناپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان كىشى بولۇپ، ئۇ ئوغلى ئابدۇخالىقنى چەتئەل شەھەرلىرىگە بىرقانچە قېتىم ئۆزى بىللە ئېلىپ بارغان. بۇ جەرياندا شائىر تۈركىستان-

نىڭ شەمەي شەھىرىدە بىر يىلدىن ئارتۇقراق تۇرۇپ رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن. شۇنداق قىلىپ، شائىر ياشلىق قىرانىغا يەتكىچە ئەرەب، پارس، خەنزۇ، رۇس ۋە موڭغۇل تىللىرىنى ئىگەللەپ، نەزەر دائىرىسى كەڭ، ھازىرقى زامان پەن - مەدىنىيىتى بويىچە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغان جۇشقۇن ئىنتىلىشلەرگە ئىگە بىر مەرىپەت ئىگىسىگە ئايلانغان.

شائىرنىڭ ئاتىسىغا ئەگىشىپ جۇڭگو ۋە چەتئەل شەھەرلىرىدە كۆپ قېتىملاپ بولۇشى ئۇنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەرخىل باسقۇچلىرىدا ۋە ھەرخىل سىياسىي ئەھۋالدا بولغان خەلقلەر ۋە مىللەتلەر بىلەن تونۇشتۇردى. زامانىسىغا يارىشا يۇقۇرى ساۋاتقا ئىگە بولغان شائىر ئۆز خەلقىنىڭ ئەينى زامانىدىكى سىياسىي ئورنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رىياللىقىنى چوڭقۇر چۈشەندى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى ئۆزى كۆرگەن رايون ۋە مەملىكەتلەردىكى نىسبەتەن تەرەققىي تاپقان ۋە ئويغانغان خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسى بىلەن سېلىشتۇردى. شائىر ئۇسۇپ يېتىلگەن بۇ خىل ھاياتىي شارائىت، ئۇ كۆرگەن ئىجتىمائىي تارىخىي ۋەقەلەر، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېچىنارلىق ئەھۋالى ئۇنىڭدا خەلق ئازاتلىقى ۋە دېموكراتىيە ئىدىيىلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئىنقىلاۋىي ئىنتىلىشلەر يولىغا ئېلىپ ماڭدى. شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىمۇ مانا شۇ ئىدىيىلەر زېمىنىدە راۋاج تاپتى.

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرى بىلەن 30 - يىللىرى ئارىلىقى بولۇپ، بۇ دەۋردە رايونىمىز شىنجاڭدا شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ

غەلىبە مېۋىلىرىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋال-
غان مىلىتارىست ياڭ زېڭشىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى. ياڭ
زېڭشىڭنىڭ گېجۆي ھاكىمىيىتى شىنجاڭدا مانجۇ [1]خاندانلىقى
يۈرگۈزگەن قۇل قىلىش ۋە مىللىي زۇلۇم سىياسىتىگە تولۇغى بىلەن،
بەلكى ئاشۇرۇپ ۋارىسلىق قىلدى. مىلىتارىست ياڭ زېڭشىڭ
ئىنتايىن قارا كۆڭۈل ۋە ھىيلىگەر سىياسىئون ئىدى. ئۇ شىن-
جاڭدا سىياسىي جەھەتتە "بىر بىرىگە بەنت قىلىپ قويۇپ ئۇس-
تىدىن باشقۇرۇش سىياسىتى" دېگەننى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر
بىلەن مىللەتلەر، قەبىلىلەر بىلەن قەبىلىلەر، شەھەرلەر بىلەن
شەھەرلەر، يۇرتلار بىلەن يۇرتلار، يېزا-كەنتلەر بىلەن يېزا-
كەنتلەر ئوتتۇرىسىدا قەستەن نىزا ۋە جاڭجاللار پەيدا قىلىپ،
ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزئارا ئېلىشىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ
قويۇپ، ئۆزى بولسا ئازغىنا ھەربىي كۈچ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى
ئۇزۇن يىللار داۋامىدا خاتىرجەم باشقۇردى. ئۇ ئاشكارا ھالدا
مىللىي تەڭسىزلىك، مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ شىنجاڭ
مىللەتلىرىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە
باشقۇرۇش ئىشلىرىغا يېقىن يولاتمىدى، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئور-
نىنى كۆتۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى ياخشىلاش جەھەتتە
ھېچقانداق ئەمەلىي چارىلەرنى يولغا قويمىدى، ئەكسىچە، ئۇلارنى
سىياسىي جەھەتتىن رەھىمسىز باستۇرۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن
ئۈزلۈكسىز تالان-تاراج قىلدى. ئۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت
خەلقى ئۈستىدىن، ئۇلارنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ۋە دىنىي
روھانىيلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ سىنىپىي زۇلۇم
يۈرگۈزدى. مىلىتارىست ياڭ زېڭشىڭ ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ-زۇلمەتلىك
قەبىھ ۋاستىلىق سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى يولغا قويۇشتا ئەلۋەتتە

ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ فېئودال تارقاقلىقىدىن، خەلقىنىڭ سىياسى ۋە مەدىنى جەھەتتىكى ساۋاتسىزلىقى ھەمدە خەلقىنىڭ ئېڭىنى بىخۇتلاشتۇرۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ئەسىر دىنى خۇراپاتچىلىقىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان ئىدى. شىنجاڭ خەلقىنى داۋاملىق يوسۇندا مۇشۇ خىل تەرەققىيات سەۋىيىسىدە ساقلاپ قېلىش ئۇلارنىڭ ئويغىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ساقلىنىش — ياڭ زېڭشىنىڭ مۇستەبىتچىلىكىنىڭ سىياسى پروگراممىسى بولغان ئىدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان ۋە ئىجات قىلغان تارىخىي - ئىجتىمائى مۇھىت مانا شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ يۇرتى، ئۇنىڭ خەلقى مىللى زۇلۇم ۋە سىنىپىي زۇلۇمدىن ئىبارەت قوش تاغ ئاستىدا يەنچىلىپ ياتاتتى. بۇ خىل دەۋر رىياللىقى شائىرنىڭ ئىجادىدا كەڭ يوسۇندا ئەكس ئەتتى. شائىر يالقۇنلۇق ئىستەك ۋە قويۇق ئىچكى ھاياجان بىلەن سۇغۇرۇلغان شېئىرلىرىدا خەلقنى ئويغىنىشقا، ئازاتلىق، ئەركىنلىك، تەرەققىيات ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا، خۇراپاتلىقنى تاشلاپ، ھازىرقى زامان پەن - مەدىنىيىتىنى ئىگەللەپ، تەرەققى تاپقان ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا چاقىردى. ئۇ زالىم ھوكۇمرانلارنى مەنپەئەتپەرەست ۋە ساتقىن روھانىلارنى پاش قىلدى، ئۇز خەلقىنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىندى، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىدىن قايغۇردى. ئۇز نۇۋۋىتىدە يەنە ئۇ ئۇز خەلقىغە ھوكۇمرانلىق قىلغۇچىلار تەرىپىدىن تارىخىي يوسۇندا سىڭدۈرۈلگەن ناچار ئىللەتلەرنى ئەيىپلىدى.

بىز شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا خەلقنى ئويغىنىشقا چاقىرغان يالقۇنلۇق خىتاپلارنىمۇ، جۈملىدىن قىسمەن يوسۇندا ئۇز غايە-

لىرى ۋە ئىلغار ئىدىيىلىرىنى جارى قىلىشتا دۇچ كەلگەن تەنھالىق قايغۇسىنىمۇ كۆرىمىز. بۇ تاسادىپى ئەمەس ئەلۋەتتە. شائىر تەرغىپ قىلغان دېموكراتىيە ۋە خەلق ئازاتلىقى ئىدىيىلىرىنىڭ خەلق كۆپچىلىكى ئاڭسىز، ساۋاتسىز بىر ھالەتتە تۇرۇۋاتقان، فېئودال تارقاقچىلىق ۋە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى چۈشەپ قويغان بىر دەۋردە ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا قىسمەن ئەكس ئەتكەن قايغۇ، ئەتراپىدىكىلەر ئومۇمى يۈزلۈك غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بىر چاغدا بالدۇر ئويغانغان ۋە بۇ ئۇيقۇنىڭ ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن جەڭچىنىڭ قايغۇسىدۇر.

شائىرنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ سودىگەرچىلىك ئىشىنىڭ ۋارىسى بولىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلغان ۋە شۇ مەقسەتتە ئۇنى ھازىرقى زامان مائارىپى بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىگەن ئىدى. شائىر ئاتا-ئانىسى يارىتىپ بەرگەن ئوقۇش پۇرسەتلىرىدىن ياخشى پايدىلاندى-يۇ، ئەمما ئۇلار ئۈمىد قىلغان يول بىلەن ماڭمىدى. ئۇ سودىگەر بولۇشنى ئەسلا ياراتماس ئىدى، سودىگەرچىلىك قىلىشنى ئۇ ئۆزىگە نامۇناسىپ كۆرەتتى. ئەكسىچە ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، ئۆزىنى كېلىچەك ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلەر ئۈچۈن تەييارلاش يولىغا ماڭدى. ھازىر تۇرپاندا شائىرنىڭ بالىلىق دەۋرىدە دىنىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىمىن ھاجى داموللا دېگەن كىشى ھايات بار، يېشى 80 دىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، خاتىرىسى، زېھنى ناھايىتى ئوچۇق بولغان بۇ كىشى شائىر توغرىسىدا مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: بىر كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ



Altun Oq

مەخسۇس ئۈگىنىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۆيىدـ
دىن چىقىپ كەلگىنىدە، قورادىكى كارۋاتتا ئولتۇرغان ئانىسى
نىيازخان ئۇنىڭغا: — دەم ئالغىلى چىقتىڭىزمۇ ئوغلۇم؟ ئۇ ئۆيدە
كەچكىچە ئولتۇرغىنىڭىز ئولتۇرغان، ئىچىڭىزمۇ پۇشمايدىكەن.
ئۆيدە مۇنداق كەچكىچە ئولتۇرۇۋەرگىچە ئوقەت قىلسىڭىز بولاـ
مامدۇ؟ بىزدە پۇل دىسە پۇل بار، مال دىسە مال بار، بازاردا
دۇكاندىن بىرنى ئېچىڭ، ئۆيدە ئولتۇرغىچە دۇكاندا ئولتۇرۇڭـ
دە! شائىر ئانىسىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپتۇـ
دە، دەرھال مېھمانخانىغا كىرىپ، ئۇ يەردىن چىرايلىق بىر
گۈلداننى كوتىرىپ چىقىپتۇ. ئۇ گۈلداننى كورسىتىپ تۇرۇپ
ئانىسىغا، — ئانا، بۇنى ھارۋا چاقىنى مايلايدىغان ماينى قاچىدـ
لاشقا ئىشلەتسەك بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى ھەيران
بولۇپ، — ۋاي، خۇدايىمەي! بۇ نىمە دىگىنىڭىز بالام! بۇ گۈلاـ
دان تۇرسا، ئۇنى قارىماي قاپىغى قىلسا قانداق بولىدۇ؟ —
دەپتۇ. شائىر ئاندىن ئانىسىغا، — مېنى دۇكان ئېچىپ سودىگەرـ
چىلىك قىل دىگىنىڭىز مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر گەپ، — دەپتۇ.
شۇندىن كېيىن ئانىسى قايىل بولۇپ ئۇنىڭغا، — توۋا قىلدىم
بالام، قىلۋاتقان ئىشىڭىز دۇكان ئېچىشتىن مۇھىم بولسا،
مەيلى، قىلۋېرىڭ! — دىگەن ئىكەن.

20 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت
مىللىتارىست ياڭ زېڭشىڭنىڭ قولىدىن مىللىتارىست جىڭ شۇرېنغا
ئوتتى. جىڭ شۇرېن ياڭدىن بۇ گېجۇي ھاكىمىيەتنى ھەربىيـ
سىياسى ئوزگىرىش يولى بىلەن تارتىۋالغان ئىدى. جىڭ شۇـ
رېننىڭ ئەكسىيەتچىل ھوكۈمرانلىقى باشلىنىش بىلەنلا، خەلقنىڭ
ئۈستىدىكى مىللى ۋە سىنىپىي زۇلۇم ھەسسىلەپ ئاشتى، جىڭ

شۇرېنىڭ زۇلۇم-زورلۇقى خەلقنىڭ قاتتىق قارشىلىقىنى قوزغىدى.
قۇمۇلدا جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك
دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنىڭ
تەسىرى بىلەن تۇرپاندىمۇ خەلق قوزغىلىشقا باشلىدى، شەھەردىن
يېزىلارغا قەدەر قورالىق قوزغىلاڭ غۇلغۇلىسى پەيدا بولدى.
بۇ پەيتتە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاكتىپلىق بىلەن ئىنقىلاۋىي
ھەرىكەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ئۆتتى. ئۇ باتۇر ۋە ئاقىلىق كىشى-
لەردىن 17 كىشىلىك "ئىنقىلاۋىي ھەيئەت" تەشكىللەپ، بۇ
ھەيئەت ئارقىلىق تۇرپان خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ قورالىق
قوزغىلاڭغا تەييارلىنىشقا باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە جىن شۇ-
رېننىڭ قۇمۇل دىخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئېۋەتكەن
ئارمىيىسى قۇمۇل تاغلىقلىرى بىلەن بولغان سوقۇشتا مەغلۇپ
بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىش يولىدا تۇرپاندا توختاپ ئۆتتى،
ئۇلار تۇرپان يالقۇنتاغدىمۇ شۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ قورالىق
ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئىدى، ئۇلار پەقەت تۇرپان بازار ئىچىدىلا
بىر-ئىككى ھەپتە تۇرۇپ قالالىدى. بۇ ئارمىيىنى يېتەكلەپ
ماڭغۇچى — جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي قوماندانى جال-
لات شىڭ شىسەي ئىدى. شىڭ شىسەينىڭ چېكىنىۋاتقان قىسىم-
لىرى تۇرپان بازار ئىچىدە توختاپ تۇرغان بۇ ۋاقىتتا، پەيت
كۈتۈپ ياتقان خەلق خائىنى روزى موللا قاتارلىق ئىككىيلەن
شىڭ شىسەيگە تۇرپاندىكى تەييارلىنىۋاتقان قوزغىلاڭ ئەھۋالىنى
ۋە 17 كىشىلىك ئىنقىلاۋىي ھەيئەتنىڭ ئەزالىرىنى مەلۇم قىلىپ
قويدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دوست-
لىرى ۋە تۇغقانلىرى ئۇنى باشقا ياقلارغا قاچۇرۇۋېتىشنى پىلانلاپ
شائىرنى قوراسى ئالدىدا مەجبۇرى ئاتقا مىنگۈزگەندە، شائىر

ئويلىنىپ كورۇپ، ”مەن قالاي!“ دىدى ـ دە، ئاتتىن چۈشۈپ، قېچىپ كېتىشنى مەرتلىك بىلەن رەت قىلدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلىق 17 كىشى تېزلىك بىلەن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى تۇتقۇن قىلىنغان بۇ 17 كىشىنى تۇرپان يېڭى شەھەرىدىنىڭ مەركىزىگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى تۆۋرۈكلەرگە چەمبەرچەس باغلاپ تاشلايدۇ. هازىر هايات بولغان، ئۇلارنىڭ قانداق قەتلى قىلىنغانلىقىنى ئوز كوزى بىلەن كورگەن كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئولۇم ئالدىدا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ چىرايىدا قىلچە ۋەهىمە ۋە قورقۇش ئالامەتلىرى كورۈلمىگەن، ئەكسىچە ئۇنىڭدا غۇرۇر ۋە مەتانەت جۇش ئۇرۇپ تۇرغان. شائىر ئولۇم ئالدىدىن تەمكىنلىك بىلەن ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تىللاردا يالقۇنلۇق بىر نۇتۇق سوزلەپ، ئەكسىيەتچىلەرنى پاش قىلغان، خەلقنى زۇلۇمغا ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى قوزغىلىشقا چاقىرغان. جاللات شىڭ شىسەي ئۇلارنى قىلىچ بىلەن چاپتۇرۇپ ئولتۇرگەن، ئارىسىدىن بىرەيلەننىڭ كوكرىگىنى يېرىپ، يۈرىگىنى يۇلۇۋالغان. مانا شۇندىن كېيىنلا شىڭ شىسەي ئاندىن ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىققان. بۇ 1932 ـ يىلىنىڭ مارت ئېيى ئىدى.

ئارىدىن كوپ ئوتمەي قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ داغدۇغىلىق قوشۇنى تۇرپانغا يېتىپ كەلدى. تۇرپان خەلقى قوزغىلاڭچىلارغا خائىن روزى موللا قاتارلىق ئىككىيلەن ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى ۋە ئۇلارنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىككى خائىن ئۇستىدىن هوكۇم چىقىرىپ، ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ، ئومۇمى خەلق ئالدىدا مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئولتۇردى.

قورچاس ئىنقىلاپچى، خەلق قەهرىمانى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ شەخس. ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي مەردانىلىغى خەلقىمىزنىڭ زۇلۇمغا ۋە ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەر تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. خەلق ئۆزىنىڭ بۇ سادىق پەرزەندىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

شائىرنىڭ بۇ ئولمەس شېئىرىي ئەسەرلىرىنىڭ تېپىلىشى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا 10 - يىللاردىن 30 - يىللارغا قەدەر بولغان بوشلۇقنى تولدۇردى. بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز. شائىرنىڭ يەنە ئەينى يىللاردا رۇس يازغۇچىسى لىۋ. تولستوينىڭ «ئاننا كارىنىنا» ناملىق رومانىنى رۇس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغانلىغى، چوچەكتىن تاش مەتبە سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ تۇرپاندا مەتبەچىلىك ئىشلىرىنى يولغا قويماقچى بولغىنىدا، ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت تەرىپىدىن چەكلەشكە ئۇچرىغانلىغى توغرىسىدىمۇ مەلۇماتلار بار.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئىزلەپ تېپىش ئىشىدا تۇرپاندىن ئابدۇراخمان باقى، ساتتار ئابدۇراخمان، ماخمۇت ئەكبەر، ياقۇپ ئومەر قاتارلىق يولداشلار مۇھىم پائالىيەتچانلىق كورسەتتى، ئۇلار مېنى شائىرنىڭ ئوزلىرى ساقلىغان كوپلىگەن شېئىرلىرى بىلەن تەمىنلىدى، مەن بۇ يولداشلارغا كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ۋە كىتاپخانلار نامىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

## يەجۇجى - مەجۇجى

يۇرتىمىز بىزنىڭ شىنجاڭ،
ئۇيغۇر ئىدى ئاھالى.

تېپىلمىدى غەپلەتتىن
ئويغىنىشىنىڭ ئامالى.

ھىچ تۇيمىدۇق بۇ ئىشنى،
ئوتكەزدۇق يازۇ ـ قىشنى.
جىياڭجۇن بولۇپ ياڭزىڭشىڭ
باشلىۋەتتى قىرىشنى.

بار ئىدى قازى ـ موللا،
ئۇستىدە تونۇ ـ سەللا.
”ئەمرىنى تۇتماق ۋاجىپ“ ـــ
دەپ چىقاردى پەتىۋا.

ياڭنىڭ خىيالى باشقا،
ئۇستا ئىدى تالاشقا.
ئۇستا ئىدى ئەل ئارا
تۇرلۇك نىزا باشلاشقا.

ياڭغا بۇ ئىش ئەپ كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
بورە پاخلان تاپقاندەك،
يۇگۇرمايلا يەپ كەلدى.

يەتتە باشلىق يالماۋۇز،
مەھكەم ئورنىشىپ ئالدى.

AltunOq

تىللا ھەم يامبۇ بولاپ،
تيەنجىندە جاي سالدى.

كەتتى بۇ يۇرتنىڭ داڭقى:
ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ كانى.
يالماۋۇزلار كوپەيدى،
كۇندىن ئېشىپ سانى.

چېرىك قويدى قۇمۇلغا،
شاڭ شىڭشىيانى توساشقا.
قورقار شىرىك چىقار دەپ،
تەييار، ئوڭاي بۇ ئاشقا.

قۇمۇلدا ياتتى چېرىك،
بىكارغا لەڭنى جىق يەپ.
تويغازدى بۇ قۇمۇلنىڭ
خەلقىنى دىدۇرۇپ "خەپ!"

ئوزى، چېرىگى ئوغرى،
ئوتتى قۇمۇلغا زورى.
ئاخىر بېشىغا چىقتى،
پەن ياۋنيەننىڭ زوھۇرى.

ئۇيغۇر يازدى قوشاقنى،
ئىچ - قارنىنى بوشاتتى.

كورەڭلىگەن جياڭجۇننى،
يالماۋۇزغا ئوخشاتتى.

1920 - يىل، تۇرپان.

## ئىستىمەس

ئەي نىگار، ھىجرىڭدە كوڭلۇم ئىنتىلىشنى ئىستىمەس،
مەن خىتاپ قىلسام ۋەتەنگە ئىزلىنىشنى ئىستىمەس.

ئوت بولاتتىم، تولغىناتتىم مەن يېنىپ چاقماقسىمان،
ئەل ئېغىر ياتقۇدا بولدى ھەم بىلىشنى ئىستىمەس.

ئۇ ئۇزۇن، بۇ قىسقا دەپ ھاۋشىپ يۈرۈيدۇ بەزىلەر،
ئوغرى تەگسە ئويدە مالغا ئىز تېپىشنى ئىستىمەس.

ئېھتىياجاتى ئۇچۇن سەن بىر كېڭەش بەرسەڭ ئەگەر،
بىز بىلۇرمىز دەپ تۇرۇپ ئىجرا قىلىشنى ئىستىمەس.

ھامىنىڭ ئەۋلادىدىن قۇللۇقتا بىرسى قالمىدى،
ئۇيىغۇر ئەۋلادى بۇنى ئەسلا سېزىشنى ئىستىمەس.

يەپ زەھەر بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كوپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس.

باشقىلار كوكتە، دېڭىزدا ئۈزدى شوخ پەرۋاز قىلىپ،
بىزگە كەلسە بىر قوتۇر ئىشەك مىنىشنى ئىستىمەس.

ئىزلىدى هوما قۇشنى كۈندە ئاسمانغا قاراپ،
ئىزلىگەنلەر باشىغا هوما قونۇشنى ئىستىمەس.

مىللىتىم تارتقان ئازابىغا كوڭۈل قانداق چىدار؟
ئەل غېرىپ ئىڭرايدۇ ئەمما تەۋرىنىشنى ئىستىمەس.

ئابدۇخالىق قىل سۆبات ئىزلە سىراتىلمۇستەقىم،
بۇ سۆبات بارىندا دىل ۋەيران كېزىشنى ئىستىمەس.

1920 - يىل، تۇرپان.

## سېغىنىش

ئەي پەرى سەن كەتكىلى بولدى قاراڭغۇ بۇ جاهان،
مېنى يالغۇز مۇندا تاشلاپ، ئاھ! ئەجەپ قىلدىڭ يامان.

كەتمىدى، كەتكەندىكى كوز بېقىشىڭ، قاش قېقىشىڭ،
ئىختىيارسىز مەن ئۈزاتتىم، نائىلاج بولدۇڭ راۋان.

مەن ئۇزاتقان يەردە تۇردۇم سەن كوزۇمدىن يۇتكىچە،
سەن يوقالغاچ ئايلىنىپ باش، يەر بولدى ئۇ ئاسمان.

يەغلىغانغا يانمىدىڭ، ئەسلا يېشىڭغا قانمىدىڭ،
خەت - خەۋەرمۇ بەرمىدىڭ، ئەي پەرى بولدۇڭ قايان؟

يول يىراق يوق ۋاستە، دەپ يوققا باھانە ئەيلىمە،
ئۈگىمىزدا بولمىسا كەلگىل چۈشۈمدە قىل بايان.

”كورۇنگەن تاغ يىراق ئەمەس“ ئابدۇخالىق كۈت ئۈمىت،
سېغىنغىنىڭ كېلىدۇ، سۆزلۈر شۇندا جاھان.

1920 - يىل، تۇرپان.

## ئويغان

ئەي پېقىر ئۇيغۇر ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق ئەمدى كەتسە جان كېتەر.

بۇ ئولۇمدىن ئوزۇڭنى قۇتقازمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.

قوپ! دىدىم، بېشىڭ كوتەر! ئۇيقۇڭنى ئاچ!
رەقىبىڭ بېشىنى كەس، قېنىنى چاچ!
كوز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،
ئولۇسەن ئارماندا بىر كۈن يوق ئىلاج.

ھىلىمۇ جانسىزغا ئوخشايدۇ تېنىڭ،
شۇڭا يوقمۇ ئانچە ئولۇمدىن غېمىڭ؟

قىچقىرسام قىمىرلىمايلا ياتىسەن،
ئويغانماي ئۆلمەكچىمۇ سەن شۇ پېتىڭ؟!

كوزۇڭنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا باق،
ئوز ئىقبالىڭ ھەققىدە ئويلا ئۇزاق.
كەتسە قولدىن بۇ غەنىمەت پۇرسىتى،
كېلىچەك ئىشىڭ چاتاق، ئىشىڭ چاتاق.

ئېچىنار كوڭلۇم ساڭا ئەي ئۇيغۇرۇم،
سەپدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇققۇنۇم.
كويۇنۇپ ھالىڭغا ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن زادى نىمە بولغۇنۇڭ؟!

كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلىسەن،
تەكتىگە گەپنىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.
"خەپ" دىسەڭ ئۇ چاغدا ئۇلگۇرەمەي قالۇر،
شۇندا ئۇيغۇر سوزىگە تەن بېرىسەن.

1921 - يىل، تۇرپان.

## ئۇيغۇرۇم

جاھالەت سەمەرەسىدىن بىزگە بىر كۈن كوپ خاتا باردۇر،
ئەيتىڭىزچۇ، بۇگۇنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرسىدە ساپا باردۇر؟

جاھاننىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرنى شاگىيۇ سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.

دوستلۇق ھەم ئىتتىپاقلىق نىشانى قالمىدى بىزدە،
يېگى باشنى كوتەرگەننى ئۇرۇپ يىقىتقانىمىز باردۇر.

بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىدىن ئاچقانىمىز باردۇر.

خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىپ زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئوننى قوشۇپ چاققانىمىز باردۇر.

يەنە يۇرت پايدىسىغا جەم بولماقلىق بېسى مۇشكۇل،
نەزىر تويۇ - زىياپەتكە بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.

كېرەكسىز مۇستەھەپ ئىشلار ئۈچۈن جاننى پىدا قىلدۇق،
ۋە لېكىن ھەجگە باج ئالسا توزۇپ قاچقانىمىز باردۇر.

ئىلىمنىڭ ئىجتىھادىغا كوڭۇلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرمىز - ئوقۇتۇرمىز، سىغىز چايناشقانىمىز باردۇر.

ئويۇن - چاقچاق تۇپەيلىدىن دوستلار ئارا بىئەپ بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.

خوشامەت بابىدا بىزدىن بولەك ئۇستىسى ھەم كامدۇر،
قۇۋلۇغۇ - شۇملۇق بىلەن رەگمۇ - رەڭ يالغانىمىز باردۇر.

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كوكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئىشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

گۇكۇرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نىمە بۇ ئەي خۇدايىم، دەپ،
ئېقىلنى ئىشلىتەلمەي، ھاڭ - تاڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.

بوۋالار شوھرىتىنى، غەيرىتىنى ھىچ سېغىنماسىمىز،
قېلىپ غەپلەت - جاھالەتتە يۇمۇپ كوز، پو ئاتقانىمىز باردۇر.

ھۇنەر بىلەن سانائەتتە يېتىشتۇق بولدى ئىش پۈتتى،
ئوماچ ئىچمەككە خۇمداندا ھىجىر قۇيغانىمىز باردۇر.

تە ئاۋۇنۇ - تەنە سۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
بىلىمگە سايە قىلغاننى تېپىپ قاققانىمىز باردۇر.

مىسلى جەننەت تاغۇ - دەريانى بېزەشكە يوق كىشى،
ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ بىغەم ياتقانىمىز باردۇر.

"ئىت ئۇرغاننى تونۇر" دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سېمىز باققانىمىز باردۇر.

مۇنەججىم ھەم ئېنجېنىر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ - سەللا، نەپسى بالا موللىمىز - سۇلتانىمىز باردۇر.

قىزىل كوزلۇك، كورەلمەسلىك ۋە يا ئوزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۇرلۇك - تۇمەن بوھتانىمىز باردۇر.

ئەل - يۇرتنىڭ دەردىگە قىلچە دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كىلۇر بىر كۈن ئاشۇ چاغدا، ئورنىغا كەلمەس پۇشمانىمىز باردۇر.

1921 - يىل، تۇرپان.

# ئىنتىزار

بېشىڭنى ئېلىپ كەتتىڭ، بىرمۇ كەلمىدىڭ ئەي يار،
خېتىڭ يوق، خەۋىرىڭ يوق، دىققەت ھەيرىتىم ئارتار.

ھەر كۈنى قاراپ بويلاپ يولغا، كىلورمۇ دەپ يار،
كەچ بولسا ئۈمىت ئۈزۈپ ئويگە قايتىمەن ناچار.

تۈن - كۈن ئۆيقۇدىن قاچتى، ئوتى ئوتۇپ تۇتاشتى،
دەردى ھەددىدىن ئاشتى، ئەھۋالىم يامان دىشۋار.

كۆزلۈرۈم قاماپ قالدى، مونتەزىر بولۇپ تالدى،
يارىم شۇنداق ئوت سالدى، چىقتى پەلەككە شەرار.

خىيال ئەيلىسەم يېنىپ، بېرىپ كەلمىدى يېنىپ،
يۈرەك باغرىمنى يېرىپ، ئازاپ قىلدۇ بىسيار.

ھەر كۈن يۈز تۈمەن مىڭ ئوي، يار كورىستۇرمۇ دەپ بوي،
بولدى ماڭا ئۇلۇغ كوي، دەپ يارىم قاچان قايتار.

كۆز يۇمماي بولۇر تۇن تاڭ، ئۇيقۇ كەلمەيدۇ ياتساڭ،
شۇنداق دەردىڭنى تارتسام، ئەجەپ بولمىدىڭ غەمخار.

ھەر تاڭ ئەرتە تۇرارمەن، ئىشىكىڭدىن سورارمەن،
بەك ئاۋارە يۈرەرمەن، كۆرسەت يۈزۈڭنى ئاشكار.

ئىشىكىڭ ئىتىك مەككەم، كىرمەككە ئىلاجىم كەم،
ئاچمامسەن بابۇ - كەرەم، جانغا بەرمىگىل ئازار.

كۆرسەتمەمسەن يۈزۈڭنى، پىنھان قىلىپ ئۆزۈڭنى،
ئاڭلاتماستىن سوزۇڭنى، ئەيلەپ ئوتقا گىرىپتار.

ئۇيغۇر زار - زار يىغلار، بىرمۇ ئاڭلىماس ئول يار،
بولدۇم كويۇڭدە خۇمار، كىمگە قىلمەن ئىزھار؟

1921 - يىل، تۇرپان.

## خەير، كۆرۈشەرمىز

ۋا دەرىخا، كەتتى ئول جانىم مېنىڭ جاننى ئېلىپ،
ئۇ كېتەردە مەندە جان قايدا، ياغاچ بولدۇم قېتىپ.

جادۇكوز گۈل كىرپىكى بىرلە يۈرەردە بىر قاراپ،
تاش كوڭۇلنى قوغۇشۇندەك ئېرىتىپ قىلدى خاراپ.

مەنىلىك سىرلىق قاراپ: "بولغىن ئامان يارىم"، دىدى،
"مەن ئۆزۈم كەتكەن بىلەن سېنىڭ بىلەن يادىم" دىدى.

نائىلاج مەنمۇ دېدىم :"بولسۇن مۇبارەك بۇسەپەر —
تاكى جايىڭغا يېتىپ بارغۇنچە يوللار بىخەتەر."

ئاق بىلەك گەردەنگە چەمبەر، بىرلەشتى ھەرئىككى تىنىق،
ئالما - ئانار بولدى بىرجۇپ، ئۆپتى تويغۇچە قېنىپ.

"خەير، كورۇشەرمىز" دېيان، ئايرىلىشتۇق نائىلاج،
ئۇيغۇرا يوقاتتى ئەسنى، دېدى، بەختىم زادى كاج.

1922 - يىل، تۇرپان.

## باھار چېچەگىدىن بىر تەسىر

نازىنىن نازلىق چېچەك، كىملەر ساڭا مەپتۇن ئەمەس،
گەر ئېيسىپ بولسا جامالىڭ، كىمدۇ ئۇ مەجنۇن ئەمەس.

قىش بويى قويۇق بۇلۇت، ئاستىدا مۇزلاپ بۇ كوڭۇل،
كۆن كورەلمەي، تىن سۇرەلمەي غەمدە ئۆتتى بۇ كوڭۇل.

بوز ئېيىپ كوكرەكتە ئۇ يارنىڭ خىيالى مۇتتەسىل،
كويدۇرۇپ كوپ ئۇرتىدى، كوپ قالدى سوزلەردىن بۇ تىل.

كېچە مەن كورگەچ چېچەكنى خۇددى كورۇشتۇم يار ئىلە،
يىغلىدىم بى ئىختىيار ئەرزىمنى ئەيتتىم زار ئىلە.



AltunOq

دېدىم: "ئوي مەھبۇبى شاھى، مېنىڭ بۇ ئەرزىمنى ئال،
لۇتپى قىل مۇڭداشقىلى، بىرنەچچە كۈن يېنىمدا قال.

ئەرزۇ - ھالىمنى ساڭا باشتىن - ئاياق قىلسام بايان،
دىلدىكى ئارمانۇ - ئارزۇم بولغۇسى ئاز - ماز ئايان.

ئەي پەرىلەر نە ئۈچۈن سىزلەردە يوق قىلچە ۋاپا،
كۆيدۈرۈپ مەجنۇن قىلىپ، جانغا قىلۇرسىزلەر جاپا؟

قايتۇرۇڭ لۇتپى جاۋاپ، ئاشىقى كۆڭلىن تىندۇرۇڭ،
بى ۋاپالىق رەسمىنى، ئەھدىنى ئەمدى سۇندۇرۇڭ.

ئاڭلىغاچ ئاقتى چىچەگىمنىڭ كۆزىدىن ياش تارام،
كۆپ پۇشايمانلار يېدىم، ئەيتقان سوزۇمگە مەن قارام.

كۆزنى باستى قاپقاراڭغۇلۇق، جاھان زۇلمەت بولۇپ،
ئىختىيارسىز كۆزلىرىمدىن ئاقتى قانلىق ياش تولۇپ.

كۆيدى ئول شاھى چىچەك ھالى پەرىشانىم قاراپ،
سورىدى: "ئەي بىچارە ئاشىق نەئۈچۈن ھالىڭ خاراپ؟"

يىغا قايناپ بۇ تىلىم سۆزلەرگە ھالى يوق ئىدى،
ئۆدۈلۈمدا ئول چىچەك خۇددى قىزىل گۈل چوغ ئىدى.

دېدى: "ئەي بىچارە، مىسكىن يىغلىما ھالىڭ دېگىل،
بىلگىنىمچە مۇڭدىشاي، جانىم ساڭا جانۇ ۋە دىل."

يىغلىبان دېدىم: ”پەلەك بېشىمغا نى كوي سالمىدى،
يىغلىماقتىن تاشقىرى بەندەگىدە ھېچ كوي قالمىدى.“

دېدى: ”ئەي نادان، بىلەمسەن تاش بېغىردۇر بۇ پەلەك،
كورمىدىڭمۇ ئۇندۇرۇر ئول بىر پەلەكتىن مىڭ خەمەك.“

1923 - يىل، تۇرپان.

## قايدىسەن

ئەي ماڭا ئوتلار سېلىپ، ئەقلىمنى ئالغان قايدىسەن؟
بېشىمغا غەم ياغدۇرۇپ، كويلارغا سالغان قايدىسەن؟

بارمىدى يا بىر ئوچۇڭ، يالغۇز ماڭا يەتتى كۈچۈڭ،
يوقلىمايسەنغۇ كېلىپ، تۈنلەردە بالخان قايدىسەن؟

بۇ جاھان تار كەلدىمۇ، ھەمرا بولۇش ھار كەلدىمۇ،
دەردى - دەۋران ئۈستىگە، ئىشقىڭنى قوشقان قايدىسەن؟

كويدۇرۇپ كۈل قىلغىچە، سۆيدۇرۇپ قۇل قىلىسچۇ،
ئاقتى كوزدىن ياش، بېغىردىن قىپ - قىزىل قان، قايدىسەن؟

سەنسىز زۇلمەتتۇر جاھان، نۇر ئىمەر سەندىن قاچان،
سەن ئۈچۈن تىكىلدى جان، بولمامسەن قالقان، قايدىسەن؟

1923 - يىل، تۇرپان.

ئىزاھات: بۇ شېئىر خەلق ناخشىسى «ۋاي دادەي» گە تېكىست قىلىنغان.

## كۆڭۈلسىز ۋەقەنىڭ كۈنۈمسىز ئاھى - نالىسى

ئىچ پۇشۇپ كۆڭلۈم يېرىم يار كەلمىدى دەپ خارۇ - زار،
يوق ۋۇجۇدۇم خوشلىقى بولدى خىيالىم تارۇ - مار.

دەسلىۋى يالغۇز غېرىپ ئەلبەتتە يالغۇز كەچكىچە،
قايسى ياقتىن يار كېلۇر دەپ جىق يولىغا ئىنتىزار.

كاشكى تۈنلەردە جانىم قىلسىچۇ ئەرزۇ جامال،
ياكى توختاتسا پالان چاغ كورۇشكەيمىز دەپ قارار.

ۋاقتىنى ساقلاپ كوڭۈلگە هاي بېرىپ، سەن ساقلا دەپ،
شۇ ئۇمىت بىرلە كوڭۈل بەلكى كېچىرگەي روزگار.

قايسى كۈن كىردى سارايىغا يەنە بىر رەت چىقمىدى،
باقمىدى قايتىپ مېنىڭ هالىمغا ئۇ شەپقەت شۇئار.

ياكى بولماس بارغىلى ئورداڭنىڭ ئالدىغا جېنىم،
پاسىبانلىقتا تۇرۇپتۇر قانچە - قانچە ئەجدىھار.

بويلىغان بىلەن يىراقتىن زەررىچە يوق پايدا،
ياكى بولمايسەن راۋاقتىن بەزى - بەزى ئاشكار.

بىۋاپا ياردىن ئۈمىت ئۈزگىل دىسەممۇ گايىدا،
شەۋقى بارغانچە ئاشۇر يوقتۇر كوڭۈلگە ئىختىيار.

مەيلى يوق زوۋقى كوڭۈل ياردىن بولەك ھېچ ئۆزگىگە،
يوق بۇ چاغدا بىر رەپىق ياكى غېمىمگە غەمگۇزار.

مەست ـ مەدھىشتۇر كوڭۈل يارنىڭ پىراقىدا ھامان،
بولمىسا قانداقىسغا بولغاي كوڭۇللەر ھۇشىيار.

بىلمىدىم مەن ھەم ئۇنىڭ يادىدا بارمۇ ياكى يوق،
ياكى كەلسەممۇ بىلىندۇرمەي قىلامدۇ ئۇ ۋىقار؟

يا ئۆزۈمنى بىلمىدىم ياكى خىيالىنى نىتەي،
مەن تەرەددۇت بىرلە ھەيرەتتە يامان بولدۇم خۇمار.

لۇتپ قىل كورسەت جامالىڭنى يوشۇرما ئەي خېنىم،
تاشلىماي قىل ئىتىبار ئەرزىمنى، جان قىل ئىتىبار.

مۇددىئايىم شۇقىيا بىر باقسا ئۇ ساھىبجامال،
ھىممىتىم نەرقى كوتىرىلىپ ئېشىپ ئەندەك بازار.

بىۋاپا يار دەردى بىرلە ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋاي جانەي،
قىش كېلىپ مۇزلاتمىسۇن پاتراق غېنىمەت قىل باھار!

1924 ـ يىل، تۇرپان.

## بىر پەلەكنىڭ خەمگى

سۈتكە ئوخشاش كېچە، ئاق ئايدىڭدا يالغۇز بىر يىگىت،
بىر خىيال ئويغا چۆمۈپ، يۇمغان كوزىنى باش ئېگىپ.

ئاغا مەن سالسام قۇلاق، گاھىدا ئاھى ئاڭلىنۇر،
بىلىنۇر ئۇشبۇ قىياپەتتىن ئۇنىڭ جىق دەردى زور.

ئاستىلاپ بېرىپ يېقىن، مەن ئاغا بەردىم سالام،
نىمە بولدى ئەي ئاداش، دەپ باشلىدىم ئەۋەل كالام.

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، رەھمەت ساغا، سورىما، دىدى،
قوزغىما كونا كېسەلنى كەت نېرى، تۇرما، دىدى.

دىدىم: ئەي جېنىم قېرىنداش، بولماسمۇ ياردەم بەرگىلى،
نىمە دەرت ئىدى ئۇ دەردىڭ، بولماسمۇ دەرمان بولغىلى؟

بۇزۇرۇپ ماڭا قاراپ، بېشىنى نەچچە قاشلىدى،
قوشۇمىسىنى تۇرۇپ ئايغا قاراپ سوز باشلىدى:

تاڭ سەھەر سۇبھى ئىدى نە بولدى قارا باستىمۇ،
غەلىتى ھايۋاننى كوردۇم قاۋانمۇ يا ئالۋاستىمۇ؟

مۇپتىلا بوپمەن چۇشۇمدە قاتتىق باش ئاغرىغىغا،
ئىزدىنىپ تاپماپدىمەن بۇ دەردلىدىن ھىچبىر شىپا.

خىزىر ئىلياسمۇ دىگەيمەن ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي:
”گۇل ھىدى داۋا، — دىدى، — كوكلۇك ئەشۇنى خالىغاي.“

گۇلنى ئىزدەپ، گۇل - گۇلىستانغا قاراپ قىلدىم يۇرۇش،
شۇ ئۇمىت دەرتكە داۋا بولغايمۇ دەپ گۇلنى كورۇش.

تىترىدى ئەزالىرىم سوقتى يۈرەكلەر شۇ زامان،
بېشىمغا ئۆرلەپتۇ سەپرا ئاغرىغى ئاندىن يامان.

قارىسام غەلىتى ھايۋان بوپتۇ باغدا پاسىبان،
چوڭلىغى ئىتتەك كېلۇر، خۇنسا ئىكەن جىنسى قاۋان.

مەن بۇنى كورگەچ دېدىم ”نەدىن كېلىپتۇ بۇ بالا!
بۇ مەرەزدۇر ساقلىسۇن ھەر بەندە مومىننى خۇدا ...

باغۋەن كورسە بۇ نېجىسنى باققا يول قويماس ئىدى،
ئۆلتۈرەتتى قايىنىغان سۇغا بېسىپ، سويماس ئىدى.“

ئەلھەزەر ئەيلەپتىمەن ئۇنىڭ قاباھەت تۇرقىدىن،
چوچۇپ ئويغاندىم شۇئان مەن سەسكىنىبان، ئۇيقۇدىن.

ئەتىگەندىن تا بۇكەمگە زادى ئۇيقۇم كەلمىدى،
قورقۇنۇچلۇق بۇ قارا چۈشۈم ئېسىمدىن كەتمىدى.

تىنمىدىم ھېچ كىمسىگە، بولغاي نىمە چۈش تەبىرى؟
توغرا تەبىرىڭنى بەرگىن، كەل يېقىن ئاداش بېرى.“

— ئەي ئاداش، چۈشۈڭدە كورگەن شۇم پەلەكنىڭ تەقدىرى،
ئوڭۇڭدا كورگەنلىرىڭنىڭ چۈشۈڭدىكى بىر تەمسىلى.

مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى شۇنداق خىيالنى كوپ قىلىپ،
كوزلۇرۇمدىن قاچتى ئۇيقۇ، يۈرىدۇرمەن تۈن كېزىپ.

ئىككى دەرتمەن مۇڭدىشىشقا بۇمۇ پۇرسەت كەلگىنى،
ئەسلىمىز ھەم ۋەسلىمىزدۇر بىر پەلەكنىڭ خەمگى.

بولمىسا ياخشى رەپىق، بولغاي ھامان كوڭلۇڭ چىچىق،
ئۇيغۇرا، تۇن ئىلكىدە تاپتىڭ ئۇزۇڭگە بىر سىردىق.

1925 - يىل، تۇرپان.

## پەغان

سەھەرلەردە ئاھۇ ئەپغانىم چىقار يەتتە پەلەكلەرگە،
يېتىشتى بۇ مېنىڭ زارىم پەلەكلەردە مەلەكلەرگە.
تەپەككۇر دېڭىزىغا غەرق بولۇپ ھەريانە مەن شۇڭغۇپ،
ئۇزۇمنى ئەيلىدىم توھپە بۇ دېڭىزدە سەمەكلەرگە.

چىقىپ كوككە كىرىپ يەرگە ھەمىشە ئىستىدىم ۋەسلىڭ،
بۇ ئادەت ئۇزرە كوپ ئوتتى قارارسىز ئۇشبۇ تورت پەسلىڭ.
تېخى يوق ئىلتىپات، ھېچ بىلمىدىم ئول موددىئا ئەسلىڭ،
مېنى ئاۋارە قىلماقمۇ تېگىدە ئويلىغان قەستىڭ؟

ئەگەر قەستىڭ ئەشۇلدۇر بولغايمەن دائىمى ئاۋارە،
سېنىڭ رايىڭ شۇبۇ بولسا تېپىلغايمۇ بولەك چارە.
بۇ دەردىم بى داۋا بولدى، داۋالار كەلمىگەي كارە،
ئاتاپ قويدۇم ئۇزۇمنى كاشكى بولسامۇ مىڭ پارە.

سىنىڭ ئىشقىڭدا كويمەكنى ئۆزۈمگە ئىپتىخار بىلدىم،
سىنىڭ ھەققىڭ ئۈچۈن جاننى مىڭ كەررە نەزىر قىلدىم.
يۈرەكنى پارچىلاشقا ئېھتىياج يوق، مەن ئۆزۈم قىلدىم،
قىلۇرمۇ ئىلتىپات دەپ، دەرگاھىڭغا باش ئۇرۇپ كەلدىم.

تەرەھھۇم ئەيلىمەكلىك ئەسلى مۇناسىپتۇر ساڭا ئەي شاھ،
مېنى ئۇتقا ئۆزۈڭ تاشلاپ بولۇرسەن مۇنچە بى پەرۋا.
سىنىڭ ۋەسلىڭ ئەمەسمۇ رەھىم قىلماقلىق ئەي خۇداۋەندا،
تەرەھھۇم قىل، تەرەھھوم قىل، تەرەھھۇم ئەيلە مەبۇدا.

كىلۇر تاڭلا نە ئىشلار بولغۇسىنى ئەيلىدىڭ مەجھۇل،
ۋىسالىڭدىن خەۋەر بەرمەي مېنى سەن قىلمىغىل مەقتۇل.
ئەگەر يانسام يولۇمدىن بۇ ئىشىغا مەن ئۆزۈم مەسئۇل،
بۇ مىسكىن شائىرىڭ دۇئاسىنى ئەيلىگىل مەقبۇل.

1925 - يىل، تۇرپان.

## ھار

ئوت ھاراۋىسى بىلەن ياكى ھاۋا كېمە بىلەن،
يول يۈرۈش يۈرمەك يولىن تاپقانىنكى.

چول ئارا غىچچىڭلىتىپ، يول ئۈستىگە تىنماي سىيىپ،
ئارقىدا قالماق ھاراۋىغا كالا قاتقانىنكى.

مەرىكەدە كېيگىلى بولماس ئېكەن ئوبدان نىمە،
خىزمىتى چوڭدۇر ھەجەپ تۈنلەردە بۇ يوتقاننىڭكى.

ھاكىمى مۇتلەق بولۇپ، پارە يەپ يامبۇ قويۇپ،
ئەينى تۇڭگۇزدەك سەمرىمەك يامۇلدا ئولتاغاننىڭكى.

زۇلمىغا مەھكۇم بولۇپ، باش ئۇرۇپ، قول قوشتۇرۇپ،
نىمە دىسە راست دىمەك قۇللۇقتا قالغاننىڭكى.

ۋەزنى يېرىم پۇڭ ئەمەلگە مىنىپ، سىغماي تېنىگە،
ئەلنى سالماق پىرىگە يالاقتا جان باققاننىڭكى.

ئىلمى - پەنگە يول ئېچىپ، جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ،
يايرىماق كوكرەك كېرىپ، تەدبىر - ئېقىل تاپقاننىڭكى.

پەنگە قارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق،
خارۇ - زەبۇن ياشىماق، تەرسا، تەتۈر ناداننىڭكى.

توۋا - تەكسىر ئوقۇشۇپ، كانايدىن ئالسا قورقۇشۇپ،
ئەستەغپىرۇللا ئوقۇش، ئالۋاستى باسقاننىڭكى.

ئۇيغۇرا كوپ سوزلىمە، جاھىلنىڭ بەختىن كوزلىمە،
ھەق تېپىلماس بۇ جاھاندا، ھەممە ئىش يالغاننىڭكى.

1925 - يىل، تۇرپان.

## غەزەپ ۋە زار

ئەي پەلەك بۇ دەھشىتىڭدىن ئىنتىھا بىزارىمەن،
ئىزدىدىم كوپ، تاپمىدىم بىر دەردىمە ھىچ دارىمەن.

ئاتا ـ بوۋامدىن مىراس كونا كىيىمەلىنىڭ دەردىدە،
گاھ ئولۇپ، گاھ تىرىلىپ كوپتىن بىرى ئاۋارىمەن.

بىر پۇراپ ئولىسەم نە ئارمان، بىغىم باھارى گۇلىنى،
ھەر سەھەر گۇل ئىشقىدا بۇلبۇلغا ئوخشاش زارىمەن.

دوستلىرىم ئوۋغا چىقاردا كەلتۇرۇر مىسالىنى،
قارچىغا قۇشلار ئۇلار، مەن مىسالى سارىمەن.

يۇزمۇ ـ يۇز قىلماس تەئەررۇز كوپ كوكۇلچاندۇر ئۇلار،
كورمىسەم چاينار نىجىس گوياكى دىل ئازارىمەن.

لائىقىل دەپ ئويلىدى، چىندىن نەزەر سالماي تۇرۇپ،
يېڭىلىپ كەتتى ئۇلار كوپتىن بىرى ھۇشيارىمەن.

قولىدىن كەلمەيدۇ ئىش، دەپ دائىم غىدىقلايدۇ مېنى،
مەن ئۇلارنىڭ شۇ سوزىگە بەكمۇ ـ بەك خۇمارىمەن.

يەنگە ماڭساق كوز ئېچىپ، كاپىر، جەدىت، دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.



AltunOq

چول - جەزىرە، دەشتۇ - سەھرا گىچرە قالدىم نائىلاج،
ئاھ قاچان بىر يول تېپىپ، قوشۇلاي قاتارىمەن.

سۇغا تەشنادۇر بۇ چول، بىپايان مۇنبەت يېرى،
مىسلى دەريا تاپماي ئېقىش، قايمان بولۇپ قايىنارىمەن.

ئويغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىبى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا، چۇش كورۇپ ياتارىمەن.

باشقىلار كوكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۇزۇپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياق، دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.

ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قۇلدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن؟

تىل - ھاقارەت، تەنە - دىشمار، ۋاي دات!... بۇ جاننى قىيىندى
ئەمدى نە قىلماق كېرەك، ئەجەپمۇ بولدۇم خارىمەن.

زۇلۇمنىڭ ئوكيانىدىن تاپماي پاراغەت ئارىلى،
تاغ كەبى دولقۇندا لەيلەپ، ھەققە ئاھ ئۇرارىمەن.

دەۋرى جەبرىدىن ئىسىت! ھالىڭغا ئۇيغۇر ۋايىكىم،
جاننى ئالقانىغا ئېلىپ چىق، تاپمايسە باشقا چارىسەن!

1926 - يىل، تۇرپان.

## يۈرەك باغرىم ئېزىلدى

سۈتتەك ئاپپاق ئايدىڭدا،
يار خىيالى ئالدىمدا.
سايەم ماڭا ھەمرادۇر،
يالغۇزلۇقتا يېنىمدا.

سايەم ھەم ماڭا ئوخشاش،
سۈلىتى بار سۆزى يوق.
قاراپ باقسام مىدرايدۇ،
ھەقىقەتتە ئۆزى يوق.

يار كەتكىلى دەردىم جىق،
رەڭگىم زەپەردەك سېرىق.
ياردىن ئاجراپ ۋاي ھالىم،
ۋاھەسرىتا، ۋادەرىخ.

يار كېتىپ ئەجەپ قىلدى،
كېتەرىنى كىم بىلدى.
ياركەتكەننىڭ بۇياغى،
يۈرەك باغرىم ئېزىلدى.

1926 - يىل، تۇرپان.

# ئۈزۈلمەس ئۈمىت

ھاۋادا كۆپ بۇلۇتلار بار داۋام شۇنداق تۇتۇلغايمۇ،
قۇياشنىڭ نۇرى پاكى ئۇشبۇ ماندىن قۇتۇلغايمۇ؟

قۇياشنىڭ تەمكىنى باردۇر ساچۇر نۇرىن داۋام ئەيلەر،
سۇباتى يوق بۇلۇتلارغا ئۇنىڭ كەيپى بۇزۇلغايمۇ!؟

قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئېقىلسىزلىق دەلىلدۇر،
سېنىڭ بۇ يۇقا بوزخالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرغايمۇ!؟

نە چارە ئۈمىدى ئەخمەق، سولاپ بوزخالتىغا بىگىز،
چىقىپ داھى ئۈگىتلەر بۇ جامائەتكە ئۇقتۇرۇلغايمۇ!؟

ئۈگىتلەر توختىماستىن، ئۇ ئۈگىتلەشكە ئۈمىدى زور،
چۈشەنمەي بىزىرىپ تۇرغان بىلەن ھەم توختىتىلغايمۇ!؟

چىقاربوران تاراپپال، ئەگەر ھىچ ئويلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە بۇزۇق تۈڭلۈك يېپىلغايمۇ!؟...

جاھالەت بۇلۇتى توستى قۇياشنى ھىچ كورۇپ بولماس،
مۇقەددەس ئۇ قۇياش نۇرى بىزدە ھەم تېپىلغايمۇ!؟

ئوقۇتماي باللارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئىسىت! بۇ باللار ئاخىر يېرىم نانىغا سېتىلغايمۇ!؟

ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ھاۋا ھەم ئەۋزائىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت يوقالغايمۇ!؟

## ئۇممەت تەبەسسۇمى

ھاي سەتەڭ بالىغان،
سەنمۇ ـ سەن جانان،
كىمدۇر بىلەمسەن،
ئوتتۇغىدا يانغان؟

ئوتلارنى سالدىڭ،
جانلارنى ئالدىڭ،
زېرىككەن چاغدا،
ئۇيقۇغا تالدىڭ.

نازىڭ ياراشۇر،
قىزلار قاراشۇر،
ئوتسە يىگىتلەر،
ئويدە تالاشۇر.

بىركۆنلەر كىلۇر،
گۈللەر ئاچىلۇر،
ئۇيغۇر ئەيىۋى،
شۇندا ياپىلۇر.

1926 ـ يىل، تۇرپان.

# ئۇيغۇر قىزى

ئەي قەمەر، قارىشىڭدا مەن ھەيرەتتە قالدىم ئۇشبۇ تۈن،
ماھى رۇخسارىڭ سېنىڭ ئون تورت ئىكەن تولغان بۇ كۈن.

ئول قۇياش تارلىق قىلىپ، چاچقانى راست ئوخشايدۇ ياغ،
شۇ سەۋەپتىنمۇ يۈزۈڭدە بار ئەجەپ ئوتمەس بۇ داغ.

ئۇشبۇ داغدىن گۈل يۈزۈڭگە يەتمىدى ھىچبىر زەرەر،
بۇ ئەسەر بىر مەڭ بولۇپ، ھوسنۈڭنى ئارتتۇردى مەگەر.

بىر قاراشتا گۈل يۈزۈڭگە ئاشىق بولدۇم بىقارار،
ئوخشىغان قات-قات كوزۈڭ خۇددى ئېلېكتىر، يالتىرار.

لەۋلىرىڭنىڭ قېنى بار، قىزىلچىدىنمۇ قېنىقراق،
چىشلىرىڭ چىن ئۈنچىدىن، تىللىرىڭ مەھبۇبراق.

قاشلىرىڭدۇر يېڭى چىققان ئەينى شەۋۋالنىڭ ئېيى،
سېنىڭ ئالدىڭدا باراۋەردۇر گادا، شاھۇ-بېيى.

سېھرىگەر گۈل كوزگە ساقچى، كىرپىگىڭ بىر نەيزىدۇر،
ھەر قاراشىڭدا كېلىپ نەيزەڭ يۈرەكنى ئېزىدۇر.

ساچلىرىڭ رەقىبلىرىڭ كوڭلى كەبى بىر سىر قارا،
ئەۋرىشىمدەك يەلپۈنۈپ سالدى كوڭۈلگە جىق يارا.



AltunOq

قولىرىڭنىڭ ئاقلىغى، سۈزۈكلىگىدىن نۇر چىقۇر،
بۇ قوپال قولۇم بىلەن تۇتسام قولۇڭدىن ھور چىقۇر.

تەنلىرىڭ ئالماسقا ئوخشاش ئاق سۈزۈك بىر شەئىلدۇر،
خېنى ياققان تىرنىغىڭ مىسلى بەدەھشان لەئلدۇر.

بويلىرىڭ زىۋالىغى سەرۋىگە ئوخشار ئەي قەمەر،
كورمىدىم ھىچبىر چىرايلىق ساڭا ئوخشاش بىرنەپەر.

تەۋرىنىپ كەتسەڭ ئەجەپ يەلپۈنەدۇر ساچلىرىڭ،
ئىلتىپاتىڭدىن ئۈمىت ئەيلەپ ئاقۇر قان - ياشلىرىم.

قاتتى قالدى قارىغان يەردە سېنىڭ بۇ شائىرىڭ،
تىلىسەڭ قىلغىل مۇسۇلمان، تىلىسەڭ مەن كاپىرىڭ.

1927 - يىل، تۇرپان.

## بەخت

بىر كۈنى مەن كوچىدا كوردۇم ئاجايىپ بىر پەرى،
بىلمىدىم ئۇ قايسى تاغنىڭ، قايسى باغنىڭ بىر گۈلى.

بىر قاراشتا سالدى ئوتنى ئالدى جاننى بۇ خېنىم،
بىر بالا بولدى ماڭا بەزگەك چۈشۈپ تىترەپ تېنىم.

كورمىسەم قانداق تۇزەرمەن جىق يۇرەگىمدە يارا،
چالا - پۇچۇق بىر كورۇش ھەسرەتكە قىلدى مۇپتىلا.

قەد سىياقىنى كورۇپ ئاشىق بولدۇم بىقارار،
ئىشق ئوتى — دوزاق ئوتى بۇ كوڭۇل قانداق چىدار؟

قانچە ماڭدىم ئارقىسىدىن تۇيمىدى بىر - بىر بېسىپ،
بەلكى ھەرگىز بولمىغاي كوڭلىدە مەندەك بىر غېرىپ.

قانچە ئېيتتىم بۇ كوڭۇلگە قىلمىغىل بىكار يۇرۇش،
ئىستىگىڭ كەتكەي بىكار بولماس نېسىپ داپقۇ كورۇش.

ئاڭلىغايمۇ بۇ كوڭۇل ھەر كۇندە قىلغاي مىڭ بېرىش،
يەتمىدى ئەسلا كوڭۇلگە بۇ بېرىشتىن ھېچ ھېرىش.

كور بۇرادەرلەر كوڭۇلنىڭ بۇ خىيالى خامىنى،
ئەمدى ئۇقتۇم بەختى گۇل دەيدۇ مۇبارەك نامىنى.

ئابدۇخالىق سەن ئەگەر ۋىسالىغا بولساڭ كويۇك،
غەيرى كوزدىن يوشۇرۇن تۇتقىل يۇرەگىڭدە كومۇپ.

1927 - يىل، تۇرپان.

## زۇلۇمغا قارشى

كورمەك نېسىپ بولۇرمۇ،
كۇننىڭ جامالىنى ۋاي.

كۈن ئولتۇرۇپقۇ كەتتى،
چىقمايدىغۇ ئەجەپ ئاي؟

ئاپتاپقۇ كەتتى قولدىن،
ئۈمىت يوق يەنە ئايدىن.
توت ئەتراپقا باقسام مەن،
زۇلمەتتە قالغان ھەر جاي.

كۈننىڭ ئىشى بۇ بولسا،
تۈننىڭ ئىشى ئۇ بولسا،
يوللار ئىگىز - پەس بولسا،
قەدەمدە بىر يىقىلغاي.

زەپ ئالسا ئىزىز تەننى،
غەم قورشىسا ۋەتەننى،
كور، پۇتتىكى كىشەننى،
قانداق قىلۇر يىقىلماي.

ھەممىنى قۇلۇم قىلسا،
ھايۋاندەك زۇلۇم قىلسا،
دەپسەندە كۈكۈم قىلسا،
ۋىجدان قانداق چىدىغاي!

دەرت ئۈستىگە دەرت كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.

زەرداپ توشتى يۇرەككە،
بۇ جان قانداق چىدىغاي!

بۇندىن چوڭ بالا يوققۇ؟
بۇ دەرتكە داۋا يوقمۇ؟
نە قىلماق كېرەك ئەمدى،
ئۈستت جىنىم، ھالىماي.

غېمىمىزنى يەيلى بىز،
نىمە دىسەك دەيلى بىز.
قول قوشتۇرۇپ، لەببەي! دەپ،
نە قىلسا قاراپ تۇرماي.

كېلىدۇ ئاشۇنداق كۈن،
گال سىقىلىپ چىقماس ئۈن.
پۇشايمانغا قاچا يوق،
جان قويار يەر قالمىغاي.

ئۇيغۇر ئېچىپ كوزۇڭنى،
تونۇتۇپ قوي ئوزۇڭنى.
قاچان بولسا بىر ئولۇم،
غەيرىتىڭدىن ئايلىناي.

1927 - يىل، تۇرپان.

## ياز تۈنى

ياز كۈنى كۈندۈز قىزىپ بولغاي ھاۋا ئىسسىق ۋە تار.
ھەر كۈنى ئاخشامىنى كوپ خالىغاي بى ئىختىيار.

كېچە ھەر كىم ئۆگزىسىدە تاغ شامالىغا قاراپ،
كەل جېنىمنىڭ راھىتى، دەپ تارتىدۇرلەر ئىنتىزار.

كوك يۈزى ساپ، ئاندا يوق تاپ، پارچە يۇلتۇزلار يېقىن،
شول يىراقتىن خوپ يېقىنلاشقانىغا ئوخشاش پاقىرار.

ھەر كىشى بۇ خوش ھاۋا ئاستىدا خوشاللىق ئىلە،
گەپلىشىپ يېنىدا يولدىشى بىلەن كوڭلىن ئاچار.

بار مەگەر شائىر غېرىپ، يالغۇز ياتار كوككە قاراپ،
كوكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار...

1928 - يىل، تۇرپان، يار.

## ئىشقىدا پەريات

سەن - سەن يۈرەككە ئوتلارنى سالغان،
ئەقلى ھوشۇمنى ناز قىلىپ ئالغان.
مۇھەببەت سازىن خۇشئاۋاز چالغان،
باقمامسەن قىيا، ھەي سەنەك بالخان.

راستمىدى ـ يالغان؟ جاۋاپ بەر ئۇزۇڭ،
ياغدەك ياراشۇر ھەسەلدەك سوزۇڭ،
جانلارنى ئالغان جادۇگەر كوزۇڭ،
سەندۇرسەن مېنىڭ بەخت يۇلتۇزۇم.

قىلغىل ئىلتىپات، كورمە بىزنى يات،
مەرھەمەتىڭنى بىزگە ھەم كورسەت،
بىزنى ئۇنۇتما، گۇلنى قۇرۇتما،
كويگەن يۇرەكنى ئەيلىگىل بىر شات.

تۇنلەردە دائىم، تارتىمەن ۋايىم،
دەردىڭ قىلىپتۇر دوزاخنى جايىم،
كويۇپ كۇل بولدۇم، سۇيۇپ قۇل بولدۇم،
كەلتۇر يادىڭغا بىزنى ھەم يارىم.

سەن بىر قىزىلگۇل، شائىرىڭ بۇلبۇل،
تۇنلەردە سايرار دەردىڭدە غۇلغۇل،
كورۇپ بويۇڭنى، سۇيۇپ خۇيۇڭنى،
ئۇيغۇر بىچارە بولدى ساڭا قۇل.

1928 - يىل. تۇرپان.

## يېقىن بولدى

ھاۋا ئۇزگەردى ئەي دوستلار، بىلەمسەن قايسى چاغ بولدى؟
ئۇزۇن ياز مەۋسۇمى ئوتتى، بۇ زالىم قىش يېقىن بولدى.

تېخى ئۇخلاپ ئاچالماي كوز، ياتۇرسەن نىمە بولغاندۇ؟
ئايا ئىجۋان يېقىندۇر قىش، يېقىن بولدى، يېقىن بولدى.

تەۋەككۇل بىرلە ئۇخلاپ، ياخشى پۇرسەتلەر كېتىپ قالدى،
تەۋەككۇل ۋاقتى ئۆتتى، ئىشلىمەس كۈنلەر يېقىن بولدى.

ياتۇرسەن ئۈيقۇ - غەپلەتتە، ئۇلۇكتەك قىمىرلىمايسەن ھېچ،
تەۋەككۇل بىرلە ياتساڭ، قار باسار تۈنلەر يېقىن بولدى.

سېلىپ ئالۋاڭ يىغىپ كەتسە، تېپىش پاختا بولۇر مۈشكۇل،
ھىلى ھەم كەتتى تۇ، ئېرخۇا، كېتىش سەنخۇا① يېقىن بولدى.

ھارارەت بەرمىگەي سەنخۇا، لېكىن جانغا بولۇر دالدا،
قوپۇڭلار! بۇنىڭ كېتىشى ھەم يىراق ئەمەس يېقىن بولدى.

قوپۇڭلار ئەي بۇرادەرلەر، ئۇلۇشكە بارمۇ مەيلىڭلەر،
كىرىشكە ئاز قالدى تۇ، ئېرجيۇ، كىرىش سەنجيۇ② يېقىن بولدى.

قوپۇڭ، جان قايغۇسىن ئەيلەڭ، ۋاقىت ئاز بولسا ھەم باردۇر،
بۇ پۇرسەت كەتسە قولدىن، جاننى بۇ قىش توڭلىتۇر بولدى.

① تۇ، ئېر، سەنخۇا — كېۋەزنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئېچىلىشى.

② تۇ، ئېر، سەنجيۇ — كۈن توختىغاندىن كېيىن باشلىنىدىغان 1 - 2 - ۋە 3 - چىللە.

ئىشتىيەسەن بۇرادەرلەر، قۇلاقلار پەردىسى ساقمۇ؟
كېكىرتەك جىق قىچقىرىپ يىرتىلىشقا ھەم يېقىن بولدى.

1929 - يىل، تۇرپان.

## چىراق①

تۇننى كۈندۈزدەك قىلغۇر خۇددى گوھەر بۇ چىراق،
نۇرىنى ئالغان قۇياشتىن نۇرى جەۋھەر بۇ چىراق.

قاپقاراڭغۇ تۈندە نۇرنىڭ مەنبەئىدۇر بۇ چىراق،
تۈندە يول تېپىپ مېڭىشنىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراق.

تۈندە قەلەم تۇتقىلى بولماس يوقالسا بۇ چىراق،
قانچە يازسام يەنە قاينار دەرت تېگىدىن ئىشتىياق.

ئابدۇخالىق كۈن - تۈنى ئۆيىقۇدىن بىدارىسەن،
خۇددى بىر پەرۋانىسەن، كەتمە لېكىن نۇردىن يىراق.

1928 - يىل، تۇرپان.

## ھىجران

گۈل يۈزى، شېرىن سوزى، قىلدى مېنىڭ ئەقلىمنى لال،
بىر چىرايلىقكى ئەجايىپ، بىر تاماشايى جامال،

① ئاپتۇر بۇ شېئىرنى لامپا شىشىسىگە كىيدۇرۇلگەن قەغەزگە يېزىپ قويغان.

ھۆسنىگە گەپ يوق يەنە ئاندا تولۇق ئىدى كامال،
نەقىش قىلمىشكى ئەجايىپ قۇدرەت قولى جەللۇ ـ جالال،
سۇرىتى ھەيرەت نېشىن زېھنىمنى قىلمىش ئىشتىغال،
قالمىدى مەن خەستىدە ئەمدى قىمىرلاشقا ماجال.

ئەۋرىشىم يۇمشاقلىغى قۇندۇزغا ئوخشاش قاراساچ،
ئاق، سۇزۇك يۈزلۈك يەنە ئالما مېڭىزلىقدۇر قۇياش،
قارا كوز يادەك مۇقەۋۋەس، يېڭى ئايدەك قاراقاش،
قورىماس يادى بىلەن ئىككى كوزۈمدە ئەسلى ياش،
ئوتىدا كويمەكتىن ئوزگە تاپمىدىم ھىچبىر ئامال،
"ھىجرى دوزەخەن يامان" دەپ راست ئىكەن ئۈشبۇ ماقال.

سېنىڭ ئوتۇڭدا كويۇپ جىگەر ـ يۈرەك بولدى كاۋاپ،
قاپلىدى تېنىمنى، سانجۇق، كۈن ـ تۈنى ھالىم خاراپ،
تەلمۈرۈپ يولۇڭغا قاراپ، كوزلىرىم كەتتى قاماپ،
خاھى بىل خاھ بىلمىگىل، قويدۇم ساڭا جاننى ئاتاپ،
تاشمىدۇ باغرىڭ سېنىڭ قىلمىغىل مۇنچە ئۇۋال،
چاقناپ چولپان، ئاتار تاڭ ئۈجمىقۇر زۇلمەت ئۇۋال.

نە كۈنلەر ئىدى ئول كۈن، مەن ئىدىم جانان بىلەن ھەمرا،
چۈنانى ئول مەلىكە، تاج ـ تەخت مەن ئىدىم بىر شاھ،
ماكانىم ھۆسنىگە يوق تەڭ، يېتەلمەس فىردەۋسىمۇ ھەتتا،
جاھانغا كەتكەن ئىدى داڭ، كىپىكلەر چۈشمىگەن ئەسلا،
ئەركىلەپ ئوسكەن ئىدىم ھەممە يەردە بى مالال،
ھەق ئاتا قىلغان ئىدى تارىختا چوڭ قۇدرەت، كامال

ئايرىلىپ سەندىن ئىستا ۋەيرانە بولدى خانۇ ـ مان،
باغلىرىم دەپسەندە بولدى، چەيلىدى، يىدى قاۋان،
ھەممە يەرگە يامرىبان، بەرمەس ئارام ئىلان ـ چايان،
مىسلى بولدى بىر قىيامەت، كوز ئالدىمدا بۇ جاھان،
كەل جىنىم ھالىمغا باق، نەچارە ۋە نەدۇر ئامال،
قاتتى باشىنك ئىچ ـ تىشى، ئىشقىڭدىمەن ئاشىفتەھال.

ئەي بۇرادەرلەر كورۇپ ھالىمنى، ھاك ـ تاك قالمىغىل،
نىمە بولدى بۇ جاھان، دەپ سوزلىمەي ھاڭۋاقمىغىل،
كەلسە قولدىن مەرھەمەت قىل، تاشقا ئوخشاش قاتمىغىل،
ۋىجدانىڭنى ئاخىرى پۇتمەس ئازاپقا سالمىغىل،
ئابدۇخالىق خانۇ ـ مانىڭنى بىزەت قولۇڭغا ئال،
"ئولمىگەن جاندا ئۇمىت بار" قوپ باھار سازىنى چال.

1929 ـ يىل، تۇرپان.

**مەرسىيە**

(رەپىقەم ئايىمخانىنىك ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن)

ياخشىلاردىن ياخشىراق بىر بىباھا يولداش ئىدىك،
مەجنۇنىنىك لەيلاسىدەك دەرتداش ئىدىك، سىرداش ئىدىك.

بۇ جاھانىنىك لەززىتىگە سەن ئىدىك تەم بەرگۇچى،
ھەر گۇزەل بىر مەنزىرە بولسا ئاڭا يەم بەرگۇچى.



Altun Oq

جۇملە خوش ئىقرىبا خەلق سەندىن كوپ مەپتۇن ئىدى،
چوڭ ـ كىچىك ياخشىلىغىڭدىن بارچىسى مەمنۇن ئىدى.

ئاي ئىدى ئىسمىڭ سېنىڭ ئاي دىمەك لايىق ئىدى،
ئاي دىمەك بەلكى كېلىشمەس كۈن دىمەك مۇۋاپىق ئىدى.

قىلمىدى بۇ ھالىڭغا دەۋران تەھەممۇل ئاقىۋەت،
سالدى ئاغرىقنى تېنىڭگە كەتتى سەندىن ئاپىيەت.

ئىنقىلاپ بولدى، لەتىپ جىسمىڭدا چىقتى ئىختىلال،
بارچىنىڭ كوڭلى سېنىڭ ھالىڭغا جىق بولدى مالال.

ئاپىيەت بەرگىل خۇدا، دەپ كېچىلەر قىلدۇق دۇئا،
ئاقىبەت قىلدى ئىجابەت ياخشى ئەكسى مۇددىئا.

ئەيلىدۇق ھەققىڭدە بىز، ھەقدىن تەلەپلەر ئۈن قېتىپ،
بولدى ھالىڭ ئوزگىچە، كۈننىڭ بېشىغا كۈن پېتىپ.

ئەرجەئى ئاياتى ئىلە كوكدىن ساڭا كەلدى نادا،
قىلمىدىڭ بىر دەم تەۋقىپ ئاقىبەت بولدۇڭ جۇدا.

ئاھىلەر، پەريادلەر چىقتى پەلەكلەرگە بىر ئۈن،
كەلمىدىڭ قايتىپ ئەجەپ، كەلمەدۇ ھىچ رەھمىڭ بۇگۈن.

ھەقلىقدۇرسەن چۈنكى ئالى روھىڭغا يەر تار ئىدى،
ئالى روھلار يەر يۈزىدە تۇرمىغى چوڭ ئار ئىدى.

يەر يۈزىدە ئەمدى سەن بىرلە كورۈشمەكلىك ماھال،
خوش سىنىڭ روھىڭغا ئەمدى ياخشىلىق بىرلە ئاتال.

ياخشى ۋەسپىڭ تا قىيامەتكە قەدەر تىلدا بولۇر،
خاس ساڭا بولغان مۇھەببەت تا ئەبەت دىلدا بولۇر.

ھەم سەپەر ئەتتىڭ تاراپپال، يولدا بىزنى تاشلىدىڭ،
ئول ئازاپلارنىڭ يامانراغى پىراقنى باشلىدىڭ.

كورسە مەجنۇن ئۇشبۇ ھالىمنى تېخى مەجنۇن بولۇر،
ياكى پەرھات كورسە ھالىمنى يامان مەھزۇن بولۇر.

سۇ بولۇر ئەھۋالىمە ھەر تاش يۈرەكلەرنىڭ ئىچى،
چىمدىغاي قانداق بۇڭا زەررە مۇھەببەتلىك كىشى.

غۇنچىغا كىم ئاغرىماس، كەتسە سېچىلماستىن قۇرۇپ،
ياكى بىر ياش گۇل توزۇپ كەتسە ئېچىلماستىن تۇرۇپ.

گۇل ئىدى كەتتى لېكىن شاخىدا خارە يوق ئىدى،
سوھبىتىدىن ئەسلى دىلدا زەررە يارە يوق ئىدى.

تاشلىدىڭ جىسمەن گۇلۇم، روھەن ھامانە بىرگە بول،
ھەم يىراقتۇر ھەم ئېغىر تۇرمۇشتا قالغان ئۇشبۇ يول.

بار ئىدى شائىر سوزى: ”سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،“
توغرى چىقتى ئۇشبۇ سوز قالدۇق سىنىڭدىن ئايرىلىپ.

قىزغىنىشدۇر ھالىمىز تېخى يانا تەدبىرى يوق،
ھەقنىڭ ھوكمى بىر بولۇر، ئەسلا بۇنىڭ تەخىرى يوق.

ئاپىرىن شائىر فۇزۇلىي، قۇددۇسۇللا ئاپىرىن،
①..........................................

يېشى يىگىرمە تورت ئىدى مەرھۇمەنىڭ ئەمدى بۇ يىل،
ئايرىلىپ قانداق چىدار، قانداق قىلار ئەمدى بۇ دىل؟

مىڭدە ئۈچيۈزدۇر قىرىق توققۇز بۇگۇل سولغان سەنە،
ئەمدى كەلمەس بۇ جاھانغا، بۇ سۈپەتلىكتىن يەنە.

ماھى زۇلقەئىدىگە ئون يەتتە ئىدى ماتەم كۈنى،
شەنبە كۈنىنىڭ چىقىشى، يەكشەنبە كۈن كىرگەن تۈنى.

ياش ئېلىپ كەتتى خۇدا، بەك قىسقا قىلدى ئومرىنى،
جەننەت ئىچرە ئەيلىسۇن ئالتۇن سارايدا ئورنىنى.

بەندىلىك بىرلە ئەگەر بولسا ئۇنىڭدا مەئسىيەت،
سەن غەفۇردۇرسەن خۇدايا ئەيلىگەيسەن مەخپىرەت.

قىل ئىجاۋەت ئۇيغۇرۇنىڭ دۇئاسىنى ئەي خۇدا،
روھىنى شات ئەيلىگىل، بەرگىل ئاڭا خەيرۇل جازا.

1929 - يىل، تۇرپان.

① بۇ مىسرا يوقالغان.

## بىۋاپا

ھېچ كىشى مەندەك يەنە بۇ دەرتكە دۇچار بولمىغاي،
كوڭلى قارا بىۋاپاغا ھېچ نىمە كار قىلمىغاي.

بولسا بولغاي مىڭ بالاغا مۇپتىلا ئەمما لېكىن،
تاش بېغىرلارنىڭ ئوتىغا ئەسلى گىرىپتار بولمىغاي.

ئىشق ئوتىدا كويگىچە خۇمداندا كويگەن ياخشىراق،
بىۋاپا يارنىڭ ئوتى دوزاختا بولغاي - بولمىغاي.

كۈن - تۈنى ھېچ ئۇيقۇ يوق، كويۇك ئازاۋى قىينىدى،
تەۋۋە بولدۇم يا ساراڭ ھالىمغا باققاي - باقمىغاي.

يارسىز ھەر مەنزىرە كوڭلۈمگە خوش ياقماس مېنىڭ،
مەجنۇنى دەشتىنى كېزىپ، لەيلانى تاپقاي - تاپمىغاي.

بىر كورۇپ قالدىم نە كۈن، ئىككىنچى نېسىپ بولمىدى،
ئۈز ئۈمىت دىسەم كوڭۈلگە، تېخىمۇ يالتايمىغاي.

بىۋاپا، كوڭلى قارا نە بولدى يارىم دىمىدى،
ئومۇر باھارىم پەسلى كۈز يامغۇرى ياققاي - ياغمىغاي.

1929 - يىل، تۇرپان.

## ئۈمىت كەئبەم

يار ئوتۇڭدا مەن يېنىپ، كويدۇم قىزىل چوغ بولدۇم،
بۇ ئوتقا مېنى تاشلاپ، جانان قايان يوق بولدۇڭ؟

ھەر كېچە تاڭ ئاتقىچە، يادىڭ بىلەن مەن ئويغاق،
ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بۇ ھالىم ئۈچۈن ئايغاق.

بىرمۇ كەلمىدىڭ يارىم، مەلۇم بولمىدى ھالىم،
ئەندىشىمۇ قىلماسمەن، تۇتمىسۇن دەپ ئۇۋالىم.

كەتكەندە كوزۇڭ بىلەن ھەم تاتلىق سوزۇڭ بىلەن،
سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتتىڭ يۇرىگىمنى ئوزۇڭ بىلەن.

باردىڭ، ئۇنتۇلۇپ قالدۇق، يولۇڭغا قاراپ تالدۇق،
دات! دەپ ئىشقىڭدا ئەمدى، پەريات نەغمىسىن چالدۇق.

يار دەردىڭ ئۈچۈن پەريات، تۈنلەردە چېكىپ ۋاي دات!
ئاھىم قىلمىدى تەسىر، ۋاي دادىم، ساڭا ۋاي دات!!...

ئەي مېنىڭ ئۈمىت كەئبەم، ئېچىلماسمەن ئەلەم چەكسەم،
چىقتى تېخى ئاۋازى، ئېلىپ سازىمنى چەكسەم.

كەلتۈر يادىڭغا جانىم، قىل خەۋەر تۇرغان جايىڭ،
بۇ بىچارە غېرىبىنى سالما ئازاپقا دائىم.

ئۇيغۇر زارۇ - زار قاخشار، ۋاپا قىلمىغاچ ئۇ يار،
تەپەزدىكى بۇلبۇلدەك سايرىشىم تېخى ئارتار.

1929 - يىل، تۇرپان.

## كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس

مەنزىلى مەقسەت ئۇزاق، تېز ماڭمىدى مىنگەن ئۇلاق،
تاش قۇراملىقتا مېڭىپ، ئاقساپ يامان بولدى ياداپ.

ئازغىنا بىر ئىستىراھەتنى قىلاي ھاسىل دىسەم،
ھىچ ئارام بەرمەس ماڭا توت تەرەپتىن ئىت قاۋاپ.

گاھى ئوخشارمەن مۇھىت ئاتلاسىدا بىر كېمىگە،
تاغ كەبى دولقۇن ئىچىدە خەس كەبى ھالىم خاراپ.

بىر چوكۇپ بىر چىقىمەن، تۇنجۇقۇپ بىر تىنىمەن،
كۆرۈنەر ساھىل قاچان، دەپ كوزلىرىم كەتتى قاماپ.

ھەققە باغلىدىم دىلىمنى، ئىشقا سالالماي تىلىمنى،
زوقلىنىپ سوقۇر يۈرەك، مىڭ پارە قىلسىمۇ چاناپ.

جان ئۇلۇم خەۋپىدە قالدى، كوزلىرىمدىن ئوت ياندى،
ئۆلمىسەم غازى ئەگەر، ئۆلسەم شېھىدلەردىن ھىساپ.

ئېقى ـ ئاق، قارىسى ـ قارا، ھەرگىزمۇ ئاق بولماس قارا،
ئاجرىسۇن مىستىن تازا ئالتۇن كويۇپ ئوتتا چىداپ.

كورگۈلۈكنى كورگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئولگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاپ.

1930 ـ يىل، تۇرپان.

## كوڭۈل خاھىشى

تاغ ئىگىزلىكتىن چىقارماس ئات مەگەر ئۇ كان بىلەن،
سۇ تىرەنلىكتىن چىقارماس نام شوھرىتى مارجان بىلەن.

تۇرمۇشۇم، تۇرغان ئويۇم ئەۋۋەل قاراشقا بەك تۇۋەن،
توت تەرەپكە تارىتۇر خۇش ئىس مەگەر ۋىجدان بىلەن.

سوزلىشىشكە، سىردىشىشقا چىن يىگىت مەرتلەر كېرەك،
قىلمىغايمەن ئاشنالىق ئەقلى كور نادان بىلەن.

قاپ ـ قاراڭغۇ تۈندە يالغۇزلۇقتا ھەمرادۇر چىراق،
ھەر تەرەپكە نۇر چاچۇر ئىلمى ھەم ئىرپان بىلەن.

شۇندا كوز ئالدىمدا ئايان، تاغۇ ـ دەريا، گۈل ـ چىمەن،
تۇپرىغى كوزلەرگە سۇرمە، تەرىپى داستان بىلەن.

تولغىنىپ ئىڭرايدۇ ئەل - يۇرت زالىمنىڭ زۇلمىدىن،
چىن يىگىتلەر، ئەرمەتلەر قۇتقۇزۇر ئىمكان بىلەن.

كۈن - تۈنى ھېچ ئۇيقۇ يوق، ۋىجدان ئازاۋى پەنچۇ...؟
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك تاڭدا بىر چۇقان بىلەن.

ھەم سىياسەت تەشۋىشى، كوڭلۇمنى چارچاتماس مېنىڭ،
ھېچ قاچان ئادەم يېڭىلمەس ئېلىشسا قاۋان بىلەن.

مەن زېرىككەندە قەلەم ئەڭ ياخشى بىر سازىم مېنىڭ،
ئەيتىڭىزچۇ ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن.

ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولدىن قايتما بېشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس، قىلىچنى بوياپ قان بىلەن.

1930 - يىل، تۇرپان.

## ئارمان

ئەي گۈلۈم ئولتۇر يېنىمدا، لۇتپى قىل بىر بوسە بەر،
شائىرلىق بىسيار دەرت ئىلە خەتەر بىماردۇر.

ئىشقى كويىدا مېنىڭ ھالىم يامان بولدى يامان،
مۇنچىلىك ئاۋارە قىلغان ئاي، قۇياش رۇخسارىدۇر.

مۇمكىن بولغايمۇ سېنىڭ ئىشقىڭدا ھىچ يالتايمىغىم،
بۇ خىيال مىڭ كەررە ئۆلمەكتىن يامانراق كارىدۇر.

بىر بېقىپ، ئىككى قاراپ ئوتقا گىرىپتار ئەيلىدىڭ،
ئەمدى باقمايسەن قاراپ، باقسام دىلىم ئەغيارىدۇر.

ساڭا لايىقمۇ غېرىپ بىچارىگە قىلماق جاپا،
قىلغىنىڭغا جان پىدا، كەيپىم ئەجەپ خۇمارىدۇر.

سەن بۇ دىلنى خەستە قىلما، ھىچ كېلىشمەيدۇ ساڭا،
زۇلمى قىلماقلىق ساڭا ھىچبىر يېپىشماس ئارىدۇر.

قىلما ناز جانىم چىقار، بابۇ كەرەم ئاچقىل ماڭا،
جانىڭ خەۋپىدىن يامان، كوڭلۇم تەلەپ دىدارىدۇر.

بىر كورۇپ ئولسەم يۈزۈڭنى مەندە ئارمان قالمىغاي،
كەلمىگەي تەرىپكە تىل، كوڭلۇم بەسى ئاۋارىدۇر.

ئاڭلىغاچ بۇ زارنى ئىنساپقا كەلگەيمۇ پەرى،
چۈنكى ئاندا بىر مىجەز بار، زالىمى خۇنخارىدۇر.

كويگىنىم گۇنا بولۇپ، دوزاققا كىرسەم ئاقىۋەت،
دوزاق ئىچرە سەن ئۈچۈن كويمەككە جان تەييارىدۇر.

ئىستىگەننى ئىستىمەيدۇ بۇ كوڭۇلنىڭ خاھىشى،
ئىستىمەسنى تولا ئىستەپ يىگىنىم ئازارىدۇر.

ھەقىقەت لازىسى ئاچچىق، سەپەر قاتتىق ئۇزۇن يولدۇر،
ئاقسا قان، كېسىلسە باش، دىدار تەلەپ قارارىدۇر.

ئابدۇخالىق قىل پىدا جان، بەلباغنى ئالماپ ئىككى چىڭ،
”جاندىن كەچ، جانانغا يەت“ بۇ بەكمۇ ئەلا چارىدۇر.

1930 - يىل، تۇرپان.

## مۇرەببە

ئاھ خىيالىڭدىن يېتىپتۇر، جىق ماڭا ئاۋارىلىق،
ئىشقى سەۋداسى ئىمىش بىر بىداۋا بىمارىلىق،
يار ساڭا كويگەنىسېرى كوڭلۇمدە ئارتۇر يارىلىق،
ئاھ، ماڭا يەتكۈزمىگەن دۇنيا ئىمىش غەددارىلىق.

مەن ھەمىشە ئويلىغان ئويۇم سېنىڭ ھەققىڭدىدۇر،
ھەم يەنە قىلغان سوزۇم دائىم سېنىڭ ۋەسلىڭگىدۇر،
بۇ كوڭلۇمنىڭ خۇشلۇغى يوق، بولسىمۇ ۋەسلىڭدىدۇر،
ئۇيقۇ يوق تۇنلەردە قالۇر، ئاجىز غېرىپ بىمارىلىق.

ئايرىلىپ سەندىن شۇ بۇ كۇنگە قەدەر يادىبىدىسەن،
مىڭ خىيال قىلغان بىلەن دائىم مەگەر يادىمدىسەن،
بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئاي - قەمەر يادىمدىسەن،
كورگىلى مانى بولۇر ئاجىز غېرىپ بىمارىلىق.



AltunOq

# ئەچ پۇشۇش

(بەنپاگزىدا①)

كوزۇم يۇمسام بىلەلمەيمەن، ئوزۇم ئۇخلاقمۇ - ئويغاقمۇ ؟
كوزۇم ئىلغىيالماس ئۇ قارامۇ ياكى بۇ ئاقمۇ ؟

قوپارمەن، ئولتۇرارمەن، ئوز - ئوزۇمنى ھىچ بىلەلمەسمەن،
بىسەپ تۇرغان يېرىم ھازىر سىلىق غىلتاگمۇ، تايغاقمۇ ؟

چۇۋۇلدى ساپ زىھىن تارقاپ، پىكىر باشنى خىيال باستى،
بۇ ئىش ماقۇلمۇ يا ئۇ ئىش ۋە ياكى جىملا تۇرماقمۇ ؟

يۇرەكتە بارمۇ يا بىر دەرت، نىمىشقىا سالىدۇ تىترەپ،
كويۇك دەردىمۇ، قۇللۇقمۇ ۋە يا تېگىدە قورقاقمۇ ؟

يىراقتا پاقىرار يۇلتۇز ئەجەپ، ئايمۇ ۋە يا چولپان،
كېچەمۇ ياكى كۇندۇزمۇ ۋە ياكى ئەچ پۇشار چاغمۇ ؟

تىلىم ھەم ئىلغىيالماس تاتلىق، ئاچچىق ئاراسىنى،
چۈچۈكمۇ بۇ ئىچىملىك ياكى شورمۇ ۋە ياكى قىرتاقمۇ ؟

① بەنپاگزا — بەنفاگزي، يەنى تۇرمە كامىرىسى.

قوپۇپ ماڭماقچى بولسام يۈرەلمەيمەن نە ھادىس بۇ،
بېسىپ تۇرغان يېرىم ياكى خەتەرلىك پەستۇ قىرغاقمۇ؟

بولالماي ئاھۇ تارتىپ ئەيلىدىم پەريادى ۋاۋەيلا،
ئېغىزدىن كوككە چىققاي ئوت، بۇ ئىش دەردىڭگە ئايغاقمۇ؟

ئۈزۈن تۈن قاپ - قاراڭغۇ بارچە ئىنسان ئىستىراھەتتە،
بىلەلمەيمەن نە بولدۇم، ئاغرىدىممۇ ياكى مەن ساغمۇ؟

قېنى مۇڭداشقىلى يارەي، مۇۋاپىق بارمۇ بۇدەمدە،
ۋەيا مىسكىن پەقىر ئۆيغۇر ئاسارەتتە ئۆزى تاقمۇ!؟......

1932 - يىلى، مارت، تۇرپان بەنداڭزا.

## پارچىلار

ئاياق - قوللارنى مەھكەم باغلىمىش ئاغامچىنى قاتلاپ،
تىرەن يار چېتىگە كەلتۈردى چۈشسۈن دەپ ئاياق ئاتلاپ.

× ×

سەن ئۆلۈك دەمسەن مېنى، مەن ئۆلمۇدۇم تېخى تىرىك،
بىر مىسال بار: "سەن ئىشەنگەن تاغ ئارا ياتماس كىيىك."

سەن ئىشەنگەن تاغلىرىڭ پايدا بەرمەيدۇ ساڭا،
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن، زار يىغلايسەن ماڭا.

× × ×

نىچۈك ئەھۋالدۇر مىللەت ئۇيغۇر ئەۋلادى ئېچىڭ كۆزنى،
قىلىڭ غەيرەت، قىلىپ ھىممەت، قويۇڭ، تاشلاڭ قۇرۇق سوزنى!

قىلىپ تاقەت، زىلىل خارلىق، يېتىپ كەلدۇق بۇ چاغلارغا،
ئەجنەبىلەر ئىگە بولدى قىلىپ زورلۇق ئۇ تاغلارغا.

× ×

جەبرى زۇلۇمدىن قۇتۇلماي، ئۆتمەكتە ئۆمۈرلەر تامام،
"يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس"، يا يەتمىدى مېنىڭ چامام.

مىسلى كوزنى تېگىپ جوگازا قوشقان سېرىق ئۇي،
تېپىلماس يەر يۈزىدە زۇلۇمغا بىزدەك چىدام.

× ×

ئومۇمى ھالىمىزغا قايغۇرۇش، بىزلەردە ھاماقەتلىك،
ئالالىساق ئىككى - ئۈچ خوتۇن دىگەيلەر خوپ شىجائەتلىك.
سىلىق سەللە، ئۇزۇن تونلار بىلەن بىزلەر دىيانەتلىك،
كورۇشكە زاھىرەن تەقۋا، كورۇنمەستە خىيانەتلىك.

× ×

ئورىلار كولىنىپ يول ئۈستىگە، ھەر يەرگە قۇرمىش دام،
لېكىن بىز يول يۇرۇش ئىلمىدە كوزىمىز ناھايەت خام.

قىلغۇر ئاقنى قارا، كورسەك قىلغۇر تۆھمەت يامان بەدنام،
ھەقىقەتتىن سوز ئاچساق، بىرۇر بىزگە يامان دەشنام.

× ×

بۈيۈك ھىممەت نىدا قىلدى: "كوكۈل دوستۇم نە بولدۇڭ" دەپ،
كوكۈل مەھزۇن جاۋاپ بەردى: "جاھاندىن رۇغبىتىم قايتۇر".
بۈيۈك ھىممەت دىدى: "ئابدۇخالىق كوكۈلگە ياخشى ئۇقتۇرغىل
مۇراد ـ مەخسۇدىغا يەتكەي باغلىسۇن بەل يەنە بىر داپقۇر!"

× ×

دەۋرى ـ دەۋرانلار ئۇزۇن، ۋاي دات! ئومۇرلەر قىسقىمىش،
تەجرىبە كام، ئېھتىياج جىق، ھەر ئىشى بى نۇسخىمىش،
ياخشىدىن كوپرەك يامانغا نەپسى بىزنى قىستىمىش،
مېۋىسىز بولسا دەرەخ ئاندا نىمىش قىلسۇن يىمىش؟

× ×

دىلىمدا ياد ھىجرانىڭ، تىلىم زىكرىڭ بىلەن مەشغۇل،
سېنىڭدۇرمەن، سېنىڭدۇرمەن، ساڭا مەن كەمتەرىن بىر قۇل.

تىرىلدۇر خاھى ئۆلتۈرگىل، ماڭا لۇتپىڭ ئېرۇر ئەي گۈل،
مەھبۇبەڭگە مۇھەببەتتىن خەۋەرسىزلەر ئەمەس مەقبۇل.

× ×

غېرىبىڭ ھالى مۇز تەردۇر، نەزەر قىلغىل ئايا جانان،
سېنىڭدۇرمەن ئايا جانان، ساڭا باشىم بىلەن قۇربان.
كېسەللىك يولىنى كورسەت، قىلىپ دەردىم ئۈچۈن دەرمان،
ئولۇم ئالدىدا كوز يۇمماي ئولەرمەن بىرلا كورسەم قالمىغاي
ئارمان.

× ×

بۇ يول ئوتۇڭدا ئورتەندىم، يۇرەك باغرىم كاۋاپ بولدى،
سېنىڭ دەردىڭنى جىق تارتىپ، پىغانىم بىھساپ بولدى.
ئۈيغۇرا ۋەسلىڭگە يەت! دەپ ۋىجداندىن خىتاپ بولدى،
تاقەت قالمىدى ۋاقىت، بۇ جان ئەمدى چىداپ بولدى.

× ×

بىر كويگىنىمگە يۇز مەررە ياندىم،
باشتىن - ئاياق مەن قانغا بويالدىم.
يار نازى ئىلە ئەيلەر كەرەشمە،
رەسۋايى ئالەم مەن خوپ ئۇيالدىم.

AltunOq

× ×

تىكەنلىك بويى يوق، ئۈنگەن زىيانلىق ئۆشبۇ گۈللەردىن،
چىرايى بولمىسا ھەم مەنپەئەتلىك ئۈنگەن ئوتلار خوپ.
جاھاندا يارى يولداشسىز كۈن ئۆتكۈزمەكمىغۇ مۈشكۈل،
كالىلار بىرلە سوھبەتتىن يۈرۈپ چۆللەردە ئولگەن خوپ.

× ×

توپىدا ياتسا گوھەر
قىممىتىگە بولماس زىيان.
سۇ ئاقار ئاققان ئېرىقتا،
سايدا تاشقىن ھەم قىيان.

× ×

ۋايە يۈز مىڭ ۋايەكىم،
بەختىم نەدىن مۈنداق قارا.
قاغىلار قونمىش كوكۈل —
باغىغا ھەربىر شاخ ئارا.

**ئىزاھات:**

1. روزىگار — كۈن.
2. شۇئار—شۇئاندا.
3. مەستۇ-مەدھوش—بىھۇش مەس.

4. ۋاقار—كۆتۈۋېلىش مەنىسىدە.

5. ھەججاج—پەيغەمبەر مۇھەممەتنىڭ دەۋرىدە ئەلگە زۇلۇم قىلىپ، زالىم ئاتالغان پادىشا ھەججاج ئىبنى يۇسۇپ.

6. دەرمىلار—دەرھال سۈۋاش، دەرھال سىلاش.

7. مەلەكلەر—پەرىشتىلەر.

8. سەمەكلەر—بېلىقلار.

9. تەرەھھۇم—رەھمە قىلماق.

10. مەئبۇدا—خۇدا.

11. مەجھول—مەخپى.

12. مەقتول—قەتلى قىلماق، ئۆلتۈرمەك.

13. پاكى—ساپ، پاك.

14. مانى—توسقۇن.

15. سۇبات—سەۋرى، ئېغىرلىق قىلىش مەنىسىدە.

16. تاراپبال—ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز.

17. داپقۇر—يەنە بىر قېتىم.

18. ئەۋزائى—رەڭگى، تۈسى.

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە

ئەرشىدىن تاتلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئەجداتلىرى تېخى ئۆزىنىڭ قەدىمقى يېزىقى① پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا، تىلنىڭ يارىدىمى بىلەن گەۋدىلەنگەن ساددا خىيالىي تەسەۋۋۇرلاردا تۈرلۈك - تۈمەن ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەردىن ئىجات قىلغان ئېغىز ئەدەبىياتى شۇ دەۋرلەردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىگە قايتا تارقىلىپ سىڭىپ كىرىپ ئوموملىشىپ يۈكسىلىش، ئۆسۈش، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، خەلقىنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ قالغان. ئۇ، نەچچە ئون ئەسىرلىك تارىخىي دەۋرنى ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن بېسىپ ئۆتۈپ ۋە ئالاھىدە رەۋىشتە تارىخقا ھەمرا بولۇپ كەلگەن. مانا بۇ ھېساپسىز باي تارىخ ۋە مەز-

---

① قەدىمقى يېزىق توغرىسىدا تۈركشۇناس ژوۋىف تورى ئۇيغۇرلارنى مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى ئۆز يېزىقىدا ئۆز تارىخىنى يازغان، دىگەن. «تۈرك خەلقلىرىنىڭ XIV ئەسىرگىچە بولغان يېزىق يادىكارلىقلىرى»، لاسىك، 1897 - يىل، فرانسۇزچە، 28 - بەت.

مۇنغا ئىگە قەدىمقى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىم نەمۇنە-لىرىلا بىزگىچە ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار، خەلق ماقالللىرى، بې-يىتلار، ناخشا - قوشاقلار، قەسىدىلەر، مەدھىيىلەر، ئەپسانىلەر، رىۋايەتلەر، ئىرسالنامىلەر (يوللانما خەتلەر) قارلىقنامىلەر، نو-رۇزنامىلەر، تېپىشماقلار، مەسەل - تەمسىللەر، چۆچەكلەر، داس-تانلار، لەتىپىلەردىن ئىبارەت.

كوپچىلىكنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى سۈپىتىدە ۋۇجۇتقا كېلىپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا، نەسىلدىن - نەسىلگە تەرەققى ئەتكەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە ئو-سۈپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاساسىي مەنبە بولغان. XI ئەسىردىكى مەشھۇر تىل ئالىمى، ئۇيغۇر مەھمۇت قەشقىرىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى "دىۋانۇ لوغەتت تۈرك" تە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن كوپلەپ نەمۇنىلەر بېرىلگەن. ئۇنىڭدا ساقلىنىپ قالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىچىدە ئورتا ئاسىيادا ياشىغان تۈرك خەلقىگە مەنسۇپ قەبىلىلەرنىڭ چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتكۈچى يىرىك بىرنەچچە داستان، ئەپسانە رىۋايەتلەرمۇ بار. بۇنداق ئەسەرلەر قاتارىغا قەدىمقى گرېك تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «تومارىس» «شىراق» «زەرىنە» قاتارلىق داستان خاراكتېرلىك ئەپسانىلەرمۇ كىرگەن، بۇلاردىن تاشقىرى يەنە ئەسىرلەر داۋامىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۈپ كەلگەن رۇستەم، سىياۋۇش، ئەپراسىياپ، ئىسپەندىيار ھەققىدىكى ئەپسانە ۋە قىسسىلەرمۇ بار. بۇلارنى تاجىك خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئۇبۇل قاسىم پىردەۋسى XI ئەسىردە قايتىدىن ئىجادىي رەۋىشتە ئىشلەپ «شاھنامە» سىگە كىرگۈزگەن.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئانىسى بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىياتى، ئۇسۇش تارىخى توغرىسىدا بىزنىڭ قولىمىزدا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە «ئوغۇزنامە» دىن باشقا يازما ماتېرىيال تېخى يوق. ۋەتىنىمىزنىڭ قەدىمقى ئالىملىرى، سىياھەتچىلىرىمۇ زور قىزدىقىش ۋە ئىزدىنىش بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر بەزىبىر ماتېرىياللارنى توپلاپ قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ توپلانغانلىرى چەكلىك بولغاچقا پەقەت ئوزلىرى كورگەن ۋە يىغىپ ئۇگەنگەن تۇرلەر ھەققىدە پىكىر بايان قىلالىغان. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىدىكى تارىمشا: ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى نورۇز باھار بايرىمى توغرىسىدا كۇچارلاردا ھەر يىلنىڭ باشلانغان كۈنىدىن ئېتىۋارەن 7-كۇنىگىچە بۇقا ئوسۇشتۇرۇش، ئايغىر تالاشتۇرۇش، بوغرا تالاشتۇرۇش ئويۇنلىرى بولاتتى① دىگەن جۇملىلەر بار. شۇ دەۋردىكى بۇ خاتىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يىل بېشى ھىساپلانغان باھار بايرىمىنىڭ «نوروزنامە» لىرى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىيال بار. خۇيلىنىڭ مۇزىكا تەپسىرىدىمۇ نورۇز ئويۇنىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئويۇن ئىكەنلىكى كورسىتىلگەن. بۇ ئويۇننىڭ جەريانى نورۇزنامىنىڭ ئومۇملاشقان ئۇلگىلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەر بارلىقى مەلۇم.

چەتئەل ئىلمىي تەكشۇرۇش خادىملىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى جۇملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يىغىش، توپلاش، ئۆگىنىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىرىنىڭ سانى كوپ، بۇلارنىڭ

① شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى 1-قىسىم 1-كىتاپ 140-بەت.


AltunOq

ئىچىدە (1910—1915 - يىللىرى) ئاتاقلىق تۈركشۇناس راد-لوپنىڭ شاگىرتى ئۇيغۇرشۇناس مالوپنىڭ 1942 - يىلى ۋە 1954 - يىللىرى موسكۋادا ساپ ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا نەشر قىلدۇرغان «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ناملىق① كىتاۋىغا كىر-گەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۈلگىسىمۇ بىز ئۈچۈن قىممەت-لىك. بىز يۇقۇرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى ھەق-قىدە قىسقىچە توختالدۇق.

ئەمدى قولىمىزدا بار مىساللارنى كۆرۈپ چىقايلى.

## 1. ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرى توغرىسىدا

خەلق ماقاللىرى — ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۇ-رۇن شەكىللەنگەن قىسمى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇشىنى ھەم تەرەققى-ياتىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان زېمىنى، ئاساسىي تەركىۋى. خەلق ماقاللىرى تۇرمۇشقا بىۋاستە ۋە زىچ باغلانغانلىغى ئۈچۈن، شۇنداقلا پۇختا تەدبىق قىلىنغانلىغى، ئۇزى كېلىپ چىققان ئىجتىمائى مۇھىت ۋە شارائىتنى ئۇزىدە ئېنىق ئەكس ئەتتۇر-گەنلىگى ئۈچۈن شۇ خەلقنىڭ ئەدەبىي تىلىنى ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىيات تارىخىنى پەلەپە، مەدەنىيەت جۇملىدىن ئومۇمى تارىخىنى ئۆگىنىشتە كام بولسا بولمايدىغان قىممەتلىك ماتىرى-يال بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

خەلق ماقاللىرىدا — خەلقنىڭ تۇرمۇش، بىلىم ۋە ھەر خىل ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە، جۇملىدىن سىنىپ ۋە گۇرۇھلار ۋەزى-

① تىل ئەدەبىيات تارىخ مەسىلىلىرى 53 - بەت.

يىتى، پەلسەپە جەمىيەت ۋە ئىجتىمائى ئەخلاقتا، ئەمگەكتە، ئوم- لۇككە، ئەدىبىيات ھادىسىلىرىگە مەرتىلىك ۋە نامەرتلىكتە، شۇنىڭ- دەك ۋەتەنپەرۋەرلىكتە بولغان كوز قاراشلىرى يىغىنچاق، ئىخچام ۋە ئالاھىدە ئۆزىگە خاس ئىستىل بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئۇ، چوڭ- قۇر ئوي-پىكىر ۋە مۇستەقىل مەناغا ئىگە سوز سەنئىتى. بۇنى خەلقمۇ ئوزىنىڭ:

ئەرنىڭ كوركى (زىننىتى) ساقال،
سوزنىڭ كوركى (سەنئىتى) ماقال.

دىگەن ماقاللىرىدا ئىخچام باھالىغان. ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرى — يالغۇز مەزمۇنغا باي بولۇپلا قالماي، ئۇ، تۇراقلىق شەكلىگىمۇ ئىگە. XI ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر ئۇيغۇر تىل ئالىمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋانو لۇغەتت تۇرك» دىگەن كىتاۋىغا كىرگۈزۈلگەن خەلق ماقاللىرىدا ناھايىتى قەدىمقى ئۇيغۇر تى- لىنىڭ ئەسلى ھالىتى ساقلىنىپ قالماي، شۇ ماقاللار پەيدا بولغان ۋاقىتتىكى شەكلىمۇ ساقلىنىپ قالغان. ئۇلاردا دەۋر ۋە تىلنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئوزگىرىشلەر پەيدا بولغان بولسىمۇ پەرق چوڭ ئەمەس.

قۇت بەلگۇسى بىلىك (دىۋاندىكىسى)
بىلىم بەخت بەلگۇسى (ھازىرقىسى)
ئاش تېتىغى تۇز (دىۋاندىكىسى)
ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن (ھازىرقىسى)
ئەمگەك ئىكىندە قالماس (دىۋاندىكىسى)

ئەمگەك يەردە قالماس (هازىرقىسى)
كېڭەشلىك بىلىك ئارتەماس (دىئۋاندىكىسى)
كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس (هازىرقىسى)
ئىت ئىرىمەس، ئات تەبەس دىمە (دىئۋاندىكىسى)
ئىت قاۋىماس، ئات تەپمەس دىمە (هازىرقىسى)
تاما تاما كول بولۇر (دىئۋاندىكىسى)
تاما تاما كول تولۇر (هازىرقىسى)

لېكىن بۇ ماقالىلار ئېنىق بىر پىلان ۋە رەسمىي ئىلمىي ئىش سۈپىتىدە توپلىنىپ تولۇقلانمىغان، توپلانغانلىرىمۇ دىگەندەك تەرتىپكە سېلىنمىغان. ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرىنى توپلاش ۋە قىسمەن نەشىر قىلىش يولىدا ئازاتلىقنىڭ ئەرپىسىدە غۇلجىدا چىققان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى، ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ۋە «ئاممىۋى كۇلۇپ» ژۇرناللىرى ئاز ـ تولا ئىش قىلدى. «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى»، "بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى" خەلقىمىزنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش مەقسىدىدە دەسلەپكى قەدەمدە زۇنۇن قادىر، م رەھىم. قاتارلىق يولداشلارنىڭ توپلىغان ئىككى مىڭدىن ئارتۇق خەلق ماقاللىرىنى توپلام قىلىپ بېسىپ چىقاردى. بۇلار ئاساسەن: ۋەتەنپەرۋەرلىك، بىلىم، ئوي ـ پىكىر، ئەخلاق، ئىشچانلىق، هورۇنلۇق، دېخانچىلىق، ئىجتىمائىي ئەمگەك، تەبىئەت هادىسىلىرى، ئوملۇك ـ يەككىلىك، تەنهالىق، ئائىلە، ئوي، تۇرمۇش، ئۇرۇق ـ تۇققانچىلىق، ۋاپادارلىق، ۋاپاسىزلىق، مۇھەببەت ـ نەپرەت، ئادەم ۋە ئۇنىڭ باشقا ياخشى ـ يامان خىسلەتلىرى، تىل ئورپى ـ ئادەت، باتۇرلۇق ۋە قورقۇنچاقلىق، سىنىپ ۋە تەبىقە ئايرىم ـ

چىلىقلىرى قاتارلىق 20 نەچچە خىلدىن ئارتۇق ماۋزۇ ۋە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭدا يەنە كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش ئەمەلىيىتىدىن ھاسىل قىلغان بىر قاتار ياخشى چۈشەنچىلىرى، تەجرىبە-ساۋاقلىرى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا ئوبستراكتلىقمۇ بار، ئوبرازمۇ بار. خەلق ماقاللىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش يولىدىكى دەسلەپكى بۇ ئىزلىنىشنى خەلق ماقاللىرىنىڭ تېپىك مەزمۇنىنى تېپىك مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشكە قويۇلغان دەسلەپكى قەدەم دېسەك مۇبالىغە بولماس.

## بېيىتلار

"بېيىت" — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، يۈكسەك بەدىئىي ئوخشىتىش ۋە تەسەۋۋۇرغا ئىگە كونا تۈرلىرىدىن بىرى. ئۇ، ئىككىلىك، تەكرار ئىككىلىك شەكلىدە بولۇپ، خەلق ماقاللىرىدىن كېيىنلا شۇنىڭغا تەقلىت قىلىنىپ بارلىققا كەلگەن. يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى شېئىر تۈرلىرىدىن ئىككىلىك (دەسنۇي)، تەكرار ئىككىلىك (غەزەل) ۋە بىر ئۈزۈن، بىر قىسقا مىسرالىق مۇستەھزاد شەكىللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس بولغان.

بىز تۆۋەندە شۇ شەكىللەرگە دائىر، مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئىگىز-ئىگىز تاغلاردىن سىرىلدىم تۈزگە،
خايى بىلىڭ خايى بىلمەڭ ئېگىلدىم سىزگە.

ئىشىك ئالدى تاختا كوبرۇك قولبى زەنجىر سىم بىلەن
سەن كېتەرسەن، مەن قالۇرمەن ئويدە يالغۇز "ھىم" بىلەن.

ئاخىر مەندىن يۈز ئۆرۈپ كىمگە باقتىڭ قارا كوز،
ۋەدىمىز شۇنداقمىدى ئويلاپ كورگىن قارا كوز.

يۇقۇرىدىكى مىسالاردىن يازما ئەدىبىياتتىكى ئىككىلىك (مەسنىۋى) نىڭ شەكىللىنىشىگە بېيتنىڭ يۇقۇرقى تۈرى ئاساس سالغانلىغىنى كورۇپ ئوتتۇق. ئەمدى تەكرار ئىككىلىك يەنى غەزەللەر تۈرىگە مەنبە بولغانلىرىنى كورۇپ ئوتەيلى.

— سىرلىق ساندۇق سىرى سىز،
پەرىلەرنىڭ پىرى سىز.
ئويناي دەيدۇ كوڭلىگىز،
ئەمما قورقۇپ تۇرىسىز.

— سىرلىق ساندۇق سىرى بىز،
جۇۋانلارنىڭ پىرى بىز.
ھىچ نەرسىدىن قورقمايمىز،
يامان ئىشتىن نېرى بىز.

× ×

— ياغلىغىڭىز رەڭمۇ-رەڭ،
سەل سىلىغراق سوزنى دەڭ،

لەۋلىرى سۈزۈك جۇۋان،
ئالما بېرەي يېرىپ يەڭ.

× ×

— كورسەم كوزۇم ئاغرىيدۇ،
يىسسەم مەيدەم ئاغرىيدۇ.
ئالمىغىزنى ئالسام مەن،
يارنىڭ كوڭلى ئاغرىيدۇ.

بېيىت، بۇ شەكلىي جەھەتتىن، ئاھاڭلىق شېئىر، غەزەلگە ئاساس سالغان بولسا، مەزمۇن جەھەتتىن، توي-توكۈن، مەشرەپ، مەجلىسلەردىكى ئولتۇرۇشتىن بۇگۇنكى سەھنىلەرگىچە يېتىپ كەلگەن ”ئېيتىشىش“ نىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان.

ئىشىك ئالدى بوك تېرەكلىك،
بۇلبۇل ئوتەلمەس.
يېشىل-يېشىل يوپۇرماقلىرى.
يامغۇر ئوتەلمەس.
ئاق قۇشقاچقا ناۋات بەرسەڭ،
تەمىنى بىلمەس.
نادان قىزغا كوڭۇل بەرسەڭ،
قەدرىنى بىلمەس.

× ×

ھەي چىمەننىڭ شوخ بۇلبۇلى،
كوڭۇل ناۋاسى.
يەر - جاھاندا بارمىكىن تاڭ،
يارنىڭ ۋاپاسى.
يار ۋاپاسى بارمىكىن دەپ
بەردىم كوڭۇلنى،
كوڭلى يوقكەن سولاشتۇردى،
غۇنچە گۇلىمنى.

بېيىتنىڭ بۇ شەكىلىدىن يازما ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مۇستەھزاتنىڭ ئەۋەلقى مىسراسى ئۇزۇن، كېيىنكى مىسراسى قىسقا، كېيىنكى مىسرا ئەۋەلقى ئۇزۇن مىسرانىڭ مەزمۇنىغا بېقىندىغان ۋە ئۇنى تولۇقلايدىغان تۇرنىڭ شەكىللىنىپ چىققانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ. شېئىرنىڭ بۇ شەكلى شائىرلاردىن ماھارەت، شېئىردىن يۇكسەك بەدىئىلىك ۋە ئاھاڭدارلىق تەلەپ قىلىدۇ. مەشھۇر مۇقاملىرىمىزنىڭمۇ ناھايىتى كوپ ئاھاڭلىرى شۇ خىل بېيىت ۋە شېئىرلارنىڭ شەكلىدە يېزىلغان.

## لىرىكىلىق خەلق قوشاقلىرى

لىرىكىلىق قوشاقلار يازما ئەدەبىياتتىكى شېئىرلارنىڭ ئانىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ۋە ئەڭ كەڭ تارقالغان شەكلى كوپ تۇرلىرىنىڭ بىرى. خەلقنىڭ لىرىكىلىق

قوشاقلىرى ئۇنىڭ نەمۇنىلىرى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇ-غەتت تۈرك» دىگەن كىتاۋى ئارقىلىقلا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

دىۋان XI ئەسىرگە ئائىت ئەدىبىي ماتىرىياللار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى ئۇزىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن بىر-قانچە زامانلار ئىلگىرى يارىتىلىپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كوچۈپ يۈرگەن قوشاقلارنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭغا كىرگەن ئايرىم قوشاقلاردا باشلانغۇچ ئۇرۇقچىلىق قالدۇقلىرى، ئۇرۇقلار، قەبى-لىلەردىكى ھەرخىل مۇناسىۋەت ۋە ھايات، ئورپ-ئادەتلەر، تەبىەت ۋە جەمىيەت ھەققىدىكى قاراشلار، ئارزۇ-ھەۋەس، مەقسەت-تىلەكلەرگە دائىر نۇرغۇن تۇرمۇش كورۇنۇشلىرى بار. بۇلارنى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرى ئۇزاق يىللار داۋام قىلغان سەپىرىدە توپلىغان، ئۇ، ئايرىم سوزلەرنىڭ لۇغەت مەنە-سىنى ئېنىقلاپ كەڭرەك ۋە ئېنىقراق ئىزاھلاش مەقسىدىدە بۇلاردىن نەمۇنىلەر تاللاپ دىۋانىغا كىرگۈزگەن. بۇ نەمۇنىلەر ئاساسەن، مېھنەت، مەۋسۇم، توي-مۇراسىم، ئىشقى-مۇھەببەت، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، دىخانچىلىق، جەمىيەتتىكى سىنىپىي ئايرىمچىلىق ۋە نىزالارنى ئۇزىدە ئەكس ئەتتۇرگەن قوشاقلاردىن ئىبارەت. بىز تۆۋەندە ئوۋ ھەققىدىكى توت مىس-رالىق بىر كۈپلېت قوشاقنى كورۈپ باقايلى:

چەغرى بىرىپ قۇشلار،
تايغان ئىزىپ تىشلاتۇ.
تىلكى تۇنغۇز چىشلەتۇ،
ئاردەم بىلەن ئوكرەلىم.

تەرجىمىسى:

چەغرى (ئوۋ قۇشى ئېلىپ) قۇش ئوۋلايلى،
تايغان ئىتنى (قۇشلارنىڭ) ئىزىدىن سېلىپ قۇشلىتايلى.
تۇلكە، توڭگۇز (لار)نى تاش بىلەن ئۇرايلى،
ياخشى ئىشلىرىمىز بىلەن ماختىنايلى.

بۇ قوشاقتىن كورگىلى بولىدۇكى قەدىمقى زامانىدىكى ئوۋچىلار قۇش ئوۋلاش ئۇچۇن ئوۋ قۇشى (لاچىن، قارچىغا، شۇڭقار، بۇركۇت) ۋە ئوۋچى تايغان ئىتلاردىن پايدىلانغان. تۇلكە ۋە توڭگۇزغا ئوخشاش هايۋانلارنى تاش قوراللار بىلەن ئۇرۇپ ئولتۇرگەن ۋە ئوزىنىڭ بۇ غەلىبىسى بىلەن ماختانغان، پەخىرلەنگەن. ئىككىنچى بىر كۇپلېت قوشاقتا ئاتلىق يۇرۇپ ئوۋچى ئىتلار ياردىمى بىلەن كىيىك تۇتۇش ۋە ئوۋ مەھسۇ-لاتلىرىنى كوپەيتىشكە ئىنتىلىش ئىپادىلەنگەن.
ئوۋچىلارنىڭ چارۋا ماللارنى تۇرلۇك يىرتقۇچ هايۋان-لاردىن بىرلىشىپ هىمايە قىلىشتىمۇ رولى ناهايىتى چوڭ بولغان. ئوۋچىلارنىڭ بورىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۇرىشىنى تەسۋىرلىگۇچى توۋەندىكى بىر كۇپلېت قوشاق ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

قاچە تۇرۇپ تۇرەر ئەردىم،
قارا - قىزىل پۇرە كوردۇم.
قالىغ يانى قورا كوردۇم،
قويا كورۇپ باقۇ ئاغرى.

تەرجىمىسى:

كېچىسى تۇرۇپ (كېزىپ) يۇردۇم،
قارا ـ قىزىل بورە كوردۇم.
با قۇۋەت يانى (ئېتىشقا) ھازىرلىق كوردۇم،
(ئۇ) قورقۇپ قىيانىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى.

بۇ قوشاقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۇپلېتلىرىدا ئوۋچىنىڭ بورىنىڭ ئارقىسىدىن تەقىپ قىلىشنى داۋام ئەتتۇرگىنى، بورىگە ئوۋ ئىتى تايغاننى قويۇپ بەرگىنى ۋە بورىنىڭ يېڭىلگىنى تەسۋىرلىنىدۇ. چارۋىچىلار چارۋا مالىلىرىنى ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن شۇ زامانلاردىمۇ كېچىسى پايلاقچى قويغان. توۋەندىكى بىر كۇپلېت قوشاقتا پايلاقچىلىق قىلىپ تاڭ ئاتقۇزغان كىشىنىڭ پىكرى بايان قىلىنغان:

قارا تونۇنىڭ كەچۈرەسىدىم،
ئاخىر ئۇنى ئوچۇرەسىدىم
ياتىكانىڭ قاچۇرەسىدىم
ساقىش ئىچرە كونۇم توغدى.

تەرجىمىسى:

قارا تۈننى كېمىرمەك ئىستىدىم
ئېغىر ئۇيقۇنى ئوچۇرماق ئىستىدىم،
يەتتە (يەتتە قاراقچى يۇلتۇز) ھۆكەرنى قاچۇرماق


AltunOq

(تاڭ ئاتتۇرماق) ئىستىدىم.
مەن يۇلتۇزنى سانىماقتا ئىدىم، كۈنۈم تۇغدى.
(قۇياش چىقتى).

ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن بىر قاتاردا دىخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكمۇ قەدىمقى زامان قەبىلىلىرى ھاياتىنىڭ مۇھىم قىسمىنى تەشكىل قىلغان. تەكتىلەپ كورستىش كېرەككى، چارۋىچىلىق ئېنگېلسىنىڭ: "ئوزاق ۋە قاتتىق قىش مەۋسىمىگە يەم-خەشەك غەملەپ قويماي تۇرۇپ پادىچىلىق ھاياتىنى كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. دىمەك پىچانلىقنى (ئوتلاقنى) ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇش ۋە ھەرخىل دان تېرىش الازىم"① دەپ كورسەتكىنىدەك، دىخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ ئوسۇشىگە زىمىن تەييارلىغان. دىخانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىكتىن ئىبارەت دالىنىڭ بۇ ئېغىر مېھنىتىمۇ قەدىمقى زامان قوشاقلىرىدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

يىگىتلىرىك ئىشلەتۇ،
يىغا، يىمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان - كىيىك ئوۋلاتۇ،
بەزەرەم قىلىپ ئاۋنالىم.

تەرجىمىسى:

يىگىتلەرنى ئىشلىتەيلى،
دەرەخ(لەر) دىن مىۋە (لەر) ئىرغىتايلى،

① ئېنگېلس — «ئائىلە ۋە خۇسۇسى مۇلۇكنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئوزبەكچە 177 - بەت.

قۇلان - كېيىك ئوۋلىتايلى،
(كېيىن) بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى.

بۇنىڭدا مىۋىلەر پىشقان مەھەلدە ئۇنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىش، كېيىن ئوۋ بىلەن شۇغۇللىنىشنى تۈگەللەپ بايرام شاتلىقىنى باشلاش ئېيتىلغان.
يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن مىساللاردا قەبىلىلەرنىڭ مېھنەت تۈرلىرى، جەريانى، قەبىلە ئەزالىرىنىڭ مېھنەتكە بولغان مۇھەببىتى، مېھنەت مىۋىلىرىدىن زوقلىنىشى بەدىئى ئۇسۇلدا تەبىئى تەسۋىرلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەبىلە ئەزالىرىنىڭ تەۋەللىكى ۋە باشقا سىنىپىي زىددىيەتلەر ئەكس ئەتكەن.

## مەرسىيە قوشاقلىرى

شېئىرلاردا شۇ نامدا يېزىلغان ئەسەرلەر بولغىنىدەك شېئىرىيەتنىڭ ئانىسى بولغان قەدىمقى قوشاقلاردىمۇ شۇ تېمىدىكى قوشاقلار بولغان. بۇنداق قوشاقلاردا قەبىلە باتۇرلىرىنىڭ مەرتلىك، قەھرىمانلىق ۋە شىجائەتلىك بىلەن قۇربان بولغانلىقى ئۇنىڭ باشقا خىسلەتلىرىمۇ خېلى ماھارەت بىلەن ماختىلىدۇ. قەھرىماننىڭ ئولۇمى قەبىلىلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ يوقىتىش بولغانلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا بولغان قايغۇلار ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق قوشاقلارنىڭ خاراكتېرلىكراقى ئالىپ ئەرتوڭگە بېغىشلانغان مەرسىيە. بىز ئۇنىڭدىنمۇ بىر كۇپلېت كورۇپ باقايلى:

ئالىپ ئەرتۇڭگە ئولدىمۇ؟
ئىسسىز ئاجۇن قالدىمۇ؟

ئۇزلۇك ئۇچۇن ئۇلدىمۇ ؟
ئەمدى يۇرەك ئۇتىلۇر!

تەرجىمىسى:

باتۇر ئەرتۇڭگە ئۇلدىمۇ ؟
ئىست ئاجۇن (دۇنيا) ئۇنىڭدىن قالدىمۇ ؟
ئۇزى ئۇچۇن ئۇلدىمۇ ؟
بۇ قايغۇدىن باغرىمىز ئۇرتىلىدۇ - ياندۇ.

قوشاقلارنىڭ مەرسىيە خىلى ياكى تۇرى، ئورخۇن يەنىسەي يادىكارلىقلىرىدىمۇ بار.

مەۋسۇم (پەسىل) ۋە تەسۋىرىي قوشاقلار يىل پەسىللىرى (مەۋسۇم) گە بېغىشلانغان تەسۋىرىي قوشاقلار «مەۋسۇم قوشاقلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. «دىۋانو لۇغەتت تۇرك» تە مەۋسۇم قوشاقلىرىدىن خېلى ئوبدان نەمۇنىلەر بار. مەۋسۇم قوشاقلىرى بىلەن بىر قاتاردا يەنە ئومۇمەن تەبىەت كورۇنۇش (مەنزىرە) لىرىنى تەسۋىرلىگۇچى تەسۋىرى ياكى لىرىكىلىق قوشاقلارمۇ بار.

ناھايىتى قەدىمقى زامانلاردا كىشىلەر تەبىئەتتىكى ئۇزگىرىشلەرنىڭ سەۋەۋىنى ياخشى چۇشەنمىگەنلىكلىرى ئۇچۇن تەبىئەت ئۇزگىرىشلىرىنى يېڭەلمىگەن. يىلنىڭ بىر پەسلى ئۇلارنى خۇشال قىلسا، يەنە بىر پەسلى ئۇلارنى قايغۇلاندۇرغان. بىزگە مەلۇم ياز پەسلى دىخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئۇچۇن ھەممە ئىمكانىيەتلەرگە باي باياشات پەسىل. قاتتىق سوغاق پەسىل ئۇچۇن ئوزىگە يېتەرلىك ئوزۇق، چارۋىلىرىغا يېتەرلىك يەم - خەشەك توپلىغان قەبىلىلەرگە قارىغاندا ئۇنى توپلىمىغان، ياكى توپلىيالا-

مىغان قەبىلىلەر ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلەتتى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقى كىشىلەر ياز ۋە قىشقا بىر خىلدا قارىمايتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىدا ياز پەسلى زور خوشاللىق ۋە مۇھەببەت بىلەن تەسۋىرلەنسە، قىش پەسلىگە بېغىشلانغان قوشاقلاردىن يىلنىڭ قىش پەسلىگە ئۆزگىرىشتىن قايغۇرۇش ۋە يازنىڭ ئوتۇپ كېتىپ قىشنىڭ يېتىپ كەلگىنىگە نارازىلىق ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل قوشاقلاردا ياز بىلەن قىش بىر بىرىگە قارىمۇ - قارشى ئورۇنغا قويۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن. بۇنى تۆۋەندىكى مەۋسۇم ۋە مەنزىرە قوشاقلىرىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

قىش ياز بىلەن توقۇشتى،
قىڭغىر كوزىن بېقىشتى.
تۇتۇشقا بەل يېقىشتى
ئويغىلىماق ئوغۇشدۇر.

تەرجىمىسى:

قىش ياز بىلەن توقۇنۇشتى
قىڭغىر (يامان) كوز بىلەن بىر بىرىگە
(بېقىشتى) قاراشتى.
بىر بىرىنى تۇتۇپ ئېلىشقا ئىنتىلىشتى،
ھەر قايسىسى يېڭىشنى ئىستەيتتى.

قىش بىلەن ياز ئوتتۇرىسىدىكى "كۈرەش" كىشىلەرنىڭ جەڭدىكى كۈرەشلىرىگە ئوخشىتىلىدۇ.

ياز قش بىلەن قىرىشتى،
ئەردەم ياھىنى قۇرۇشتى،
چەرىك تۇتۇپ كۈرەشتى،
ئۇقتاغىلى ئوتۇشۇر.

تەرجىمىسى:

ياز بىلەن قىش، قارىمۇ - قارشى بولۇشتى،
(ئۇلارنىڭ ھەربىرى) دۈشمەنلىك يايىنى قۇرۇشتى.
قوشۇن تۈزۈپ (بىر بىرسنى) تەقىپ قىلىشتى،
(يا) ئېتىش ئۈچۈن (بىر بىرىگە) يېقىنلاشتى.

مەنزىرە قوشاقلىرى داۋامىدا قىشنىڭ "مەغلۇپ" بولۇپ يازنىڭ غەلىبە قازىنىشى مۇقىملاشقانلىقى، تەبىئەت قايتىدىن جانلىنىپ قىرلار گىلەمگە ئوخشاش مايسلار بىلەن قاپلانغانلىقى، تاغلاردا قار - مۇزلارنىڭ ئېرىگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. سۇلارنىڭ ئېقىشقا باشلىغانلىقى، تۈرلۈك - تۈمەن گۈللەر ئېچىلىپ يەر يۈزىگە چىراي بەرگەنلىكى، قۇشلار ۋە قۇرۇت - قوڭغۇزلارنىڭمۇ ئۇۋۇلىرىدىن چىقىپ يېڭى ھايات باشلىغانلىقى تەبىئەتنىكى بۇ جانلىنىش كىشلەرنى ناھايىتى زوقلاندۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ياز ۋە باھار پەسىللىرى يۇقۇرىدىكى قوشاقلاردا شاتلىق بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. تەبىئەت مەنزىرىسى جانلىق تەسۋىرى بوياقلاردا تەسۋىرلىنىدۇ ۋە جىلۋىلىنىدۇ. بۇ خىل قوشاقلارنى كوپچىلىك خەلقنىڭ ئىجادىيىتى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق قوشاقلار تولاراق ئېتىشش تەرىقىسىدە ئويۇنغا چۈشۈپ ئوينىغان ۋاقىتلىرىدا يارىتىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. يۇقۇرقىلار


Altun Oq

بىلەن بىر قاتاردا چىن مۇھەببەت، ساداقەتلىك، تەلىم - تەربىيە مەسىلىلىرىگە ئائىت — ئىنسانىي پەزىلەتلەر، ئار - نومۇس، مەرتلىك، باتۇرلۇق، -توغرىلىق، ئەدەپ ۋە ئادەمگەرچىلىك قوشاقلىرىمۇ بار.

توي - مۇراسىم، مەشرەپ، مەجلىس قوشاقلىرى دەپ ئاتالغان قوشاقلارمۇ دىۋاندا ئالاھىدە ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ بار. مەسىلەن، مەشرەپ قوشاقلىرى. "مەشرەپ" دىگەن بۇ سوز قىزىق ۋە كوڭۇللۇك ئولتۇرۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتتە "مەشرەپ" نىڭ ئوزىمۇ توي - توكۇندە، يەنى توينىڭ ئالدىدا ياكى كەينىدە تولاراق توينىڭ ئوزىدە سورۇن تۈزۈپ ئوينىلىدىغان ئويۇن، بۇنىڭ نەغمىسى مەشھۇر مۇقاملارغا، جۇملىدىن كلاسسىك ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى 12 مۇقامغىمۇ كىرگەن.

مەشرەپتە، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، قېرىلارمۇ ئوز خىلالىرى بىلەن سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەشرەپنى باشلىغۇچى قىز ياكى چوكان، جۇگان ئورنىدىن تۇرۇپ قولىغا بىر دەستە گۈل، ياكى، بىرەر پىيالە چاي، ئۇمۇ بولمىسا بەلۋاغنى يۇمشاق ئېشىپ پوتا قىلىپ كېلىپ، ئارىلىشىپ ئولتۇرغان يىگىتكە ياكى ئەر كىشىگە توۋەندىكى بېيىت بىلەن پوتا سالىدۇ:

توپ تېرەكنىڭ چاقىدا توپ ئوينىغان قارا كوز،
يارىيانىڭ چاقىدا پوتا ئوينىغان قارا كوز.

دەپ قولىدىكى دەستە گۈل، چىنە ياكى پوتا بىلەن ئىشارەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پوتا ئويۇنى باشلىنىپ يىگىتمۇ

قىزنىڭ قولىدىن پوتىنى ئۈزىگە لايىق بىيىت ياكى قوشاق بىلەن ئالىدۇ. ئېيتقان جاۋاپ قوشىقى يىگىتنى شۇنداقلا كوپچىلىكنى قانائەتلەندۈرەلمىسە، ئۇ شۇ سورۇندىكىلەرنىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق بىرەر سەنئەت ياكى ماھارەت كورسىتىشى ھىچ بولمىغاندا ئۇسۇل ئويناپ ساز چېلىپ بېرىشى كېرەك. ئۇنىمۇ قىلالامىسا، ”سورىتىنى تارتىش“ جازاسىغا ئۇچراپ تامغا يولەپ تۇرغۇزۇپ سۇ پۈركۈلىدۇ. بەزىلەر بۇنىڭ ئۇچۇن بىرەر قېتىملىق مەشرەپنى بويىنىغا ئېلىپ كوپچىلىكنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن مەشرەپكە بىيىت-قوشاق، ئۇسۇل، مۇزىكا، ناخشا بىلمەيدىغان كىشى ئۈزلۈگىدىن كېرەلمەيدۇ. مانا بۇ چارە خەلقنىڭ بىيىت-قوشاق ۋە ناخشا بايلىقىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇش ماھارىتىنى ئوستۇرۇشكە سەۋەپ بولغان. بۇنداق مەشرەپ ئاخىرى، ”سەنەم“ دەپ ئاتالغان ۋە ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان چوڭ كوكۈللۈك ئولتۇرۇش بىلەن توگەيدۇ. بۇ ئويۇننىڭ تۇرپان، توخسۇن، پىچان، قۇمۇل قاتارلىق جايلىرىدىكىنى ”مەجلىس“ دەپ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئويۇنلارنىمۇ رەتلىك ئويناشنى بىلىدىغان ۋە بىلىگىنىنى سوزلەپ بېرىدىغان كىشىلەرمۇ بەك ئاز قالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تويى كوچۈرۈش ئالدىدا ئېيتىلىدىغان ”يولەن قىچقىرىش“ ئويۇنىمۇ بار.

## يولەن قىچقىرىش

باشلىنىش

مەستۇن ھەيران بوپتىمەن،
شۇبۇ كۈنلەردە.

ياتسام كېچە ئۈيقۇم كەلمەي،
قارا تۈنلەردە.

ياشلار داقا - دۇمباق، ناغرا - كانەي، سوناي بىلەن قىچ-قىرىپ ئېيتىدۇ:

هاي - هاي يولەن، هاي يولەن،
گۈل قايدا بار ياربيار،
بىر ياخشىغا بىر يامان،
هەر جايدا بار ياربيار.

ئىككى كىشى، بىر ئەر بىر ئايال ئۇسۇلغا چۈشۈپ ئوينايدۇ:

هاي هاي يولەن، هاي يولەن، بارمۇ هايات ياربيار،
قارچىغىدەك بويلىرىڭغا بولدۇم سايىيات ياربيار.
هاي هاي يولەن، هاي يولەن، مەن نە قىلاي ياربيار،
خەنجەر ئېلىپ يۈرەكنى پارە قىلاي ياربيار.

هاي هاي يولەن، هاي يولەن، قار كېلىدۇ ياربيار،
بەرگەن خازان تونني كېيىپ يار كېلىدۇ ياربيار.
.......................................
ئەگىم ئەگىم يوللاردىن ئىز كېلىدۇ ياربيار،
كىمخاپ تونني پۈركىنىپ قىز كېلىدۇ ياربيار.
.......................................

بۇنىڭدىن باشقا "ھىجران قوشاقلىرى" مۇھەببەت ۋە تا-رىخىي ۋەقەلەر ۋە باشقا تۈرلۈك تېمىدىكى قوشاقلار ناھايىتى كوپ بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلىمۇ 4 لىك، 6 لىكلەردەك خىلمۇ خىل شەكىلگە ئىگە. ھازىرغىچە توپلانغان بۇنداق قوشاقلارنىڭ كۇپلېت سانى 6000 كۇپلېتتا يېقىن. بۇلار توپلىغۇچى ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا 1908 - يىلى تۇغۇلۇپ 1956 - يىلى 6 - ئىيون كۇنى ۋاپات بولغان ئايۇپ ساماقنىڭمۇ «قوشاقلار» توپلىمى بار. شۇنداقلا 1910 - يىل ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ 1974-يىل 22 - فېۋرالدا ۋاپات بولغان مۇھەممەت ناپىرنىڭمۇ 1200 كۇپلېت ئەتراپىدا يازغان قوشىقى بولۇپ، ئۇنىڭ 459 كۇپ-لېتى ھازىر بار.

## قەسىدە

"قەسىدە" ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدىبىياتىدا ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن تۈر بولۇپ، ئۇ، تولاراق، "پىرىدە" ئېيتىلىپ كەلمەكتە. "پىرى" ئەسلىدە شامانىزىمدىن قالغان بىر خىل داۋالاش شەكلى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى "ئوت" (نوكچە شام) غا چوقۇنۇش ئىدىيىسى ئىسلام دىنىدىكى جىن - شاياتۇنلارغا سېغىنىش، ئۇلاردىن قورقۇش خاھىشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر، قارىقاش، شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونلىرىغا كەڭرەك تارقالغان. بۇنىڭ ئوينىلى-دىغان ۋاقتى ئاساسەن كۈزلۈك يىغىم - تېرىمدىن كېيىنرەك

بولىدۇ. بەزى جايلاردا ئۇنىڭ بىلەنمۇ چەكلەنمەيدۇ. بۇ يەردە خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدىن يىزىپ ئېلىنغان پىرنىڭ تەپ-سىلاتى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. پىردە، كېسەل يار ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تورۇسقا ياكى تۈڭلۈككە ئارقان باغلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىر ئۇچى يەرگە قېقىلغان قوزۇققا باغلىنىدۇ. ئارقاننىڭ تورۇسقا يېقىن يېرىگە بىر تال ئالما شېخى ئېسىپ قويۇلىدۇ. پىرى ئوينىغاندا كېسەلنىڭ قولىنى يالاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئارقان-نىڭ ئوتتۇرىسى يۇمشاق ماتا ياكى لۆڭگە بىلەن ئورىلىدۇ. ئارقاننىڭ چۆرىسىگە ئۆيگە كىگىز سېلىنىدۇ. ئارقاننىڭ يېنىغا سېلىنغان كىگىزگە چىراقپاي بىلەن قارا چىراق، بىر پارچە ئەينەك، بىر قاچىدا ياغ، بىر قاچىدا چوغ قويۇلىدۇ. يەنە بىر قاچىدا سۇ قويۇلىدۇ. ياغ چىراققا ئىشلىتىلىدۇ. چوقىقا، ئالما پوستى ۋە قېقى، ئادراسمان سېلىنىپ دۇت چىقىرىلىدۇ. سۇغا باخشى ئۆزىنىڭ بىلگەن ئايەتلىرىنى ئوقۇپ دەمىدە قىلىپ كېسەلگە پۈركۈيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قولىغا داپنى ئېلىپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قەسىدە شەكلىگە كىرىدىغان مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپ داپنى چالىدۇ.

ئەزەمتە ئەلەيكۇم ئوقۇيمەن،
جىنغا توقۇم توقۇيمەن
جىن سەكرىسە سەكرىسۇن،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن كېسەل تۇغنى (تارتىلغان ئارقاننى تۇ-تۇپ) چوگىلەپ ماڭىدۇ. باخشى قولىدىكى داپنى شاگىرتلىرىغا

بىرسى قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ كېسەلنى ئالدىغا سېلىپ ئويۇنغا چۈشىدۇ. داپچى ۋە قەسىدىچىلەردىن 4 دىن 16 گىچە كىشى باخشىغا ئەگىشىپ قەسىدە ئوقۇپ داپ چالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال بەزىدە يېرىم كېچىگىچە سوزۇلۇپ ئاخىرى مەشرەپ بىلەن تۈگەيدۇ. پىرىدە ئوقۇلىدىغان قەسىدىلەرنىڭ تۈرى كوپ بولۇپ ئۈزى توۋەندىكى "موچەلنامە" بىلەن تۈگەيدۇ.

ساچقىنى سويلاپ، ئۇيلىرى مورەپ كېلىدۇ،
يولدا يولۋاس توشقىنى تويلاپ كېلىدۇ.

دەريادا بېلىق، يىلاننى قوغلاپ كېلىدۇ،
ئات ئالدىدا قوي كەينىدە مەرەپ كېلىدۇ.

مايمۇنى مويلاپ، توخۇسى چىرلاپ كېلىدۇ،
ئىتلىرى قاۋاپ، توڭگۇزى بۇلغاپ كېلىدۇ.

بۇ قوشاقتىكى، ساچقان، ئۇي، يولۋاس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، مايۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇزدىن ئىبارەت ئون ئىككى هايۋاننىڭ ئىسمى بىر "موچەل" يەنى ئون ئىككى يىلنىڭ ئىسمىدىن ئىبارەت. بۇ خېلى بىر ئۇزۇن قوشاق بولۇپ بېشى، ئاخىرى ساقلانمىغان. هازىر تېپىلغىنى شۇنىڭدىن ئىبارەت.

## ئەپسانە

"ئەپسانە ئىنسانلار خىيالىدا ئاڭسىز هالدا بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي هادىسىلەر-

نىڭ قەدىمقى زامان كىشىلىرى ئاغزىدا كوللېكتىپ ھالدا بار-
لىققا كەلگەن ئىجادىيىتى. ئۇ قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى
چۈشەندۈرۈشى، ئىنسانىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى
كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىرادىسى ۋە غايىسى. شۇڭدەك ئۇ،
ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ئۆزگىرىشى ۋە راۋاجلىنىشىدىن
ئىبارەت.

(ماركس سىياسى ئىقتىساتقا پىپەنگە قارالسۇن)

بىز تۆۋەندە بىزگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ئەپسانىلەردىن
ماسساگېتلار ھەققىدىكى ئەپسانىگە توختىلىپ ئۆتەيلى. بۇ ئەپسانى-
نىڭ ئەسلى نۇسخىسى ساقلاپ قېلىنمىغان. بىزگە يېتىپ كەلگىنى
قەدىمقى گىرېك تارىخچىسى گىرودات ئىرامىزدىن ئاۋالقى
V ئەسىردە يازغان تارىخىدا بايان قىلىنغان مەزمۇندىن ئىبارەت.
ۋەتەنپەرۋەرلىك، جەسۇرلۇق ۋە قەھرىمانلىقنى كۈيلەش، خاتىرجەم-
لىك ۋە پاراغەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، قەبىلىداشلىرىغا سادىق
بولۇش، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى غەزەپ-نەپرەت بىلدۈرۈش
تومارىس ئەپسانىسىنىڭ غايىۋى ئاساسى، تومارىس ئەپسانىسىنىڭ
باش قەھرىمانى تومارىسنىڭ ئوبرازى باتۇر ۋەتەنپەرۋەر ۋە
ئېگىلمەس قەھرىماننىڭ شانلىق ئۈلگىسى ۋە ئاجايىپ نەمۇنىسى.
ئۇ، قەبىلىداشلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىنى
ئۇستۇرگەن. تومارىس يالغۇز ئۆز قەبىلىسىنىڭلا تىنچلىقى ۋە پارا-
غىتىنى ئىستەپلا قالماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭمۇ تىنچلىق ۋە
پاراغىتىگە ھۆرمەت بىلەن قارىغان. ئەپسانىدە كەيخىسراۋ
باسقۇنچىلىق نىيىتىدىن قايتمىغاندىن كېيىن تومارىس ئۆز يۇرتى
ۋە قەبىلىلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كەيخىسراۋنىڭ تاجا-
ۋۇزچى قوشۇنىغا قارشى جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەرتلىك

ۋە راستلىق بىلەن كامالەتكە يەتكەن تومارس دۈشمەننىڭمۇ مەرتلىك قىلىشىنى، ھىلە - نەيرەڭ ئىشلەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا تومارسنىڭ كەيخىسراۋغا ئەلچىلەر ئارقىلىق ئېيتقان تۆۋەندىكى سوزلىرى ئوچۇق دەلىل بولالايدۇ: "بىز بىلىمىزكى سەن ئېچىلىقنى خالىمايسەن. شۇ سەۋەپتىن شەرتىمىز مەسلىھەتىمىزگە كونىمەي ماسساگىتلار بىلەن توقۇنۇشنى ئىستىسەڭ، كوبرۇك ياسايمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمە. بىزگە ئېيتساڭ بىز ساڭا دەخلى يەتكۈزمەي دەريادىن ئۈچ كۈنلۈك يولغا كوچۈپ كېتىمىز. بىمالال دەريادىن ئوتسەڭ ئۈنىڭدىن كېيىن يۈزمۇ - يۈز (تۈرۈپ) ئۇرۇشىمىز. ئەگەردە بىز بىلەن دەريانىڭ قىرغىقىدا (ياكى سىڭىدىغان يېرىدە ئۇچراشماقچى بولساڭ ئۇنى ئېيت. بۇنىڭغىمۇ بىز رازى. پەقەت نامەرتلىك قىلما!" مەرتلىك ۋە قەھرىمانلىقنى روشەن ئىپادىلىگۈچى بۇ سوزلەر تومارسنىڭ قىياپىتىنى تازا ئوبدان خاتىرلەيدۇ.

ماسساگىتلارنىڭ كۈرەشكە جىددى تەييارلانغانلىقلىرىنى ئۇلارغا تومارستەك ئايال قەھرىمان ۋە ماھىر لەشكەر بېشى رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كورگەن كەيخىسراۋ ھىلە - نەيرەڭ بىلەن غەلىبە قازىنىش يوللىرىنى ئىزلەشكە كىرىشىدۇ. ئۇ تومارسنىڭ ئوغلى سىپەرگىنىز باشلىق بىر بولۇم ماسساگىتلارنى پايلاپ يۈرۈپ ھاراق بىلەن مەس قىلىپ ئەسىر ئالىدۇ. دۈشمەننىڭ نامەرتلىك قىلىپ ھىلىگەرلىك قىلىشى تومارس ۋە بارچە ماسساگىتلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. تومارس قەبىلىداشلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە كەيخىسراۋغا يەنە خەۋەرچى ئېۋەتىپ تۆۋەندىكى سوزلەرنى ئېيتىدۇ: "ئەي قانخور كەيخىسراۋ! قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماختانمايلا قوي! سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى يۈزمۇ - يۈز جەڭدە

يەڭگىنىڭ يوق! ئۇنى مەككارلىق بىلەن هاراق ئىچۈرۈپ (مەس
قىلىپ) قولىغا چۈشۈردۈك. ئەمدى مېنىڭ مەسلىهەتىمگە كىر.
ئوغلۇمنى ماڭا تاپشۇرۇپ، كەلگەن يېرىڭگە زىيان-زەخمەتسىز
قايتىپ كەت! ئەگەر سوزۈمگە كىرمىسەڭ ماسساگېتلار تەڭرىسى
قۇياش نامى بىلەن قەسەمىيات قىلىمەنكى، مەن، سەندەك ئاچ-
كوز يوهانى قان بىلەن سۇغۇرىمەن...“ ئۇ، ئوغلى ئۈچۈنلا
ئەمەس بەلكى پۈتۈن قەبىلىنىڭ شان-شەرىپى ئۈچۈن كۈرەشىدۇ.
ئىرامىزدىن بۇرۇنقى 529-يىل ئامۇ دەريا ئەتراپىدا بولغان
ناهايىتى دەهشەتلىك جەڭدە ماسساگېتلار ئىران قوشۇنىنى تار-
مار قىلىپ، كەيخىسراۋنى ئولتۈردۇ. تومارىس كەيخىسراۋنىڭ
بېشىنى قان بىلەن تولغان تولۇمغا سېلىۋېتىپ شۇنداق دەيدۇ:
”ئەي نامەرت، سېنى جەڭدە هالاللىق بىلەن يېڭىپ چىققان
(مەندەك) بىر ئايالنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ
پەرزەنت داغىدا كويدۈردۈڭ. سەن ئومرۈڭ بويى قانغا تويمىدىڭ.
مەن ئوز قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ سېنى (بېشىڭنى) قان
بىلەن سۇغاردىم. بىرۋۇنىڭ يۇرتىغا زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇپ
كىرگەنلەرنىڭ جازاسى شۇ!...“

ئەپسانىدە سىپەرگىنىزنىڭ ئىچىملىككە بېرىلىپ ئەسىرگە
چۈشۈشى قارىلىنىدۇ. بىراق ئۇنىڭدا ئار-نومۇس ئۈستۈن چىقىپ
دۈشمەن قولىدا ئەسىر بولغاندىن كوره ئولۈمنى ياخشى كورگەن-
لىگىمۇ سوزلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، نومۇسلۇق، ۋىجدانلىق
مەرت يىگىتنىڭمۇ ئۈلگىسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەپسانىدىكى كەي-
خىسراۋ زالىم باسقۇنچى پادىشالارنىڭ ئوبرازى بولسا، تومارىس
خەلقىنىڭ هەققەقى ۋەكىلى ۋە پەرزەندىنىڭ ئوبرازىدۇر.

بۇنىدىن باشقا گىرېك تارىخچىسى فوللىنىڭ مىلادىدىن

بۇرۇنقى 426 — 521 ـ يىللارغا ئائىت «ھەربى ھىلىلەر» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن «شىراق» ئەپسانىسى. («بۇددىزىم خوتەن دەۋلىتىدە»① ناملىق كىتاپنىڭ 4 ـ باپ 1 ـ بولۇم 4 ـ 5 ـ 6 ـ بەتلىرىدىكى خوتەن شەھرىنىڭ بىنا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانە). مۇشۇ ھەقتە تىبەت خاتىرىلىرىدە يېزىلغان بىر ئەپسانىمۇ بار. ئوتكەندە خەلق ئىچىدىكى ئەپسانىلەرگە سەلبى مەنا بېرىپ سەل قارالغانلىقتىن ئۇ تېخى يىغىپ ئېلىنمىدى.

## رىۋايەت

قەدىمقى تارىخ، مەدىنىيەت، ئۇرپ ـ ئادەت ۋە ئاتاقلىق شەخسلەرگە دائىر ۋەقەلەرنى قىسقا ۋە ئېنىق بەدىي ئۇسۇل بىلەن بايان قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرىنى رىۋايەت دەپ ئاتايدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمى بولغان بۇ تۈردىن تولاراق تارىخچىلار پايدىلىنىپ كەلگەن. بىزدە بۇ تۈرگە نەمۇنە قىلىپ كورسەتكىدەك بىرەر مىسال توپلانغىنى يوق. تۆۋەندە بىز ئوغۇزخان ھەققىدىكى بىر رىۋايەتنى كورۈپ باقايلى:

”تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە بىزگە مەلۇم ئەڭ بۈيۈك خان ئوغۇزخاندۇر. بۇ ھەقتە مانا بۇنداق رىۋايەت بار:

تۈركلەر نوھ ئەۋلادى ياپەسكە مەنسۇپ. ياپەس ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى ئاسىيا تەرەپكە مېگىپتۇ. بىر قىسمى دون،

① «غەرپتە بۇددىزىم» دىگەن ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە قارالسۇن.



AltunOq

ۋولگا دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئىككىگە ئايرىلىپتۇ. بىر قىسمى شەرقتە كېتىپ تۈركلەرنى، يەنە بىر قىسمى غەرپكە كېتىپ ياۋروپا مىللەتلىرىنى تەشكىل قىپتۇ.

ياپەس ئەۋلادىدىن بولغان تۈرك ئىسسىق كول ئەتراپىغا جايلىشىپتۇ. بۇ يەردە تۈرك ئەۋلادىدىن ئەلىنجى خان، ياغىدى خان، كويۇك خان، كېيىنچىرەك ئالىنجەخان ھوكۇمدار بوپتۇ. ئالىنجەخان ئولۇش ئالدىدا مەملىكىتىنى تاتار، موگغۇل ناملىق ئىككى ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بېرىپتۇ......

موگغۇل خان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا ئوغۇزخان ئولتۇردى. بۇ ئوغۇل قاراخاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلۇپ بىر ياشقا تولغاندا ئۆزىنىڭ ئېتىنى ئۆزى "مېنىڭ ئېتىم ئوغۇز" دەپ قويدى. ئۇ چاغدا بالا بىر ياشقا كىرمىگىچە ئات قويۇلمايتتى......شۇنداق قىلىپ قاراخان بىلەن ئوغۇز ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولدى. ئۇرۇشتا قاراخاننىڭ قېرىنداشلىرى، ئەۋلاتلىرى، ئوغۇللىرى تامامەن ئوغۇز تەرىپىگە ئوتتى. بۇلارنى ئوغۇزخان "ئۇيغۇر" دەپ ئاتىدى.

(«تارىخىي ئومۇمىيە» 264 - بەت.)

تارىخىي رىۋايەتلەردە كورسىتىلىشىچە، تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمقى بوۋىسى ياپەس. ئۇنىڭ ئوغلى تۈرك، ئۇنىڭ ئوغلى ھازار ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى ۋاپات بولدى. ئۇ ئولگەن بالىسىنى نىمە قىلىشىنى بىلمىدى. ئاخىرى بۇيرۇق بېرىپ ئۇرۇق - ئەۋلاتلىرىنى، قەۋملىرىنى يىغىپ، تەمبۇر ۋە باشقا ساز قورااللىرىنى تەييارلاپ، پۈتۈن تۈرك قەبىلىلىرى ناخشا ئېيتقان ھالدا ئولۇكنى كوتىرىپ كېلىپ ئوتقا تاشلاپ كويدۇردى. تۈرك قەۋملىرى ئىچىدە ئولۇكنى ناخشا،

ئۇسۇل، مۇزىكا بىلەن ئۇزىتىپ كويدۇرۇش ئۇزۇن دەۋرلەرگىچە ساقلاندى. (رەۋزە توسساپا 1 - توم، 23 - بەت) بۇندىن باشقا «ئوغۇزنامە» دىبىۇ بۇرە توغرىلىق بىر رىۋايەت بار، ئۇنىڭدا بۇرە ئوغۇزغا يولباشلاپ ماڭغۇچى ھالىتىدە سوزلىگۇچى قىلىپ كورسىتىلدۇ. بۇرە توغرىلىق باشقا رىۋايەتلەرمۇ بار. ھازىرغىچە خەلق ئىچىدىكى بۇ رىۋايەتلەرگىمۇ تولۇق ئەھمىيەت بېرىلىپ يىغىلمىدى.

## ئىرسالنامە

### (يوللانما خەت، سالام، باغاق)

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ تۇرى يېزىق پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ئاشىق - مەشۇقلا، مەشۇق - ئاشىققا يوللىنىدىغان سالام تەرىقىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، يېزىق پەيدا بولغۇچە قېلىپلاشقان ۋە كەڭ تارقالغان، يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ ئىرسالنامە (يوللانما خەت) سالامنامىنىڭ دەستۇرى بولۇپ كەل-گەن. توۋەندە بىز ئىرسالنامىنىڭ يېزىق پەيدا بولغاندىن كېيىن-كى نۇسخىسىدىن بىرنى كورۇپ باقايلى: "ھوۋەل پىراق(1) ۋە ھازەل ئىشتىياق(2)، مۇبارەك جامالىڭىز كوڭلۇمگە يېقىن، كوزۇم-دىن يىراق. چىقمىدى جان، يەتمىدى ئاھۇ - پىغان، ئۇل نازا-كەت(3) بوستانىنىڭ نەۋ باھارى(4) ھوسنى ئىخلىمىنىڭ

---

(1) ئۇل پىراق، (2) بۇ ئىشتىياق، (3) نازۇكلۇق، (4) باش باھارى.

شاھىسىۋارى، مالاھەت گۈلشىنىنىڭ گۈل ئۈزارى، جانىدىن ئېزىز، قەندىن لېزىز، قەلەم قاشلىق، ئالتۇن باشلىق، سۇمبۇل چاچلىق غۇلابان كوزلۇك، ئاي يۈزلۈك، شېكەر سوزلۈك، ئىپار بويلۇق، رىزۋان خۇيلۇق، مەھبۇپ ۋە مەشۇقلار شاھىغا: كېمىنە ئىشىق ئوتىدا كويگەن، بالا ۋە مېھنەت بېشىدا ئورتەنگەن. كېچىلىرى بىئارام، كۈندۈزلىرى بىقارار بولغان، دىلى جىق غەم، كوزى لىق نەم ...... دىن ئاشىقى سەرۋى نازىم① مەشىقى دىلناۋازىم② ئۇزلىرىدىن يىراق چۈشكۈنۈم شۇنىڭغا ئوخشايدىكى: پەرھات شېرىندىن، لەيلى مەجنۇندىن، تاھىر زوھرەدىن، ۋاموق ئوزرادىن، يۇسۇپ زىلەيخادىن، غېرىپ سەنەمدىن، بېلىق دەريادىن، سەدەپ گوھەردىن، گۈل غۇنچىدىن، بۇلبۇل باغچىدىن، كىيىك تاغدىن، چىراق ياغدىن، توگە بوتىسىدىن، قارغۇ ھاسىسىدىن ئايرىلغاندەك ئايرىلدۇق......ئۇزلىرىدىن ئايرىلغاندىن بىرى مۇرادىمغا يېتەلمەي، يا بىر تەرەپكە كېتەلمەي مۇھەببەت شۇسىدە سىزىپ③ سەۋرىنىڭ يوتىسىدا ئېزىپ،④ پىراق ئوتىنى باشلاپ، ئىككى كوزۇمنى ياشلاپ، گەدىنىمنى قاشلاپ، ھىچ چارە تاپالماي، كورۇشكەندە ئەھۋالنى ئېيتالماي، نالايىق سوز بىلەن نامە⑤ (پۈتۈك) ئىرسال قىلىندى (يوللاندى)،” بۇ ئىرسالنامىنىڭ بىرلىككە كەلگەن، ئاشىق ۋە مەشۇقلار ئۇچۇن ئورتاق نۇسخىسى بولۇپ، پەقەت ئايرىم جۈملىلىرىلا يازغۇچى ئەر ياكى ئايال تەرىپىدىن نىشانغا لايىقلاشتۇرۇلۇپ يوللىناتتى. بۇنىڭدىن باشقا تۈرلىرى ناھايىتى

① ئۈز قامەتلىك دەرەختەك. ② كوڭۈلگە ياقىدىغان، ③ كىچىكلەپ، ④ ھاۋانچا تېشىدا ئېزىلىپ، ⑤ خەت، باغاق.

كوپ بولۇپ، كورلا، كۇچار، ئاقسۇ، قەشقەر، مەكىت، خوتەن.
لوپ، يەركەنت، تۇرپان، توقسۇن، پىچان، قۇمۇل، ئىلى يېزى-
لىرىدا بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇسخىلىرى بار. ئۇلارمۇ
تولۇق توپلانمىغان. بەزىلىرىنى ئېيتىش يېزىق تەرەققىي قىلغان
بۈگۈنكى كۈندە كۆلكىلىك ئىش بولۇپ قالغان. بۇ، پىروزا
ژانىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولغان تۈردۇر.

## قارلىقنامە

بۇ ئويۇن، ھەر يىلى دەسلەپكى قار ياغقاندىلا «قارلىقنامە»
دەپ ئاتالغان قوشاق بىلەن يېزىلىپ، يېزا-قىشلاق، كەنت،
شەھەرلەردە بولسا مەھەللە ئاھالىلىرى تەرىپىدىن مەلۇم بىر
كىشىنىڭ ئۆيىگە شۇ كىشىنىڭ يېقىن كىشىلىرى تەرىپىدىن
ئەۋەتىلەتتى. ئۇنى ئېلىپ بارغۇچى كىشى «قارلىقنامە» قوشىقىنى
”ئۆي ئىگىسىنىڭ دەرھال ئىستەپ تېپىشى قىيىن بولغان بىر
يېرىگە تىقىپ قويۇپ خوشلىشىپ چىقىپ ”قارلىق بېسۋالمىسۇن“
دەپ قاچاتتى. ئۆي ئىگىسى ئۇنى تاپالىسا، دەرھال كوتىرىپ
چىقىپ «قارلىقنامە» نى ئېلىپ كەلگۈچىنى تۇتۇپ قولىغا تۇتقۇ-
زۇپ قوياتتى. تۇتالمىسا ياكى ۋاقتىدا تاپالمىسا، ئەنە شۇ قار-
لىقنامىدا ئېيتىلغان بويىچە ”قارلىق چىيىي“ قىلىپ،
مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى، بەزىدە بۇ ئويۇننىڭ ئاخىرى
ئوغلاق تارتىش بىلەن تۈگەيتتى. شۇنداق قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن
شۇ جايدا قىشلىق مەشرەپ باشلىنىپ كېتەتتى. «قارلىقنامە
قوشىقى» نىڭ ئەسلى تېپىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنىڭلىك
ئىزاھات بىلەن چەكلىنىپ قالدىم.

# نورۇزنامە

«نورۇزنامە» مۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى قوشاقچىلىقنى جانلىق هالدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ بىزگە يەتكۈزۈپ كەلگەن ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغىنىدەك خويلىنىڭ مۇزىكا تەپسىرىدە نورۇز ئويۇنىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىلىك ئويۇن ئىكەنلىكى كورسىتىلگەن. بۇ ئويۇنىنىڭ جەريانى نورۇزنامەنىڭ ئومۇملاشقان تۈرلىرىنىڭ ئۆلگىلىرى توغرىسىدا تەپسىلى خاتىرىلەر بار. ئوزبەك ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ بۇ ئەنئەنىۋى ئويۇنىنىڭ هازىر ئۇيغۇرلار، ئازاربەيجانلىقلار ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغانلىقى ئالاهىدە كورسىتىپ ئوتۇلگەن. شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخىدىمۇ بۇنداق بىر پاكىت بار. مەسىلەن، كۇچاردا هەر يىلىنىڭ باشلانغان كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە بۇقا سوقۇشتۇرۇش، ئايغىر سوقۇشتۇرۇش، بۇغا سوقۇشتۇرۇش ئويۇنلىرى بولۇپ، تاماشىچىلار ناهايىتى كوپ قاتنىشاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا 7 - ۋە 12 - ئايلاردا بولىدىغان قىزىقچىلىق ۋە شېئىر ئويۇنلىرىمۇ ئېچكىرى ئولكىلەرگە غەربىي رايوندىن (بىزدىن) كىرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.①

نورۇز نامىنىڭمۇ ئەسلى نۇسخىسى تېپىلمىغانلىقتىن كورسىتىلمىدى.

## تېپىشماق

تېپىشماقمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تۈرلىرىدىن بىرى. ئۇ، نەزمى نەسرى دەپ ئىككى تۈرگە

① شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى 240 - بەت، 265 - بەت.



AltunOq

ئايرىلىدۇ. نەزمى دېگىنىمىز شېئىرى تىللىدىكىسى. نەسرى دېگە-
نىمىز چوچەك تىللىدىكىسى، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۇزۇن تارىخقا
ئىگە، ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش تەرەققى قىلغان، ھازىر 1000
غا يېقىن تېپىشماق بار. كىشىلەر مۇرەككەپ ئوخشىتىشلار ئار-
قىلىق تەبىئەت جىسىملىرى ۋە ھادىسىلىرى، ئاسمان جىسىملىرى،
ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ھايۋانلارنى دەۋر قىلغان ھالدا
مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى يېشىشنى بىر بىرىنىڭ ئەق-
لىنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى قىلاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق بىلىمنى
ئاشۇراتتى، مەسىلەن:

ساندۇغۇمدا جىق ئوق،
ئەتىسى قوپسام بىرى يوق.

"ساندۇغۇمدا جىق ئوق" دېگىنى ئاخشىمى ئاسمان
جىسىملىرى ئىچىدە بىزنىڭ كوزىمىزگە ئەڭ كوپ كورۇنىدى-
غان يۇلتۇز، "ئەتىسى قوپسام بىرى يوق" دېگىنى تاڭنىڭ يورۇشى
بىلەن ئۇنىڭ كوزگە كورۇنمەيدىغان خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلىگىنى.
كىشىلەر مۇشۇ خاراكتېرلىك ئوخشىتىشقا قاراپ ئۇنى تېپىپ
چىقىدۇ.

## خەلق چوچەكلىرى

ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرىمۇ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ
ئەڭ بۇرۇن ۋە كەڭ تارقالغان تۈرى. بەزىبىر تارىخىي مەنبە-
لەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ سانى 300 دىن ئارتۇق بولۇپ، ھازىر
توپلانغانلىرى ئاران ئوندىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەڭ بۇرۇن

مەيدانغا چىققان «يېرىلىك تاش» دىگەنگە ئوخشاش دەۋر خاراك-
تىرلىك چوچەكلەرنىڭ تېخى تولۇق نۇسخىسى يوق. ئۇيغۇر خەلق
چوچەكلىرى كوپ ھاللاردا بىر بىرىگە ئوخشاش "بار ئىكەنۇ-
يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ-توق ئىكەن، بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىدا،
قىرغاۋۇل يەردىكەن، قۇيرۇغى جەدىكەن" دەپ باشلىنىپ، ئايى-
غىمۇ، "ئۇ ئۇياقتا كەتتى، مەن بۇياققا كەلدىم" دىگەنگە ئوخشاش
جۇملىلەر بىلەن چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئوبرازلارغا كەلسەك،
تولاراق نارىسىدە قىز، پادىچى بالا، يېتىم بالا، مالاي كەمبەغەل،
بوۋاي ئاقىل ۋە دانىشمەنلەرنىڭ ۋەكىلى، بايلار، روھانىلار،
شاھلار، بەزى ۋەزىرلەر، دوت كالۋا ئەخمەقلەرنىڭ ۋەكىلى.
ئەجدىھا، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، دىۋە ئالۋاستىلار، ئاچكوز زالىم-
لارنىڭ، دۈشمەنلەرنىڭ ۋەكىلى، سۇمۇرۇق، ئۇچار گىلەملەر،
ياغاچ ئاتلارمۇ چوچەكلەردىكى قاتىناش قوراللىرى بولۇپ،
ئۇ، ھازىرقى قاتناش قوراللىرىنىڭ تەساۋۇردىكى شەكىللىنىشىدىن
ئىبارەت.

## مەسەل ياكى تەمسىل

خەلق ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ ئىچىدىكى پىكىر ۋە ئوخشى-
تىشقا ئەڭ باي تۈرلىرىنىڭ بىرى مەسەل بولۇپ بۇنى جانلىق
تىلدا تەمسىل دەيدۇ. بۇ نەسرى تۈر بولۇپ بىزگىچە يېتىپ
كەلگەنلىرى، «بورە بىلەن قوزا»، «ئىلان بىلەن ياچىبەك»، «تۇل-
كىنىڭ تەقسىماتى»، «كەكلىكلەرنىڭ ئولىمگى» قاتارلىق بىر نەچ-
چىلا بولۇپ، ئۇنىڭدا، ئوملۇك ۋە يەككىلىك، زومىگەرلىك ۋە ئاچ-
كوزلۇك، ۋەھشىلىك، ئالدامچىلىقلار ھايۋانلار تىلىدىن پاش

قىلىندۇ ۋە جەمىيەتتىكى سەلبى ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر، ئۇلارنىڭ ئارقا كورۇنۇشلىرى ئىچچىپ تاشلىنىدۇ. بۇنىڭمۇ ئىجاتكارلىرى خەلق بولۇپ كىشلەر ئىنسانلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا پىتىنالمىغان پىكىرلىرىنى ھايۋانلارنىڭ تىلىدىن بىرىدۇ. كېيىنكى كۇنلەردە مەسەللەرنى توپلاپ ئۇنى شېرىي تىل بىلەن بېيىتىپ يېزىپ چىقىشقا ھەركەتلەنگەن كىشى زۇنۇن قادىرى بولدى. ئۇنىڭ «چۇجە بىلەن سېغىزخان»، «قوشچى بىلەن چاشقان» مەسەللىرى خەلق ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ مۇھىم تۇرلىرىدىن بولغان مەسەلچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇش ئاساسىدا يارىتىلغان.

## نەسرگە مىسال:

بىر تۇپ دەرەخ ئون ئىككى شاخ، ھەر شاختا ئوتتۇز يوپۇرماق، ئۇنىڭ بىر يۇزى قارا بىر يۇزى ئاق. بۇنىڭ جاۋابى يىل، ئاي، كېچە ۋە كۇندۇزدىن ئىبارەت. تېپىشماقنىڭ نەزمى شەكلى كېيىنكى كۇنلەردە شېرىيەتتە تېپىشماق دېگەن شەكلنى پەيدا قىلدى. گەرچە بۇ ئىسىم ئەرەپ شېرىيىتى ئارقىلىق كىرگەندەك تۇيۇلسىمۇ بىزنىڭ ئېغىز ئەدىبىياتىمىزدا يۇقۇرىدا ئېيتقاندەك ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بىزنىڭ ئاتا بوۋىلىرىمىز يېزىق پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇنىڭدىكى ھەرپلەرنى ئۇستىلىق بىلەن تېپىشماققا كىرگۇزگەن. مەسىلەن:

مەندە بارۇ سەندە بار ئالەمدە يوق،
بەلكى ئادەم دىمىگىن ئالەمدە يوق.

بۇنىڭ جاۋاۋى "مەن" "سەن" دىكى "ن" ھەرپى بولۇپ ئۇ، "ئادەم" "ئالەم" دە يوق. شېئىرىيەتنىڭ مۇ ئەمما (تېپىشماق) شەكلىدە شېئىر يازغان يەنى بۇنى تۇرمۇشلاشتۇرغان كىشى ئۇلۇغ ناۋايىدۇر. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر تېپىشمىغىنى كۆرۈپ چىقايلى.

ئون تولۇن ئاينىڭ قاراغىدىن جۇ ئالدىڭ ئون ھىلال.
كىردى تۇپراققا ھىلال، ئاچتى تولۇن ئاي جامال.

بۇنىڭ جاۋاۋى ئېلىنغان تىرناق بولۇپ، ئون قولۇڭنىڭ ئۇچىدىن يېرىم ئايدەك تىرناقنى ئېلىپ تۇپراققا كومگەندىن كېيىن تىرنىغىڭ تولۇن ئايدەك چىرايلىق بولۇپ قالدى، دىگەن سوزنى ئۇقتۇرىدۇ.

## داستان

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا داستان خېلى چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىمۇ ئۇزۇن. بۇنىڭ يىپ ئۇچى كىشىلەر تېخى مىللەت بولۇپ شەكىللەنمىگەن قەدىمقى دەۋرلەرگە بېرىپ تۇتۇشىدۇ. قەدىمدىن تارتىپلا بىر بىرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ بىللە ياشاپ كەلگەن رايونلاردىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ساقلىنىپ قالغان بۇ تۈرلىرىنى يېنىكلىك بىلەن بىرلا مىللەتكە مەنسۇپ قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. مەيلى خەلق داستانلىرى بولسۇن ياكى باشقا تۈرلەر بولسۇن ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئاشۇ مىللەت ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تۈرلىرىگە، تۈزۈلۈشىگە، تىل، تۇرمۇش ئورپ ئادەت، ئۇسلۇپ، بايان قىلىش ئۇسۇلى، جاي ۋە باشقا ئىستىلىستىك ۋاستە شەكىل، مەزمۇن جەھەتلەردىكى پەرقلىرىگە قارىغان ۋە ئۇنى ئولچەم قىلغان ھالدا بىر تەرەپ قىلغان ياخشى. شۇنداق قىلىشلا ھەق-

قى ئىلمىي پوزىتسىيە بولىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى 3 تۈرگە ئايرىپ كۆرۈپ چىقايلى.

1) ھېلىمۇ خەلق ئاغزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەنلىرىدىن «تاھىر-زوھرە»، «بۇلبۇل گويا»، «بوز يىگىت». «گۈل سەنۇبەر» قاتارلىقلار بولۇپ، لوپلۇق 106 ياشلىق داستانچى ئىسمايىل تانۇق بىزگە تولۇق ئېيتىپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن «قارا قوشۇن» «ساۋغا» قاتارلىق 12 داستان بىلەن يېقىندا توپلىنىپ «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» دە ئېلان قىلىنغان «قىزىل گۈل» ناملىق داستاننىڭ پارچىسى ۋە سېيىت نوچى، ئابدىراخمان خوجا ھەققىدىكى داستانلار.

2) خەلق ئېغىزىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان، يەنىلا خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ خەلقنىڭ ئېغىز داستانىغا ئايلىنىپ كەتكەنلەر. بۇنىڭغا 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇر يۇسۇپ ھاجىم تەرىپىدىن يېزىلغان «غېرىپ-سەنەم»، مەشھۇر تاجىك شائىرى روداكىنىڭ زامانىدىشى ئۇنسۇرى ۋە جامىلار تەرىپىدىن يېزىلغان «ۋامۇق» دېگەن داستاننىڭ ھازىرقى خەلق ئىچىدىكى «ۋامۇق-ھوزرا» تۈرى، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن رەتكە سېلىنغان «يۇسۇپ ئەخمەت» «ھەمرا-ھورلىقا» قاتارلىقلار.

3) ئوتتۇرا ئاسىيادا رەتلىنىپ نەشردىن چىققان «ئالپامىش» داستانى، بۇ داستان ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك مەلۇماتلار بار: ئالپامىشنىڭ بېشىدىكى ”ئالىپ“ دېگەن سۆز باش قەھرىماننىڭ ئىسمى. بۇ، دىۋاندىكى ”ئالىپ“ ئەپراسىياپنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ ياندىش قەھرىمانلىرى ئوغۇز تۈركلىرىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇلار يالغۇز تۈركمەنىستاندىلا ياكى باشقا جايلاردا ياشىغان بولماستىن قەشقەر ئەتراپىدىمۇ ياشىغان. بۇ داستاندا ”چىۋىن كۆل“ دېگەن

جايىنىڭ ئىسمى بار. بۇ يەر لوپنۇر كولىنىڭ ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كۆچۈپ تۇرىدىغان جايىنىڭ ئىسمىدۇر. قازاق خەلق داستانى ئاتىلىپ كەلگەن «قوزى كۆرپەش بايان سۇلۇ»نىڭمۇ لوپتا «قوزا كۆرپەش سۇلۇجاش» دىگەن نۇسخىسى بار، بۇنىڭمۇ كېيىنكى كۈنلەردە تولۇق بولمىغان ئىككى پارچىسى كۆچۈرۈپ ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ ۋەقە قۇملۇق رايون لوپتا بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ ھەقتە قازاق داستانشۇناسلىرىنىڭمۇ پىكرى مۇشۇنىڭغا يېقىن. يەنى بۇ داستانغا مەنسۇپ بولغان ئەل قۇملۇقتا ياشىغان، ۋەقەدىن كېيىنمۇ قۇملۇقتا كەتكەن خەلق، دىيىشىدۇ. رۇس ئالىمى بارتولدى بۇ داستاننىڭ باش قەھرىمانىنىڭ ئاتىسى قاراخان بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ ئېيتقان.

## لەتىپە

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بۇ تۈرىمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خېلى كونا ۋە كەڭ تارقالغان بىر قىسمىدۇر. ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن بۇ تۈردىكى لەتىپە چىرايلىق، كۈلكىلىك سۆز دىگەن بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ نامى بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭدىن قالسا رايونىمىزدا نامى بار لەتىپىچىلەردىن بىرى سەلەي چاققاندۇر. ئۇ، 1816-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ توقۇزاق ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوپالدا تۇغۇلۇپ، 89 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىگە بارغان بولۇپ، ئۆزى خەلق سەنئەتچىسى ۋە قىزىقچىسى ھەم لەتىپىچىسى دەپ تونۇلغان، ئۇنىڭ بىرنەچچە يۈزدىن ئارتۇق لەتىپىسى بولسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا توپلانمىغانلىقتىن ھازىر ئاران 20 نەچچە لەتىپىسى بار. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىلىدا ئۆتكەن موللا مەتىيا خەلىپىتىم، سىراجىدىن خەلپىتىم، ھازىرقى زامان گەپچىسى ھىسام دەلدۇش، ۋە تۇرپانلىق موللا زەيدىنىنىڭمۇ لەتىپىلىرى بار.

# ئادىل پادىشا

( چوچەك )

ئۆتكەن كونا زاماندا بىر پادىشا بار ئىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكى ھەممە كىشىلەرنى تەڭ كۆرۈپ يامانىدىن قورقماي، يۈۋاشنى بوزەك قىلماي، يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سورىغان ئىكەن. ئۇ، داۋاملىق يۇرتنى كۆچلۈك، خەلقنى باي قىلىشنىلا ئويلايدىكەن، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئادىل پادىشا دەپ ئاتايدىكەن.

پادىشا كۆڭلەرنىڭ بىرىدە: يۇرتۇمدىكى ھەممە خەلق باياشات ۋە ئىناق ياشايدۇ. كىشىلەر "ئادىل پادىشا" دەپ ئاتاپ ياخشى گېپىمنىلا قىلىدۇ. ئەمما بۇ يۇرتتا مېنى يامان دەيدىغانلار مۇ بارمىدۇ؟ — دەپ ئويلاپ، كەچقۇرۇنلۇغى دىخانچە ياسىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ، كىشىلەر توپلاشقان، ئۆز ئارا گەپ سوز قىلىشقان يەرلەرگە بېرىپ تىڭشاپ بېقىپتۇ. ئەمما ھېچ كىمنىڭ ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغانلىغىنى ئاڭلىيالماپتۇ.

پادىشا شەھەردىن چىقىپ يېزىلارنى ئارىلاپ كېتىپ بېرىپ بىر ئىشىك تۈۋىگە بارسا، ئۆي ئىچىدە بىر قېرى موماي، ئالدىنى كۈن پېتىش تەرەپكە قىلىپ جەينىمازدا ئولتۇرۇپ ئىككى قولىنى ئېگىز كوتىرىپ: "خۇدايا پەرۋەردىگارا،

سەندىن مەدەت تىلەيمەن، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ زۇۋانى تۇتۇلسا، قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ ئېتىنىڭ پۇتى سۇنۇپ يېقىلسا، پادىشا يوقالسا"، دەپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كورۇپتۇ- دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئوردىسىغا قاراپ كېتىپتۇ.

پادىشا ئەتىسى ئەتىگەندە ئادەم ئەۋەتىپ، ھېلىقى موماي-نى ئوردىغا چاقىرتىپ كەپتۇ.

موماي پادىشانىڭ ئالدىغا كىرگەندە ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ، يەرنى سۈيۈپتۇ ۋە كوزلىرىدىن ياش ئېقىتىپ غال-غال تىترەپ تۇرۇپتۇ.

پادىشا مومايغا ئاخشامقى 3 گەپنىڭ سىرىنى سوزلەشنى ئېيتىپتۇ.

— ئى ئۇلۇغ پادىشاھىم!—دەپ يىلىنىپتۇ موماي: بىر قو-شوق قېنىمدىن كەچسىلە، مەن تولۇغى بىلەن سوزلەپ بەرسەم.

— كەچتىم، سوزلە!—دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ پادىشا. موماي سوزىنى باشلاپتۇ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىم، مېنىڭ بالا-چاقام ۋە ئېرىم يوق بىر تۇل خوتۇنمەن.

مەن ئۇزۇندىن بېرى پەقەت باينىڭ پاختىسىنى ئىگىرىپ، شۇنىڭ ئىش ھەققىگە بەرگەن ئازغىنە پۇل بىلەن جېنىمنى ساقلايتتىم. 2 ھەپتە بولدى ھەر جۈمە كۈنى دەل مەزىن ئاخۇ-نۇم جۈمەگە ئەزان ئوقۇش بىلەن تەڭ، كۈن چىقىش تەرەپتىن بىر قارا ئاتلىق ۋەزىر ئېتىنى قۇيۇندەك تېز چاپتۇ-روپ كېلىپ، ئىشىك ئالدىدا توختاپ، ئىگىرگەن بارلىق يىپلىرىمنى ئېلىپ يەنە ئېتىغا مىنىپ كەلگەن تەرىپىگە قاي-تىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا يىغلاپ يالۋۇرسام، "پادىشانىڭ بۇيرۇغى"

دەيدۇ، شۇندىن بىرى باي ماڭا پۇل بەرمىگەچكە، ئاچ قېلىد-ۋاتىمەن. شۇڭا مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ زۇۋانى تۇتۇلسا دەپ يىغلىشىدا، مەزىن ئاخۇنۇم جۈمەگە ئەزەن ئوقۇمىسا قارا ئاتلىق ۋەزىر كەلمەسمىدىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم؛ قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ ئېتىنىڭ پۇتى سۇنۇپ يىقىلسا، ۋەزىرمۇ بىرگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ ئولۇپ قالسا، مېنىڭ يىپىمنى ئېلىپ كەتمەسمىدىكىن دەپ ئويلىدىم، قارا ئاتلىق ۋەزىر مېنىڭ ئىگىرگەن يىپلىرىمنى "پادىشانىڭ بۇيرىغى" دەپ ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن جاناپلىرىنىڭ ئولۇمىنى تىلىدىم.

پادىشا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مومايغا يىمىش ئۈچۈن ئاش-ئوزوق، خەجلەش ئۈچۈن پۇل بېرىپ، ئۇنى ئويىگە قايتۇرۇپتۇ ۋە جۈمە كۈنى ئىشنىڭ سىرىنى تەكشۈرۈپ كورۈشنى ۋەزىرگە بۇيرۇپتۇ.

كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىر ئەڭ يۈگرۈك، ئەڭ ياخشى ئاتتىن بىرنى مىنىپ، ھېلىقى موماينىڭ ئويىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرجايغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. دىگەندەك دەل مەزىن ئاخۇنۇم جۈمەگە ئەزان ئوقۇيش بىلەن تەڭ، كۈن چىقىشتىن بىر قارا ئاتلىق ۋەزىر ئاتنى ناھايىتى تېز چاپتۇرۇپ كېلىپ، موماينىڭ ئويىنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ-دە، ئاتتىن چۈشۈپ موماينىڭ ئىگىرگەن يىپلىرىنى يىغىشتۇرۇپتۇ. موماي يىغلاپ يالۋۇرسا، "پادىشانىڭ بۇيرۇغى" دەپتۇ-دە، يەنە ئېتىغا مىنىپ، قانداق تېزلىكتە كەلگەن بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن قايتىپ كېتىپتۇ.

پادىشانىڭ ۋەزىرى، ھېلىقى قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ قوغلاپتۇ. بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن، چولگە

يېتىپ كەپتۇ. ۋەزىر، قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ كەينىدىن يېتىشەي دەپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر كول پەيدا بولۇپتۇ. قارا ئاتلىق ۋەزىر ئاتنى قامچىلىغان ئىكەن، ئات كولگە سەكرەپ، كوزدىن غايىپ بولوپتۇ. پادىشانىڭ ۋەزىرىمۇ ھىچ بىر ئىككىلىنىپ تۇرماستىن، ئاتىنى چاپتۇروپ كولگە سەكرەپتۇ.

ئۇ، كوزىنى ئاچسا، كوز ئالدىدا بىر چوڭ شەھەر پەيدا بولۇپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىغا رەڭدار گىلەمدىن پاياندار سېلىنغان بولۇپ، ھەممە يەردە خۇشپۇراق گۇللەر ئېچىلىپ تۇرغان، گۇل شاخلىرىدا بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان، باغلىرى مەي باغلاپ پىشىپ ۋايىغا يەتكەن ئالما، ئانار، شاپتول، ئۈزۈم، ئەنجۈر... قاتارلىق مېۋىلەرگە تولوپ كەتكەن ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ ئىمارەتلىرىنىڭ تۈۋرۈكلىرى مەرمەردىن، تاملىرى كۈمۈشتىن، ئىشىك، دەرىزىلىرى ئالتۇندىن ياسالغان بولۇپ، كۈن نۇرىدا پاقىراپ، كوزنى قاماشتۇرىدىكەن، بۇ شەھەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىزلار بولۇپ، بىرمۇ ئەركىشى يوق ئىكەن، بۇ جاي يەر ئاستى ئايال پادىشالىغى دەپ ئاتىلىدىكەن.

بىرقانچە ياسانغان كېنىزەكلەر ۋەزىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋاپتۇ. تېچلىق-ئامانلىق سورىغاندىن كېيىن ئۇنى يەر ئاستى ئايال پادىشاسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. يەر ئاستى ئايال پادىشاسى ۋەزىرگە شۇنداق چىرايلىق كورۇنۇپتىكى، كۈن دىسە كوزى بار ئىكەن، ئاي دىسە ئېغىزى بار ئىكەن. يۈز-كوزىدىن خۇددى قۇياشتەك نۇر يېغىپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئالدىدا كۈن، ئايمۇ خىجىل ئىكەن، ئۇ تۇرغان ئويگە چىراق يېقىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ ئاپپاق بەدەنلىرى خۇددى ئاق قاشتېشىدىن ئويۇپ ياسالغاندەك سۈزۈك ئىكەن، چىرايى



AltunOq

خۇددى كۆز پەسلىدە بەرگىدە تۇرۇپ قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك رەڭدار ئىكەن. ئاۋازى بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدىن خۇشخۇي بولۇپ، ئۇنىڭ سايرىشى ئالدىدا بۇلبۇلنىڭ سايرىشى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىكەن. كۆزلىرى خۇددى بۇلاقتەك، ئېغىزى ئويماقتەك چىرايلىق ئىكەن. ئۇنىڭ چاچلىرى قاپقارا قۇندۇزغا ئوخشايدىكەن، ھەر ئورۇمى بىلەكتەك بولۇپ ھۇشۇقىغا تېگىپ تۇرىدىكەن. بادام قاپاقلىرى ئۈستىگە قونغان يادەك قاشلىرى بەكمۇ ياراشقان بولۇپ، بوستان كىرپىكلىرى كۆزىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىكەن. ئاغزى دائىما كۈلۈشكە تەييار ئىكەن.

ئۇ شۇنچىلىك ئاپپاق ئىكەنكى، ھەتتا سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

ۋەزىر بۇنداق چىرايلىقنى تۇغۇلۇپ-تۇرۇلۇپ بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. خۇددى رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان پەرىزاتنىڭ ئۆزىلا ئىكەن. شۇڭا ئۇ، يەر ئاستى ئايال پادىشاسىنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بولۇپتۇ. ئەمما ۋەزىر ئايال پادىشاغا ئۇ توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز گەپسۆز قىلىشقا پېتىنالماپتۇ.

ئايال پادىشا ۋەزىردىن نەدىن كەلگەنلىكىنى، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. ۋەزىر ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ سىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

ئايال پادىشا ئۇنىڭغا:

— كېيىن بىلىسىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ-دە، باشقا گەپ قىلماپتۇ.

ئايال پادىشا مەخسۇس كېنىزەكلىرىنى بەلگىلەپ ۋەزىر-

نى ئوز قول ئاستىدىكى شەھەرلەرنى، ئوي-ئىمارەت، يۇرت-مەھەللىلەرنى گۈل-گۈلىستان باغلارنى ساياھەت قىلدۇرۇپتۇ. ھەر ئاخشىمى ئويۇن-تاماشا قىلدۇرۇپ بېرىپتۇ. كۈن كەيندىن كۈن ئۆتۈپ، ھەپتە كەينىدىن ھەپتە ئۆتۈپ، ھەش-پەش دېگىچە 40 كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ۋەزىر ئوز ماكانىغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ.

ئايال پادىشا ۋەزىردىن قانداق تەلۋى بارلىقىنى سورىغاندا ۋەزىر ئۇنىڭغا ئايال پادىشا بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەن سىزنىڭ تەلۋىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دەپتۇ ئايال پادىشا، — ئەمما مېنىڭ بىرلا شەرتىم بار، سىز شۇ شەرتنى ئورۇنلىيالىسىڭىز، سىز بىلەن توي قىلىمەن ۋە مەڭگۈ بىللە بولىمەن.

— شەرتىڭىزنى ئاڭلىسام، — دەپ مۇراجەت قىلىپتۇ ۋەزىر ئايال پادىشاغا. مەن توي تۈگىگەن كېچىسى قاتتىق ئۇخلايمەن، مېنى شۇ كېچىسى 3 قېتىم ئويغىتىشىڭىز لازىم. ئەگەر مېنى ئويغىتالمىسىڭىز، نەدىن كەلگەن بولسىڭىز، شۇ يەرگە كېتىسىز، مەندىن خاپا بولمىسىڭىز بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر ئۇخلىغان ئادەمنى ئويغىتىشمۇ شەرت بولامدۇ؟ ئۇخلىغان ئادەمنى ئويغاتماق قانچىلىك تەس ئىش ئىدى، ئۇنى بىر كېچىدە 3 قېتىم ئەمەس، بەلكى 300 قېتىممۇ ئويغىتالايمەن، — دەپ ئويلاپتۇ—دە، شەرتىڭىزنى تولۇق ئورۇنلايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

يەتتە كېچە-كۈندۈز توي-مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. توي تۈگىگەن ئاخشىمى ئايال پادىشا ياستۇققا بېشىنى قويۇش بىلەنلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ۋەزىر ئايال پادىشانى ئويغىتىش

ئۇچۇن، دەسلەپتە ئۇنى پەس ئاۋاز بىلەن چاقىرىپ بېقىپتۇ، كېيىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپتۇ، ئويغانماپتۇ، پۇت - قوللىرى-نى تارتىپ سىلكىپتۇ، چىمداپ بېقىپتۇ، ھەتتا بەدەنلىرىگە يىڭنە سانچىپتۇ، ئويغانماپتۇ، ئاخىرى ئۇنى كۆتىرىپ كارۋاتتىن يەرگە تاشلاپتۇ، يەردىن ئېلىپ كارۋاتقا ئېتىپتۇ، ئويغانماق-تا يوق، ھەتتا قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ. ھېچقانداق ئامال قىلالماي، ئاخىرى ئوي ئىچىگە دۇمباق، ناغرا، سۇناي - كانايلارنى ئەكىرىپ قالايمىقان چېلىپ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز چىقىرىپتۇ. ئايال پادىشا زادىلا ئويغانماپتۇ. ئىش قىلىپ، ۋەزىرنىڭ ئايال پادىشانى ئويغىتىش ئۈچۈن قىلمىغان ھەركەتلىرى قالماپتۇ. بۇ ۋاقىتتا تاڭ ئېتىشقا يېقىنلىشىپ توخۇلار چىللاشقا باشلاپتۇ. ۋەزىرمۇ بىر كېچە ئۇخلىماي ھەركەت قىلغانلىقتىن قاتتىق ھار-دۇق يېتىپ، كوزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئويغانسا ۋەزىر ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئويىدە ياتقانمىش.

ۋەزىر ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ - دە، كورگەن ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە تولۇق سوزلەپ بېرىپتۇ.

كېلىدىغان جۈمە كۈنى بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن پادىشا ئوزى بارماقچى بولۇپتۇ. كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. پادىشا ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، ئاتقا مىنىپ ھېلىقى مومايىنىڭ ئويىنىڭ ئالدىدا، بىر يوشۇرۇن يەرگە موكۇپ ئولتۇرۇپتۇ، مەزىن ئاخۇنۇم جۈمەگە ئەزان ئوقۇش بىلەن تەڭ قارا ئاتلىق ۋەزىر كېلىپ مومايىنىڭ يېپىنى ئېلىپ كېتىدىغان ئىش يەنە تەكرار-لىنىپتۇ. پادىشا ئاتقا مىنىپتۇ ۋە قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ ئارقىسى-دىن قوغلاپ مېڭىپتۇ، بىر ھازا مېڭىپ چولگە چىققاندا سايىنىڭ

ئوتتوردىسىدا بىر كول پەيدا بولۇپ قارا ئاتلىق ۋەزىر ھىلىقى كولگە سەكرەپ، كوزدىن غايىپ بولۇپتۇ. پادىشامۇ ئارقىسىدىنلا كولگە سەكرەپ ۋەزىر ئېيتقان يەر ئاستى ئايال پادىشالىغىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ بېرىپتۇ.

پادىشاغا بۇ يەرنىڭ گۈزەللىگى ۋەزىر ئېيتقاندىنمۇ نەچ-چە ھەسسە ئارتۇق بىلىنىپتۇ. ئايال پادىشا كېنىزەكلىرىنى ئەگەش-تۈرۈپ تال چىۋىقتەك تولغىنىپ، ناز-كەرەشمىلەر بىلەن پادىشا-نىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. پادىشا ئايال پادىشانى كورۇش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ.

پادىشا ئايال پادىشادىن ھىلىقى قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى سورىغان ئىكەن، ئۇنىڭغىمۇ كېيىن بىلىسىز، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پادىشانى ۋەزىرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئارتۇق مېھمان قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ. ھەتتا پادىشاغا كورسەتمىگەن ئايال پادىشالىغى-نىڭ غەزىنىسىمۇ قالماپتۇ. كوزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە 2 ئاي ئوتۇپتۇ.

پادىشا ئوز يۇرتىغا قايتماقچى بوپتۇ. ئايال پادىشا ئۇنىڭدىن قانداق تەلىۋى بارلىغىنى سوراپتۇ.

پادىشا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ.

ئايال پادىشا ئۇنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلۇپتۇ. ۋە پادىشاغىمۇ ۋەزىرگە قويغان شەرتنى قويۇپتۇ.

پادىشا ئۇنىڭ شەرتىگە كونۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن توي باشلىنىپ-تۇ. توي ئارىلىغىدا بىر كېنىزەك پادىشاغا بىر باغاقچە سۇنۇپتۇ. با-غاقچىغا "سىز پادىشانى ئويغىتىش ئۈچۈن ۋەزىرگە ئوخشاش قالاي-

مىقان ھەركەت قىلماي، پادىشا ئۇخلىغاندا، 3 ھىكايە ئېيتىپ، ھىكا-يىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز - ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ، سوئالغا قەستەن-گە خاتا جاۋاپ بەرسىڭىز پادىشا سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى تۈزەت-تىش ئۈچۈن ئۆزى ئويغىنىدۇ"، دەپ يېزىلغان ئىكەن.

تويى 40 كېچە - كۈندۈز داۋام قىلىپتۇ. توي ناھايىتى كاتتا ئۆتۈپتۇ. توي تۈگىگەن ئاخشىمى ئايال پادىشا ياستۇققا بېشىنى قويۇش بىلەنلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

پادىشا كېنىزەكنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە ئايال پادىشانى ئويغىتىش ئۈچۈن بىرىنچى ھىكايىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

بۇرۇن - بۇرۇندىكەن، ئېرىق تولۇمدىكەن، يىتىم بۇلۇڭدىكەن. شۇنداق كونا زاماندا بىر يۇرتتا بىر ياغاچچى، بىر سەيپۇڭ، بىر موزدۇز، بىر ئاخۇنۇم بولغان ئىكەن. ئۇلار ئۆز يۇرتىدا جان باقالمىغانلىقى ئۈچۈن، مەسلىھەتلىشىپ باشقا يۇرتقا كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ تۆت كىشى يۈك - تاقلىرىنى ئۇلاق-لارغا يۈكلەپ، باشقا يۇرتقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يول يۈرۈپ-تۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ، كېچىسى بىر دەل - دەرەخلىق چولدە قونۇشقا توغرا كەپتۇ. بۇ يەردە ھەم ياۋايى ھايۋانلار ھەم ئوغرى - قاراقچىلار كوپ بولغانلىقتىن كېچىچە تۆت كىشى نۆۋەت بىلەن پوستا تۇرۇپ ئات - ئۇلاق، مال - مۈلۈكلەرنى ئوغرى - يالغان، ياۋايى ھايۋانلاردىن خەۋەر تاپماقچى بولۇپتۇ.

بىرىنچى قېتىملىق پوستا تۇرۇش نۆۋىتى ياغاچچىغا كەپتۇ. باشقا ئاغىنىلىرى ئۇخلاپ قالغانلىقتىن، ياغاچچى ئوت يېقىپ ئوت يورۇغىدا ئەتراپقا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بىرھازادىن كېيىن ئەسنەپ ئۈگدەشكە باشلاپتۇ. ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ياغاچچىلىق


AltunOq

سايمانلىرىنى ئەكىلىپ ئەتراپىدىكى ياغاچلارنى توغراپ بىر قىزنىڭ مودىلىنى ياساپتۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق پوس سەيپۇڭغا كەپتۇ. ئۇ، ئوت يورۇغىدا كېلىپ قارىسا ياغاچتىن ياسالغان بىر قىزنىڭ مودىلى تۇرغانلىغىنى كورۇپتۇ. بۇنىڭ ياغاچچى ئاغىنىسىنىڭ قىلغان ھۈنىرى ئىكەنلىگىنى پەملىگەن سەيپۇڭ، دەرھال ماشىنىسىنى قۇراشتۇرۇپ ئوت يورۇغىدا ئولتۇرۇپ بىر تو كىيىم تىكىپ ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ.

ئۈچىنچى قېتىملىق پوس موزدوزغا كەپتۇ. ئۇ ئوتنىڭ قېشىغا كەلسە چىرايلىق كىيىم ـ كېچەك كىيگۈزۈلگەن، ياغاچتا ياسالغان بىرقىزنىڭ ھەيكىلى تۇرغانلىغىنى كورۇپتۇ. ئۇ، بۇنىڭ ئالدىدا پوستا تۇرغان ئىككى ئاغىنىسىنىڭ ھۈنىرى ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ئۇمۇ ئوت يورۇغىدا ئولتۇرۇپ بىر بەتىنكە تىكىپ كىيگۈزۈپ قويۇپتۇ.

سەھەردە پوستا تۇرۇش نوۋىتى ئاخۇنۇمغا كەپتۇ، ئاخۇنۇم ئورنىدىن تۇرۇپ قىزنىڭ مودىلىنى كورۇپ، بۇنىڭ، ئالدىدا پوستا تۇرغان 3 ئۇستامنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىگىنى بىلىپتۇ ـ دە، ئۇمۇ ھۈنىرىنى كورسىتىشنى ئويلاپتۇ.

ئاخۇنۇم دەرھال تاھارەت ئېلىپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، شۇ ياغاچتىن ياسالغان قىزغا جان ئاتا قىلىشىنى تىلەپ يىغلاپتۇ. خۇدا ئۇنىڭ دۇئايىنى ئىجاۋەت قىلىپ، بۇ قىزغا جان ئاتا قىلىپتۇ ـ دە، بۇ ياغاچتىن ياسالغان قىزنىڭ مودىلى ھەقىقى جېنى بار ئادەمگە ئايلىنىپتۇ.

ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ قىزنى توت كىشى تالىشىپ قاپتۇ. ياغاچچى بۇ قىز مېنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى دەسلەپتە

بۇنىڭ مودىلىنى مەن ياسىمىغان بولسام ئۇ قايسىڭلارنىڭ يادىغا كېلەتـ
تى دىسە؛ سەيپۇڭ، بۇ قىز جەزمەن مېنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى
راست ئادەممۇ كىيىم ـ كېچەك كىيمىسە ئىنتايىن سەت تۇرىدۇ. سىلەر
ياغاچتىن بۇ قىزنىڭ مودىلىنى ياسىغىنىڭلار بىلەن ئۇنىڭغا مەن
كىيىم تىكىپ كىيگۈزمىگەن بولسام، ئۇ ئادەم سىياقىغا كىرمىگەن
بولاتتى دەپتۇ.

موزدۇز بۇ قىز مېنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى مەن 3، 4 سا ـ
ئەت ۋاقىتىمنى سەرپ قىلىپ قىممەت باھالىق خۇرۇمدا بە ـ
تىنكە كىيگۈزدۇم، ھەممىدىن كۆپ ئەجرىم كەتتى، دىسە،
ئاخۇنۇم، سىلەر ئۇنى ـ بۇنى دىگەن بىلەن بۇ قىز چوقۇم
مېنىڭ، چۈنكى بۇ قىزنىڭ جېنى بولمىغان بولسا ئۇ ھىچ نەرسىگە
ئەسقاتمايتتى، مەن خۇداغا يىغلاپ خۇدادىن ئۇنىڭغا جان تىلەپ،
جېنى بار ئادەمگە ئايلاندۇردۇم دەپتۇ. ھېچكىمنىڭ قىزنى باشـ
قىغا ئۆتۈنۈپ بەرگۈسى كەلمەي، ئۆز سوزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ.
ھىكايە سوزلەپ تۇرغان پادىشا ئۆزىگە سوئال قويۇپ: ”بۇ قىز
زادى كىمنىڭ بولۇشى كېرەك؟“ دەپتۇ. ئۆز سوئالىغا جاۋاپ
بېرىپ: ”بۇ قىز ئاخۇنۇمنىڭ بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ خۇدادىن
جان تىلىمىگەن بولسا بۇ جېنى يوق مودىل ھىچ نىمىگە ئەسقاتـ
مايتتى“ دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئايال پادىشا ئويغىنىپ: خاتالاشتىڭىز، بۇ قىز
ياغاچچىنىڭ بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ دەسلەپ ئويلاپ ياغاچـ
تىن قىزنىڭ مودىلىنى ياسىمىغان بولسا، بۇ ئىش ھىچقايسىنىڭ
يادىغا كەلمەيتتى، دەپ تۇرىۋىتىپتۇ ـ دە، يەنە بېشىنى ياستۇققا قويۇپ
ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

پادىشا ئايال پادىشانى بىرىنچى قېتىم ئويغىتالىغىنىغا ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ. بۇ ئىش پادىشانىڭ كوڭلىدىكى تېپىشماقنى يەشكەن-دەك بىردىنلا چىرايى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ قانچە ئوزىنى تۇت-سىمۇ لېكىن ئۇنىڭ لەۋلىرى لىپىلداپ كوڭلىدىكى خۇشاللىقىنى نامايەن قىلىپ تۇرۇپتۇ. پادىشا بۇرۇتلىرىنى تاراپ گېلىنى ياساپ لەۋلىرىنى يالىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ھېكايىسىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئا-نىسى ئولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مال - دۇنيانى يەپ-ئىچىپ بىرمەزگىل كەڭتاشا ئويىنىغان بولسىمۇ، لېكىن كۇنلەر ئوتكەنسېرى مال- دۇنيالىرى تۈگەپ قولىرى قىسقىراپ قاپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئاكا - ئۇكا ئىككىسى باشقا يۇرتقا بېرىپ ئو-قەت قىلىپ جان ساقلاش مەقسىدىدە، ئوز يۇرتىدىن ئايرىلىپ يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ، بىرقانچە كۇن ماڭغاندىن كېيىن بىر ئاچا يولغا دۇچكەپتۇ. ئاكىسى ئۇكىسىغا قاراپ:

— ئۇكام، ھازىر ئالدىمىزدىكى يول ئىككىگە ئايرىلدى. شۇڭا ئىككىمىز ئىككى يولغا مېڭىپ، ئىككى شەھەرنى كورۇپ كەلسەك قانداق؟ — دەپتۇ.

ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ سوزىگە قوشۇلۇپ ئىككىسى ئىككى يولغا ئايرىلىپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئۇكىسىدىن ئاڭلايلى، يىگىت بىرقانچە كۇن ماڭغاندىن كېيىن بىر چوڭ شەھەرگە بېرىپتۇ. ئۇ شەھەرنى ئا-رىلاپ بىر يەرگە بارسا، بىر قانچە كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپ-لىشىپ بىر نەرسىلەرنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى كورۇپتۇ. يىگىت يېقىن بېرىپ قارىسا، پادىشا يېزىپ چاپلىغان ئېلان ئىكەن، ئۇنىڭدا

پادىشانىڭ خوتۇنىنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ئېغىر جاراھەت چىقىپ قالغانلىقى، كوپ قېتىم داۋالاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ قانداق دورا كار قىلمىغانلىقى، ئاخىرى تىۋىپلارنىڭ ئۇ كېسەلگە يولۋاسنىڭ ئىسسىق قېنىنى سۈرتۈپ، ئاندىن يولۋاسنىڭ يۈرىكىنى پىشۇرۇپ يېگۈزسە، ساقىيىدۇ دېگەنلىكى، شۇڭا كىمكى بىر يولۋاسنى تىرىك تۇتۇپ ئەكىلىپ بەرسە، ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ، ئوزىگە كۈيوغۇل قىلىۋالىدىغانلىقى يېزىلغان ئىكەن. يولۋاس تۇتۇپ كېلىشكە بۇ شەھەردىن ھېچكىم جۈرئەت قىلالماپتۇ.

يىگىت، "ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل، يىقىلساڭ ناردىن يىقىل" دېگەن گەپ بار، ئادەم ھامىنى ئولىدۇ، يا ئولۇم يا كورۇم، تەلىيىمنى سىناپ كورەي، دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ، پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ ئوزىنىڭ يولۋاس تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشا ئۇنىڭغا ئوزۇق-تۈلۈك، قورال-ياراقلارنى بېرىپ يولغا سالىپتۇ. يىگىت بىرقانچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن پايانسىز كەتكەن بىر چولگە كەپتۇ.

چولدە كېتىپ بارسا ئۇنىڭغا ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي يولۇقۇپتۇ. يىگىت ئۇنىڭغا:

— ئەسسالام ئەلەيكۇم ئاتا، — دەپتۇ.

— ۋەلەيكۇم ئەسسالام، نەگە ماڭدىڭ بالام، — دەپ سوراپتۇ بوۋاي، يىگىت ئۇنىڭغا ئوزىنىڭ مەقسىدىنى سوزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي يىگىتكە:

— تىرىك يولۋاسنى ئاسان تۇتالمايسەن، ئوق بىلەن ئاتقاندا ئولمىگىچە توختىمايدۇ. سەن بۇ يەرگە كېلىپ بوپسەن. مە، ئاغامچىنى ئال، يەنە ئىككى كۈن ماڭساڭ بىر قويۇق ئورمانلىققا بارىسەن. ئورمانلىقنىڭ قىبلە تام تەرىپىدە 2 توپ چوڭ

دەرەخ بار، يولۋاس شۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆ-
تىدۇ. مۇشۇ ئاغامچا بىلەن شۇ 2 تۈپ دەرەخ ئوتتۇرىسىغا تو-
زاق سالساڭ، يولۋاس تۇزاققا چۈشىدۇ ۋە قېچىپ كېتەلمەيدۇ. ئان-
دىن سەن يولۋاسنى يەشمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇرنىنى تېشىپ،
ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئوتكۈزۈپ، ئاندىن ئا-
غامچىنى يېشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ كەلگىن، — دەپ ئاغام-
چىنى بېرىپ كوزدىن غايىپ بوپتۇ.

يىگىت بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇ، قۇرغان تۇزاققا ئەڭ چوڭ يولۋاستىن بىرى چۈشۈپتۇ.

يىگىت يولۋاسنى مىنىپ شەھەرگە كىرگەندە پۈتۈن شە-
ھەر خەلقى قورقۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ
كېتىپتۇ، ھەتتا پادىشامۇ ئالاقزادە بولۇپ قاپتۇ. يىگىت يولۋاسنى
ئولتۇرۇپ، پادىشانىڭ خوتۇنىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىپتۇ.

"يىگىت سوزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن" دىگەندەك
پادىشا ئۆزىنىڭ ۋەدىسى بويىچە يىگىتكە قىزىنى بېرىپ، ئۇنى
كۈيئوغۇل قىلىۋاپتۇ ۋە بارلىق يەر - زېمىن، مال - مۈلۈكىنىڭ يې-
رىمىنى ئۇنىڭغا ئايرىپ بېرىپتۇ ھەتتا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئوڭ قول
ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەپتۇ.

ئاكىسى بىر شەھەرگە بارغاندىن كېيىن، ئاۋال مەدىكارچىـ
لىق قىلىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەنمۇ جان باقالماي، ئاخىرى تىلەمچىلىك
قىلىپتۇ. ياز كېتىپ قىش كەپتۇ، ئۇنىڭ كۈنى تېخىمۇ قىيىنلى-
شىپ، ئاخىرى ئۇكىسىنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ. ئىزلەپ سوراپ ئوكى-
سىنىڭ پادىشاغا كۈيئوغۇل ۋە ئوڭ قول ۋەزىر بولغانلىقىنى ئاڭ-
لاپ، ئۇكىسى تۇرغان ئويىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، ۋە جۇل - جۇل
كىيىملەر بىلەن ئۇكىسىنىڭ ئويىگە كىرىشتىن خىجىل بولۇپ،


AltunOq

ئۈكىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدىلا بويىنىنى قىلىچ بىلەن كېسىپ ئۆ-
لۈۋاپتۇ، ئۈكىسى چىقىپ ئاكىسىنىڭ جەسىدىگە ئۆزىنى تاشلاپ
يىغلاپتۇ ۋە مېنىڭ ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كېتىپ پەقەت ئىككى بىر
تۇغقانلا قالغان ئىدۇق، مەن ئاكامنى ئىزلەپ بارماي، ئاكام مېنى
ئىزلەپ كېلىپ، مەن ئالدىغا چىقمىغانلىغىم ئۈچۈن مەندىن خاپا
بولۇپ ئۆلۈۋاپتۇ. ئاتا - ئانام، بىر تۇغقانلىرىم يوق جاھاندا مەن-
مۇ ياشىمايمەن دەپتۇ - دە، ئۇمۇ بويىنىنى قىلىچ بىلەن كېسىپ
ئۆلۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ خوتۇنى چىقىپ ئىككى بىر تۇغقاننىڭ بېشى
تېنىدىن جۇدا بولغان ھالدا ياتقانلىغىنى كورۈپ، خۇدادىن بۇ
ئىككىسىگە جان ئاتا قىلىشنى تىلەپ يىغلاپ دۇئا قىپتۇ. خۇدا
ئايالىنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، بۇ ئىككىسىگە جان ئاتا
قىلىپتۇ. بىراق ئايال دىققەتسىزلىكتىن ئاكىسىنىڭ بېشىنى ئۇكى-
سىنىڭ تېنىگە چاپلاپ قويغانلىقتىن ئۇ، ئىككىيلەن ئورنىدىن تور-
غاندىن كېيىن ئايال، قايسى ئۆزىنىڭ ئېرى بولىدىغانلىغىنى بى-
لەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ، دەپ پادىشا ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ ۋە
ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپتۇ:

— بۇ ئايالىنىڭ ئېرى قايسى بولۇشى كېرەك؟ ھەر قانداق
ئادەمنىڭ كىملىگىنى بىلىشتە، ئۇنىڭ چىرايى ئۆلچەم قىلىنىدۇ،
شۇڭا بۇ ئايالنىڭ ئېرى، ئۈكىسىنىڭ بېشىنى ئاساس قىلغان ھال-
دا، شۇ بولۇشى كېرەك، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۆز - ئۆزىگە. بۇنى
ئاڭلاپ ئايال پادىشا ئويغىنىپتۇ:

— خاتالاشتىڭىز، گەرچە ئادەمنىڭ كىملىگىنى بىلىشتە ئۇ-
نىڭ چىرايى ئۆلچەم قىلىنسىمۇ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىسى بو-
يىچە ئېيتقاندا، ئۈكىسىنىڭ خوتۇنى ھېچقاچان ئاكىسىغا راۋا كەل-
مەيدۇ، شۇڭا بۇ ئايالنىڭ ئېرى ئاكىسىنىڭ بېشى ئۈكىسىنىڭ

ئېلىگە چاپلانغىنى بولۇشى كېرەك دەپ تۇزىتىپتۇ ـ دە، يەنە ئۇيـ ـ
قۇغا كېتىپتۇ.

پادىشا ئايال پادىشانى 2 ـ قېتىم ئويغىتالىغانلىقىغا ناھايىتى خوشال بولۇپ، ئەمدى 3 ـ قېتىم ئويغاتماقچى بولۇپ يەنە ھىـ ـ كايە باشلاپتۇ:

بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلى بولغان ئىكەن. ئۇلار ياش جەھەتتىنمۇ بىر ـ بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن. ئەمما ئۇلارنىڭ چىرايى بىر بىرىگە خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك ئوخـ ـ شايدىكەن. ئاكىسىنىڭ ئىسمى باقى، ئۇكىسىنىڭ ئىسمى ساقى ئىكەن. بەزىدە ئاتا ـ ئانىسىمۇ باللىرىنى بىر بىرىدىن ئايرىۋا ـ لالمايدىكەن. ئۇلار ئىنتايىن زىرەك، كۈچلۈك ھەم باتۇر ئىكەن. كۈچلۈك ھەم باتۇرلۇقتا ساقى باقىنى بېسىپ چۈشىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە باقى باشقا بىر شەھەرگە بېرىپ تاماشا قىلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. مېڭىش ئالدىدا ئۇ، ئو ـ زىنىڭ قىلىچ غىلاۋىنى ساقىغا بېرىپتۇ ۋە "مەن خەتەرلىككە ئۇچـ ـ راپ قالسام، مۇشۇ قىلىچ غىلاۋى قانغا تولىدۇ، شۇ زامان مېنى ئىزلەپ تاپقىن!" دەپتۇ.

باقى بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر شەھەرگە يېقىنـ ـ لاشقاندا، شەھەر سىرتىدىكى تاغ ئۈستىدە ئاي دىسە ئاي ئەمەس، كۈن دىسە كۈن ئەمەس، بىر چىرايلىق قىزنىڭ يىغلاپ ئولتۇرـ ـ غانلىقىنى كورۇپتۇ. ئۇ، قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى سوراپتۇ.

— مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزى، — دەپتۇ ھىـ ـ لىقى ساھىپجامال، — مۇشۇ تاغدا بىر ئەژدەرھا بولۇپ، ھەر كۈنى بىر ئادەمنى يەيدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بىر ئادەم بەر ـ

مىسە، ئۇ، پۈتۈن شەھەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. بۈگۈن نەۋۋەت ماڭا كەلگەچكە ھازىرلا مېنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ قويۇشتى، — دەپتۇ.

— ئەژدەرھا قاچان كېلىدۇ، — دەپ سوراپتۇ باقى ئۇنىڭدىن.

قىز ئەژدەرھانىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنىڭ بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن باقى قىزنى تاغنىڭ باغرىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئەژدەرھانى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن، ئەتراپنى سېرىق بوران قاپلاپتۇ، ئاندىن قارا بوران چىقىپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ئارقىدىن دەھشەت بىلەن ۋاقىراپ ھەيۋەتلىك ئەژدەرھا يېتىپ كەپتۇ-دە، ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى ئۆزىگە دەم تارتىپتۇ، — باقى ئىككى تەرىپىدە تىغى بار قىلىچنى توغرىسىغا تۇتقىنىچە ئەژدەرھانىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. باقى قىلىچ بىلەن ئەژدەرھانى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە يېرىپ، ئەژدەرھانىڭ ئايىغىدىن چىقىپتۇ. شۇ ھامان ئەژدەرھا ئۆلۈپتۇ. باقى قىزنى ئاتىنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈپ شەھەرگە كىرىپتۇ.

ئەژدەرھا ئۆلتۈرۈلۈپ، قىزنىڭ قۇتقۇزۇلۇپ قېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان پادىشا ئىنتايىن خۇشاللىنىپ، پۈتۈن شەھەر خەلقىگە 40 كېچە-كۈندۈز ئويۇن-تاماشا قىلىپ بېرىپ، قىزنى باقىغا تويلاپ بېرىپتۇ.

باقى بىر ئاخشىمى ئۆيىدە ئولتۇرۇپ تامدىكى بىر رەسىمنى كۆرسىتىپ، خوتۇنىدىن: "بۇ كىمنىڭ رەسىمى؟"، دەپ سوراپتۇ.

— شەھەرنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە بىر يەتتە باشلىق يالماۋۇز بار، — دەپتۇ خوتۇنى، — بۇ رەسىم شۇنىڭ قىزىنىڭ رەسىمى. يالماۋۇز كىمكى مەن بىلەن چېلىشىپ مېنى يىقىتالىسا، مەن

ئۇنىڭغا قىزىمنى بېرىمەن، ئەگەر مېنى يىقىتالمىسا، ئۇنىڭ يېرىنى
مىنى ئىت، يېرىمىنى ئادەمگە ئوخشايدىغان بىر مەخلۇققا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، دەپ جاكالىغان، نۇرغۇن باھادىر يىگىتلەر ئۇنىڭ
قىزىنى ئېلىشقا بارغان بولسىمۇ، ئېكىن يالماۋۇزنى يىقىتالمىدى، —
دەپ سوزلەپ بېرىپتۇ. باقى بۇنى ئاڭلاپ ئەتە بېرىپ يالماۋۇزنى يىقىتىپ، قىزنى ئەكىلىپ ئۇكامنى ئۆيلەپ قويىمەن، —
دەپ ئويلاپتۇ.

ئەتىسى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، پادىشادىن ئوۋغا چىقىمەن دەپ رۇخسەت ئاپتۇ، ئۇدۇل يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ
ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ ئىككىسى ئۇزۇن چېلىشقان بولسىمۇ، ئېكىن
ھېچقايسىسى بىر بىرىنى يىقىتالماپتۇ. ئاخىرى يالماۋۇز مۇنداق
بىر ھىلە ئىشلىتىپتۇ: "ھەي يىگىت، بەك ئۇسساپ كەتتۇق، سۇ
ئىچىۋالايلى" دەپتۇ. ئىككىسى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپتۇ. باقى
سۇنى ناھايىتى كوپ ئىچىپتۇ، يالماۋۇز تۇمشۇقىنى سۇغا تەككۈزۈپ قويۇپ، پەقەت سۇ ئىچمەپتۇ. كېيىن بىر دەمدىلا يالماۋۇز باقىنى يىقىتىپتۇ - دە، باقىنى بىر يالماپ يۇتۇپ چىقارغان
ئىكەن، ئۇ ئادەمىكىن دىسە ئادەمگە ئوخشىمايدىغان، ئىتمىكىن
دىسە ئىتقا ئوخشىمايدىغان بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قاپتۇ.

ساقى باقىنىڭ قىلىچ غىلاۋىغا ھەر كۈنى بىر نۆۋەت قاراپ
قويىدىكەن. بىر كۈنى قارىسا غىلاپ لىقمۇ - لىق قانغا تولۇپتۇ.
ساقى شۇ كۈنىلا باقىنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ. بىر شەھەرگە يېتىپ
بارسا شەھەر خەلقى پادىشانىڭ كۈيوغلى ئوۋدىن قايتىپ كەپتۇ،
دەپ ئۇنى ناھايىتى ھورمەتلەپ ئوردىغا باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ
ئاكام مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ، دەپ
ئويلاپتۇ. ھەتتا ئۇنى پادىشا بىلەن ئاكىسىنىڭ خوتۇنىمۇ پەرق

ئېتەلەيپتۇ. ئاخشىمى ئولتۇرۇپ ئاكىسىنىڭ خوتۇنىدىن تامدىكى كىمنىڭ رەسمى دەپ سوراپتۇ.

— بۇ قېتىم سىز ئۇۋغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا سوزلەپ بەردىمغۇ!؟ دەپتۇ ئاكىسىنىڭ خوتۇنى. ساقى ئۇنىڭغا: ”ئۇنتۇپ قاپتىمەن، قايتا سوزلەپ بەرسىڭىز!“، دەپتۇ. ئاكىسىنىڭ خوتۇنى ئەھۋالنى تەپسىلى سوزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئېھتىمال ئاكام مۇشۇ يالماۋۇزنىڭ ئويىگە بېرىپ، شۇ يەردە بىرەر خەتەرگە يولۇققان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇمۇ پادىشادىن ئۇۋغا چىقىمەن، دەپ رۇخسەت ئېلىپ، يالماۋۇزنىڭ ئويىگە بېرىپتۇ. قارىسا ئاكىسى بۇ يەردە بىلىنىڭ ئۇستى ئادەم، بىلىنىڭ ئاستى ئىتقا ئوخشاش بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانىمىش. ئۇكىسى يالماۋۇز بىلەن چېلىشىپ ئاخىرى ئۇنى يىقىتىپتۇ. يالماۋۇز قىزىنى بېرىپتۇ. ساقى يالماۋۇزغا: ”ئاكامنى ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ بەر!“ دەپتىكەن ئۇنىماپتۇ. ئەسلىدە يالماۋۇز ئادەمنى بىرىنچى قېتىم يۇتۇپ چىقارسا مەخلۇققا ئايلاندۇرىدىكەن، ئىككىنچى قېتىم مەخلۇقنى يەنە يۇتۇپ چىقارسا، ئادەمگە ئايلاندۇرالايدىكەن. ساقى مەجبۇرى يوسۇندا ئاكىسىنى يالماۋۇزغا يۇتتۇرۇپتۇ. لېكىن يالماۋۇز باقىنى يۇتۇۋېلىپ چىقىرىپ بەرمەپتۇ. ساقى ئاخىرى يالماۋۇزنى ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىچكى ئەزايىنى ئاختۇرۇپمۇ ئاكىسىنى تاپالماپتۇ. شۇ ئەسنادا تامدا ئولتۇرغان بىر ئاق قۇچقاچ ”چىمىچىلچاق - چىمچىلچاق“، دەپ سايراپتۇ. ساقى يالماۋۇزنىڭ چىمىچىلچاق پۇتىنى چاقىقان ئىكەن، ئاكىسى شۇ يەردىن چىقىپتۇ. ئاكا - ئۇكا ئىككىسى يالماۋۇزنىڭ قىزىنى ئېلىپ پادىشانىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ. باقىنىڭ خوتۇنى بىر بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككى بىر تۇققاندىن قايسىسى ئوزىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى ئايرى-

ۋالالماپتۇ، دەپ پادىشا ئۈچىنچى ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ ۋە ئوز - ئوزىگە سوئال قويۇپ: "بۇ ئايال ئوزىنىڭ ئېرىنى بىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟" دەپتۇ ۋە ئوز سوئالىغا ئوزى جاۋاپ بېرىپ: "بۇ ئايال بۇ ئىككى بىر تۇققاندىن مېنىڭ ئېرىم قايسىڭلار؟" دەپ سورىسا بولىدۇ دەپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئايال پادىشا ئۈچىنچى قېتىم ئويغىنىپ: خاتالاشتىڭىز، ئايال كىشى ئۇنداق دەپ سوراشتىن ئىزا تارتىدۇ. شۇڭا ئاخشىمى ئىككى يەرگە ئورۇن سېلىپ، بالدۇر ئاشۇ ئايال بىر ئورۇنغا بېرىپ ياتسا، ئۇنىڭ ئېرى قايسى بولسا، شۇ كىشى ئوز خوتۇنىنىڭ قېشىغا بېرىپ ياتىدۇ، دەپ تۈزىتىپتۇ. ئايال پادىشا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

ئايال پادىشانىڭ شەرتى تولۇق ئادا بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشا ئۇنىڭدىن قارا ئاتلىق ۋەزىرنىڭ سىرىنى سوزلەپ بېرىشنى سورىغان ئىكەن.

— مەن سىزنىڭ ھەققەتەن ئادىللىقىڭىزنى بىلەتتىم، — دەپتۇ ئايال پادىشا، — سىز ئادىل بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن مەن سىز بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشنى ئويلاپ، سىزنى مۇشۇ يەرگە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە شۇ ئۇسۇلنى قوللانغان ئىدىم.

پادىشا، ئايال پادىشا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، يەر ئۈستى پادىشالىقىغا قايتىپ چىقىپ يۇرتنى تېخىمۇ ئادىللىق بىلەن سوراپ، ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن ئىكەن.

رەتلىگۈچى: **مەمتىمىن قۇربان** (چىرا ناھىيىسىدىن)

# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن

ئاي يۈزۈڭنى ئايدا كوردۇم كۆندە كورەلمەي،
كۆڭلىرىڭدە كويەدۇرمەن يالغۇز كونەلمەي.
ئايغا باقسام ئاينىڭ يۈزى داققا تولۇپتۇ،
يار دەردىدە بىزنىڭ يۈرەك زەرداپ بولۇپتۇ.
ئېگىز تاققا قار يېغىپتۇ، پەس تاققا يامغۇر،
بىزنىڭ يارلار ئاش ئېتىپتۇ، گوشى يوق چامغۇر.
ياخشى ئاتنى ھايدايدىكەن مۇز داۋان بىلەن،
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن بىر يامان بىلەن.
يامان يولۋاس يولدا يېتىپ شىرغا يول بەرمەس،
ئەل-يۇرتىدىن يۈز ئورىگەن ئىلگىرى كەلمەس.
سۇغا سالسا سۇ كوتەرمەس مىسقال تومۇرنى،
ئالتۇن بىرىپ ئېلىپ بولماس قالغان كوڭۇلنى.
بارغىنىمدا باھار ئىدى يانسام زىمىستان،
مېنىڭ كوڭلۇم كۆن بولارمۇ سەندىن ئايرىلسام.
ئالا قارغا، قارا قارغا سايىنىڭ قارغىسى،
قارا كوزگە مېنىڭ باغرىم قانداق قانغۇسى!
ئاق بوز ئېتىم، كوك بوز ئېتىم يايلىغنى ئۇزات،
بۈگۈن كېچە يار قېشىغا يەتكۈزگىل بوز ئات.

بۇگۈن كېچە يار قېشىغا يەتكۈزسەڭ بوز ئات،
ئەگەر توقۇمنى ئېلىپ قىلۇرمەن ئازات.
سېنى دىدىم، سېنى دىدىم كەچتىم بۇ جاندىن،
يۈرەك باغرىم پارە-پارە كوز يېشىم قاندىن.

ئات ئالساڭلار تاي ئالماڭلار يولغا يۈرمەيدۇ،
چېچى ئۇزۇن قاۋۇل جۇۋان قولغا كەلمەيدۇ.
ئۇ قاتتا سەن بۇ قاتتا مەن، قاچان كورەرمەن؟
ئەزىز باشىم ئامان بولسا بىركۈن سۈيەرمەن.

ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە ئوينىاي دەپ كەلدىم،
ياخشىمىكىن، يامانمىكىن سىناي دەپ كەلدىم.
سىنايمىكىن، سىلايمىكىن بويى تالىمنى،
بويى تالىم بىلەرمىكىن مېنىڭ ھالىمنى؟

بىلسە بىلسۇن ۋاپادارىم مېنىڭ ھالىمنى،
بىر ئوزىگە ئەرز ئېتەرمەن ئاھۇ زارىمنى.
ئاللا يارىم كەڭ يايلاقتا ئوزۈڭ يايلايسەن،
كەڭ يايلاقتا يايلاپ يۈرۈپ كىمنى ئويلايسەن؟

ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن ئويچىمىدىڭ سەن
تاغ باغرىدا يېتىپ قاپسەن، قويچىمىدىڭ سەن؟
قويچى بولساڭ قويلىرىڭنى بىللە باقايلى،
كونا دەريا ئوتكىلىدە بىللە ئاقايلى.

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ مېنىڭ يايرىمنى،
ئەگىز داۋان ئاشتى دەيدۇ يۈكلۈك نارىمنى.
ئەگىز داۋان ئاشمىغىچە مەنزىل كورۈنمەس،
ئۈچقۇر ئاغماق مىنمۇگۈنچە مەيدان كېزىلمەس.

ئالا ئاتنى يوقالتۇرغان ئۇلاق ئاغامچى،
ئەگەر توقۇم يولدا قالدى بىلمەيدە قامچى.
ئەگەر ـ توقۇم قالغان يەردە قامچام قەلىپتۇ،
قىر بېشىدا قارانچۇق بوپ چامچام① قەلىپتۇ.
ئەگىز ـ ئەگىز تاغ بېشىدا چىراق كويەدۇر،
چىراق ئەمەس، يارنىڭ ئوتى يۈرەك كويەدۇر.
ئەگىز ـ ئەگىز تاغ بېشىدىن سىرىلدىم تۇزگە،
قىزىلگۇلنىڭ غۇنچىسىدەك ئېگىلدىم سىزگە.
قىزىلگۇلنىڭ غۇنچىسىدەك كورۇنگەن يايرىم،
قىزىق تونۇر ئاتېشىدەك كويۇنگەن يايرىم.
باراي دىسەم، بارما دەيدۇ مەيلىم ئوزەمنىڭ،
سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن يايرىم ئوزەمنىڭ.
ئەگىز تاقتا چىقماق يايرىم ئۇچۇپ ئولەرسىز،
چىرايلىققا كويمەك يايرىم كويۇپ ئولەرسىز.
ئەگىز ـ ئەگىز بەللەر ئېشىپ پۇتلىرىم تالدى،
يار يولىغا تولا قاراپ كوزلىرىم تالدى.
ئايدىڭ ئاخشام باققا كىرسەم ئالما پىشىپتۇ،
ئالمىلىرىڭ ئوز ـ ئوزىچە يەرگە چۇشۇپتۇ.
يەرگە چۇشكەن ئالمىلاردىن بىر جۇپنى ئالدىم،
قىزىلىنى ساڭا ئاتاپ قوينۇمغا سالدىم.
باغدا پىشقان ئالمىلارنىڭ يايرىغى بولسام،
كوڭۇلدىكى شۇ يارلارنىڭ ئامرىغى بولسام.
ئۇيانمۇ تاغ، بۇيانمۇ تاغ ئېرىمەيدۇ قار،
نىمە بولدى نەچچە ۋاقتىن قارىمايدۇ يار.

① ـــتۇرپان ياكخي شىۋىسىدە "كوينەك" دىگەن سوز.

فارىمىسا، قارىمىسۇن ئۆزۈم قارايمەن،
ۋاپادارلىق ئەقىدەمگە سادىق قالايمەن.
ئادىمگە ۋاپاسىزلىق كاتتا گۇنادۇر،
ۋاپاسىزلار ۋەدىسىدە تۇرماي تانادۇر.
يالغانچىنىڭ ۋەدىسى كوپ ئىشىنىپ كەتمە،
ئىشەنچىڭنى كۈلگە كومۇپ كاۋاپمۇ ئەتمە.
ئەگرى - ئەگرى، كوچىلاردىن كارۋان ئايلىنۇر،
ۋاقتى كەلسە ئۇز تەختىدىن خانمۇ ئايرىلۇر.
قالدىغاچىنىڭ قاناتىدەك قارا قاشلىغىم،
مەجنۇن تالنىڭ نوتىسىدەك سۇمبۇل چاچلىغىم.
سۇمبۇل چېچىڭ يارىشىپتۇ زىلۋا بويۇڭغا،
نىمە بولار مەن غېرىپنى ئالساڭ ئويۇڭغا؟
سىم - سىم ئارىلاپ قارلار ياغدى دەريانى بويلاپ،
يۇرەك باغرىم كاۋاپ بولدى سەن يارنى ئويلاپ.
سىم-سىم دەيدۇ، سىم-سىم دەيدۇ، سىم-سىم قوينۇمدا،
قىلچە گونا مەندە بولسا قىلىچ بوينۇمدا.
سىم - سىم ئارىلاپ يامغۇر ياغدى تاغنىڭ بېشىغا،
يىغلىسىپ قويۇپ ئاران كەلدىم يارنىڭ قېشىغا.
ئالا - يېشىل كورۇنەدۇر ساينىڭ تۇلكىسى،
جاننى ئېلىپ جان بېرەدۇر باينىڭ كۇلكىسى.
كۈلگەنلەرنى كورگىنىمدە كۈلگۈم كېلىدۇ،
جانان بىلەن گىرەلىشىپ يۇرگۇم كېلىدۇ.
تەغدىر ئاللا تەغدىرئاللا تاغنى ياراتتى،
تاغنىڭ ئىچى قاراڭغۇ دەپ ئاينى ياراتتى.



AltunOq

ئايدىڭ ئاخشام ھوزۇرۇڭغا سېغىنىپ باردىم،
ئاق ئالمىنىڭ سايىسىدە ساقلاپمۇ ھاردىم.
ئايمۇ پاتتى كەڭ ئالەمنى قاراڭغۇ باستى،
. قايغۇلارنى مارجان قىلىپ بوينۇمغا ئاستى.
قاراڭغۇ تۈن ئاقىرارمۇ بۇلۇتلار كوچسە،
يارنىڭ ئۆمرى نە بولغۇسى شۇ ھالدا كەچسە.
ئالماس قىلىچ ئالىمغاندا يەردە ياتامدۇ،
پالۋان يىگىت پاخال سېلىپ غەمدە ياتامدۇ!
پالۋان يىگىت، پالۋان يىگىت، قىلىچنى تۇتسۇن،
قىلىچى يوق قورقۇنچاقنى قارا يەر يۇتسۇن.
قارچىغانىڭ بالىسى بار ئالتۇن ئۇۋىدا،
ئۇنى ئەسلا بېقىپ بولماس كۆرەك جۇۋىدا.
قارا-قارا قارچىغانىڭ بالىسى بولسام،
ئورلەپ ئۇچۇپ بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە قونسام.
جان ئالغۇچى ئەزرائىلنىڭ يولدىشى بولسام،
دوستلىرىمغا قەس قىلغانىنىڭ جېنىنى ئالسام.
باقسام-باقسام كورۇنمەيدۇ ئىلىنىڭ تاغى،
شۇنچە يامان بولارمىكىن كۆيۈكنىڭ داغى.
ئىرغاي شېخى ئىغاڭلايدۇ، يەتمەيدۇ يەرگە،
ئىرغاي شېخى قامچا بولسۇن ئات مىنگەن ئەرگە.
ئۆيان ئوتۇپ، بۇيان ئوتۇپ ئالاي كوڭلۇڭنى،
قارچىغانىڭ بالىسىدەك ئىگەي بوينۇڭنى.
ئاللا يارەي، خىيالىمنى ھەر يان باشلايسەن،
كوز قىرىڭدا قاراپ قويۇپ ئوتقا تاشلايسەن.

ئاللا يارەي، خىيالىڭنى بىلىپ بولمايدۇ،
سەنلەر يۇرگەن كوچىلاردا يۇرۇپ بولمايدۇ.
ئاللا يارەي، بىشىڭدىكى مەنچىستىر بوكمۇ؟
سەن ئوينىساڭ مەيلىكەنۇ، بىزگە يول يوقمۇ؟
تۇتما دىسەم تۇتۇۋالدى بىلىگىمدىن يەي،
يارنىڭ ئوتى ئورۇن ئالدى يۇرىگىمدىن يەي.
بەشكىرەمنىڭ باغلىرىنى بىھىش دەيدىكەن،
شۇ بىھىشنىڭ مىۋىسىنى كىملەر يەيدىكەن؟
بىھىش بولسا كىرىۋالسام، چىقمىسام دەيمەن،
جاھانىڭنىڭ جاپاسىنى ئۇقمىسام دەيمەن.
دەرەخ شىخى ئىگىلىدۇ مىۋىسى بولسا،
نوتىلىرى سولاشمىغاي ئىگىسى بولسا.
ئاتنىڭ بىشى ئالتۇن ئىكەن يولغا ماڭغاندا،
ئات قەدرىنى ئەر بىلگۈسى يا يوقالغاندا.
ئىگىز تاغنىڭ سايىلىرى سايىنى تالىشۇر،
ياخشى بىلەن يولداش بولساڭ خويما يارىشۇر.
يىراق بولۇپ، يىقىن بولۇپ، داۋانى يوقتۇر،
مەن يايرىمنى كورۇۋالسام يامانى يوقتۇر.
ئىچسەم، ئىچسەم مەس قىلمايدۇ قالماق بوزاسى،
كىچىككىنە بىر يايرىم بار قوينىڭ قوزاسى.
نىمە دەپ ئىچتىم خام بوزاڭنى، تۇتتى كوكسۇمنى،
زۇلۇم بىلەن ئايرىۋەتتى بوتا كوزۇمنى.
ئارپا، بۇغداي سامانىمنى سەلكىن ئايرىيدۇ،
ئۇرۇق - تۇققان قىرىنداشنى ئولۇم ئايرىيدۇ.

سېنىڭ جانىڭ، مېنىڭ جانىم بىر جان ئەمەسمۇ،
سېنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ جانىم قۇربان ئەمەسمۇ!
زۇلۇم بىلەن ئايرىغانلار زاۋالنى تاپسۇن،
زۇلۇمكارلار قەۋرىسىنى لەنەتلەر ياپسۇن.
ئالتە كەپتەر يەتتە بولۇپ قوندى تېرەككە،
دۈشمەن بىزنى يەتكۈزمىدى ئارزۇ ـ تىلەككە.
سەنمۇ ئادەم، مەنمۇ ئادەم، بىلسەڭ بولامدۇ،
مۇنداق جاننى قىيناغونچە چاپساڭ بولامدۇ؟
مەن ئېتىمنى باغدا دىسەم يۈرۈپتو سايدا،
بىر ئاتىدىن ئالتە ئىدۇق بىرسىمىز قايدا!
ئالتۇنۇم بار، كۈمۈشۈم بار سالسام بىلەككە،
يايرىم ئۆزى دورا بولدى تاڭسام يۈرەككە.
يۈرىگىمنىڭ يارىسى كوپ، دەرمانىم يوقتۇر،
شول يايرىمنى كورۈۋالسام ئارمانىم يوقتۇر.

## مۇڭزار قوشاقلىرى

ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئوتتۇك بىلەن سۇ كېچەر.
ئات بېشىغا كۈن چۈشسە،
يۈگەن بىلەن سۇ ئىچەر.

سېمىز كالا سوغا كىردى،
ئورۇق كالا پېتىققا.
بوغداي نېنى ياققا كىردى،
قوناق نېنى قېتىققا.

ئاق چەكمەنمۇ توقۇيمەن،
كوك چەكمەنمۇ توقۇيمەن.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
شۇڭا غەزەل ئوقۇيمەن.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ.
ئوزەمنىڭ ئانىسى كورسە،
دەردى بار بالام دەيدۇ.

ئاق كەپتەرمۇ ئۇنلەيدۇ،
كوك كەپتەرمۇ ئۇنلەيدۇ.
ھەركىم ھەرنىمە دەيدۇ،
دەرت كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ.

دەرتمەنلەر كېلىپ ئېيتۇر،
ھالىمنى خاراپ ئەتمەك.
ئىچىمگە سېلىپ ئوتنى،
باغرىمنى كاۋاپ ئەتمەك.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
توش ئولاغىمنى تارتماي.
بۇ دەرتلەرنى كىم تارتسۇن،
سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي.

ئات مىندىم ئېگەر بىلەن،
بېشىدا يۈگەن بىلەن.
ئېچىمدە دەردىم تولا،
مەن مۇنداق يۇرگەن بىلەن.

ئېتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يېنىدا كەتتى.
ئۆز يۇرتۇم دېگەن بىلەن،
غېرىپلىق ماڭا يەتتى.

مەن بازارغا بارمىسام،
كۆڭلۈم بازارنى تارتىدۇ.
ئېشىگىم ئورۇق دېسەم،
يوغان تاغارنى ئارتىدۇ.

غېرىپ ئاۋارىدۇر كۆڭلۈم،
بىتايىنلىق ماكان بولماس.
شۇبۇ كۈندە ئۆلۈپ كەتسەم،
خۇنۇم ئەلگە تاۋان بولماس.

ئەل مېنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
كەچ يېتىپ، سەھەر قوپۇپ،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

AltunOq

ئەل مېنى يامان دەيدۇ،
مېنلا كورەمدىكىن ؟
شەردىنى قويۇپ بەرسەم،
كوڭلى خوش بولامدىكىن ؟

كەتسەممۇ كېتەرمەنغۇ،
كوزۇڭدىن يۇتەرمەنغۇ.
ھەر قانچە يامان بولسام،
يادىڭغا يېتەرمەنغۇ.

كېتەي دەيمەن، كېتەي دەيمەن،
كوزۇڭدىن يۇتەي دەيمەن.
ئالدىڭدا خار بولغۇنچە،
يات يۇرتتا ئوتەي دەيمەن.

ئانام مېنى، دادام مېنى،
جاپا ئەمگەك بىلەن باققان.
ئەزىز باشىمنى ياد ئەيلەپ،
مازارلارغا چىراق ياققان.

ئانام بولسا، دادام بولسا،
غېرىپ بولارمىدى باشىم.
غېرىپلىق يۇرتىدا يىغلاپ،
كوزۇمدە قالمىدى ياشىم.

ئانام بارمۇ بۇ شەرىڭدە،
دادام بارمۇ بۇ شەرىڭدە؟
غېرىپلىق ئەسەر قىلدى،
دودىشاڭ كورەلەردە.

تاڭ سەھەر بولماغىچە،
بۇلبۇل چىمەندە سايرىماس.
دەرت ئەلەم كەلمەگىچە،
بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس.

يۇلتۇز يورۇق كورۇنەدۇر،
تۈن قارا بولغانسېرى.
يادىمغا تەگرىم چۈشەدۇر،
بەختىم قارا بولغانسېرى.

دەرت ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالانىڭ بېشىغا.
سايدا تۇگمەن چورگىلەيدۇ،
كوزدىن ئاققان يېشىغا.

هاۋاددىكى بوز تورغاي،
سايرىمىسا نىم بولغاي؟
كىچىككىنە جانىمنى،
قىينىمىسا نىم بولغاي؟

ھاۋادىكى بوز لاچىن،
تور، توزاقتا چۈشەرمۇ؟
ئادەم بالىسى بېشىغا،
مۇنداق كۈنلەر چۈشەرمۇ!

دەريانىڭ بويى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىرلايدۇ.
زالىملارنىڭ دەستىدىن،
يۈرەكلەر جىغىلدايدۇ.

قارا - قارا قارغىلار،
تام ئۈستىدە يورغىلار.
بىز شۇنچە نىمە قىلغان؟
كۈن بەرمەيدۇ دوغىلار.

ئاق قوغۇنمۇ تولاشتى،
كوك قوغۇنمۇ تولاشتى.
خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام،
خوشام يوقلار ئۇلاشتى.

راۋاپ چالسەن ئوزۇم،
يىغلايدۇ قارا كوزۇم.
ئوز يۇرتتا مۇساپىرمەن،
ئوتمەيدۇ مېنىڭ سوزۇم.

ياتلار مېنى ياتلايدۇ،
ھەركىملەرگە داتلايدۇ.
مەن غېرىپنى بوزەكلەپ،
باشلىرىمدىن ئاتلايدۇ.

لاچىن سوققان كەكلىكنىڭ،
جاڭگالدا ئۇۋاسى بار.
بىز غېرىپ مۇساپىرنىڭ،
بۇ يۇرتتا نىمەسى بار؟

كىچىك باللا ئوينايدۇ،
تال - چىۋىقنى ئات ئېتىپ.
مۇساپىر باللا يىغلايدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.

سۇلار شاقىراپ ئاقسا،
تۇگمەننىڭ نۇرى دەيمەن.
بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جېنىم ئانامدىن ئايرىلىپ.

ئانامغۇ ئۇلۇپ كەتكەن،
دادامۇ تاماس قالغان.
ئاتام بىلەن ئانامدىن،
تېڭى يوق پالاس قالغان.

ئانامۇ ئۇلۇپ كەتكەن،
دادامۇ ئۇلۇپ كەتكەن.
بىر تۇققان بولغان بىلەن،
كوڭلى بولۇنۇپ كەتكەن.

بولۇنگەننى بورە يەر،
ئايرىلغاننى ئېيىق يەر.
دىگەن ئىكەن دوستلىرىم،
بىلگەچكە بۇرۇنقىلەر.

ئانام بولسا كورسەم مەن،
دادام بولسا كورسەم مەن.
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ،
ئاياغىدا ئۇلسەم مەن.

سەھەردە ئويغىنادۇرمەن.
ئىلاندەك تولغىنادۇرمەن.
مۇرادىمغا يېتەرمەن دەپ،
ئىگەمگە ئاھ ئۇرادۇرمەن.



Altun Oq

يا ئاتادىن ئېيتماپتۇ،
يا ئانادىن ئېيتماپتۇ.
كېچەش قىلسام كېچەش بولماس،
كېچەشلىك ياردىن ئېيتماپتۇ.

ئەجەپمۇ ياراشىپتۇ،
سىپىل تۇۋىگە خەندەك.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىدا،
ھېچكىم بولمىسۇن مەندەك.

كېتىپ بارىدۇ دەرتمەن،
قولىدا يوغان كەتمەن.
ھالىڭنى ماڭا ئېيتما،
مەن سەندىن يامان دەرتمەن.

ئاتاسى بار، ئاناسى بار،
تاۋاردىن ئەتىۋا باللار.
ئاتاسى يوق، ئاناسى يوق،
كوچادا خارۇ - زار باللار.

دوستلىرىم مەندىن زېرىكتى،
دۇشمىنىم سەنمۇ زېرىك.
بىز ئىشەنگەن تاغ ئارا،
ھەرگىزمۇ ياتماپتۇ كىيىك.

كەيدىم كىپىنەك تونىنى،
گۈلخاندا ياتارمەن دەپ.
ئالدىم يا بىلەن ئوقنى،
دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.

ئەجەپ بولدۇم، ئەجەپ بولدۇم.
ئەجەپ بولغانغا يىغلايمەن.
تۇغۇلۇپ ئوسكەن يۇرتۇمدا،
غېرىپ بولغانغا يىغلايمەن.

مىڭدىن بىرنى ئېيتسام،
تۈگىمەيدۇ مېنىڭ دەردىم.
ئايرىلىپ كېتەي دىسەم،
ئۈزۈلمەيدۇ كوڭۇل رىشتىم.

بىرنەچچە زامان بولدى،
ئالەم چورگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئورگىلەي دەيدۇ.

قىچقىرىپ كەلگەن كاككۇكنىڭ،
ئۈنى هەر جايدا غېرىپ.
كەل كاككۇك ئاشنا بولايلى،
سەن مۇساپىر مەن غېرىپ.

مۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،
بالاغا قالارمەنمۇ.
دەرتلەرنى تولا تارتىپ،
ھالاۋەت كورەرمەنمۇ؟

ھويلاڭدىكى تېرەكنىڭ،
كولگە چۈشتى سايىسى.
ئامبالدىن يامان ئىكەن،
دوغا بىلەن دايىسى.

ئىلىچە تۇماغىڭنى،
قىرلاپمۇ بۇزۇپ ئەتمە.
ئۇلمىسەك كورۈشەرمىز،
ئۇمىتىنى ئۈزۈپ ئەتمە.

دوتار چېلىپ ئولتۇرسام،
خىيالىمغا سەن كەلدىڭ.
دەردىڭ بولسا ئېيت ئەمدى،
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم.

رەتلىگۈچى: **تۇردى سامساق**

"源泉"（丛刊）（维吾尔文）
（1981年第二期）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 15 印张 1插页
1981年12月第1版　1982年 3月第1次印刷
印数：1—20,000

统一书号：M10098·524　定价：0.85元

统一书号：M10098·524
定　　价：　　0.85元

Altunoq